

ژان ژاك روسسو (فرانسىيە)

# ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى

مىللەتلەر نەشرىياتى



Jean-Jacques Rousseau
1712.6.28 — 1778.7.2

ISBN 978-7-105-12125-0
定价：12.00 元



Jean-Jacques Rousseau
1712.6.28 — 1778.7.2

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ژان ژاك روسسو (فىرانسىيە)

# ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى

تەرجىمە قىلغۇچى: سىيىت تىلىۋالدى

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

جەنۋە جۇمھۇرىيىتىگە ............................ 1
مۇقەددىمە ................................... 19
ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى ........ 30
بىرىنچى بۆلۈم ................................. 35
ئىككىنچى بۆلۈم ................................ 88
مۇئەللىپنىڭ ئىزاھى ............................ 142

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com







# جەنۋە جۇمھۇرىيىتىگە

ئالىيجاناب، شانۇشەۋكەتلىك ۋە تەڭداشسىز ھاكىمىيەت ساھىبلىرىغا:

شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمەنكى، ئاق كۆڭۈل پۇقرالارلا ۋەتىنىگە قوبۇلغا لايىق سالام بېرىشكە ھوقۇقلۇق. سىلەرگە ئاشكارا سالام بېرىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئىستىكىدە 30 يىل جەبىرلىك مېھنەت قىلدىم. مانا ھازىر بەختىمگە يارىشا ئاشۇ پۇرسەتكە نائىل بولۇپ، تىرىشچانلىقلىرىمىدىكى يېتىشسىزلىكلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. شۇڭا، ۋەتىنىمگە مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ كەلگەن چىن ئىخلاسىم بىلەنلا سالام بەجا كەلتۈرسەم بولىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا مەندە ئاشۇنداق ھوقۇقنىڭ بار-يوقلۇقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. تەلىيىم ئوڭ كېلىپ، دۇنياغا سىلەر بىلەن تەڭ كۆز ئېچىش ماڭا نېسىپ بولغانىكەن، باراۋەرلىك بىلەن تەڭسىزلىك خۇسۇسىدىكى ئەڭ ئالىي ئىدراك ئۈستىدە كاللا قاتۇرماي، تەبىئەت ئاتا قىلغان باراۋەرلىك بىلەن ئىنسانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلغان تەڭسىزلىكنىلا ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىشىم مۇمكىنمۇ؟! چۈنكى، ئاشۇ ئىدراك جۇمھۇرىيىتىڭلاردىكى باراۋەرلىك بىلەن تەڭسىزلىكنى مۇۋاپىق رەۋىشتە كېلىشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە يۈزلەندۇرۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى يەنە شەخسلەرنىڭ بەخت-سائادىتىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ. ئىنسابنىڭ ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسى ئۈچۈن ئەڭ سەرخىل مىزان تۇرغۇزۇپ بېرەلەيدىغانلىقى





ئۇستىدە ئىزدىنىۋېتىپ، ئاشۇنداق سەرخىل مىزانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكۈمېتىڭلاردا ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى ھاياجان ئىلكىدە بايقىدىم. شۇڭا، گەرچە كىندىك قېنىم شەھىرىڭلەرگە تۆكۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ كارتىنىسىنى ئالدىڭلاردا نامايان قىلىشنى لايىق تاپتىم. چۈنكى، سىلەر دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈمەتنىڭ پايدىسىنى ھەممىدىن جىق كۆرگەن، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ كېتىش خاھىشىنى ھەممىدىن ئوڭۇشلۇق توسىيالىغان كىشىلەر.

ناۋادا كىندىك قېنىم تۆكۈلىدىغان ماكانىنى تاللاش ئىمكانىيىتى بېرىلگەن بولسا، شۇنداق بىر ئەلنى تاللىغان بولار ئىدىم: تېررىتورىيەسى ئانچە كەڭرى بولمىغان ئۇ ماكاندا، كىشىلەرنىڭ قابىلىيىتى ئوبدان ئىدارە قىلغىلى بولىدىغان دائىرىدە چەكلىنىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرى ئىش-مېھنەتتە باراۋەر بولغاچقا، ھېچكىم ئۆزىگە تەئەللۇق مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ يۈرمەيدۇ. بۇنداق ئەلدە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تونۇشىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەيلى رەزىل سۇيىقەست بولسۇن ياكى ئاددىي-ساددىلىقتا دۇملەنگەن ئەزگۈ پەزىل بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاۋامنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ يەردىكى كىشىلەر دىدار مۇلاقات ۋە پىكرى مۇلاقاتقا مايىللىقى بىلەن، ۋەتەن سۆيگۈسىنى قانداقتۇر تۇپراققا ئەمەس، بەلكى ۋەتەنداشلىق رىشتىگە بەخش ئېتەلەيدۇ.

شۇنداق بىر ئەلدە تۇغۇلۇشنى ئۈمىد قىلار ئىدىم: ئۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلار بىلەن ئاۋام-پۇقرا ئىنتىلىدىغان مەنپەئەت پەقەت بىرلا. چۈنكى، ئۇنداق سىياسىي ئاپپاراتنىڭ ھەرقانداق ئەتمىشى ئاۋامنىڭ ئورتاق سائادىتى ئۈچۈن ئەبەدىي بېغىشلانغان، يەنە كېلىپ بۇنى پەقەت ھۆكۈمرانلار بىلەن ئاۋامنىڭ ئىرادىسىنى بىر-بىرىگە سىڭدۈرەلىگەندىلا ئاندىن رويابقا چىقارغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئاقىل، مۆتىدىل ۋە دېموكراتىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىملىقىدىكى ئاشۇنداق ئەلدە



تۇغۇلسام، دەيمەن.

ھۆر ياشاپ، ھۆر كەتسەم، دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. بۇنىڭدا شۇنداق قىلمىقىم زۆرۈركى، قانۇنغا شەرتسىز بويسۇنىمەن؛ مەنلا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەم قانۇننىڭ شانۇشەۋكەتلىك پاسىللىرىنى بۇسەلمەيدۇ. ئۇ شۇنداق مۇلايىم ۋە ئەھمىيەتلىك پاسىلدۇركى، ئەڭ مەغرۇر ئادەممۇ ئۇنىڭغا رايىشانە ئەمەل قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا قانۇندىن باشقا نەرسىنىڭ پاسىل-توساقلىرىغا ئۇچراپ باققان ئەمەس.

ئاشۇ ئەلنىڭ ھەرقانداق پۇقراسى ئۆزىنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى مەنمەنلىك بىلەن جاكارلىمىسىكەن، يات ئەللەرنىڭ ھەرقانداق پۇقراسى ئۇ ئەلنى ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزلۇق قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشقا زورلىمىسىكەن، دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. چۈنكى، بىر دۆلەتتىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىرەر كىشى قانۇنغا بويۇنتاۋلىق قىلسا، باشقىلارمۇ بىلىپ-بىلمەيلا ئۇنىڭ شەيئىلەر ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىگە چىنپۈتۈپ قالىدۇ(A). شۇنىڭدەك، بىرەر ئەلنى شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھۆكۈمران بىلەن يات ئەلدىن كەلگەن ھۆكۈمران بىللە باشقۇرىمەن دېسە، ئۇلار ھوقۇقىنى قانداق بۆلۈشمىسۇن، ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ ئاۋام-پۇقرانى گەپكە كىرگۈزۈپ، ئەلنى ئىدارە قىلمىقى مۇمكىن ئەمەس.

قانۇنلىرى ھەرقانچە مۇكەممەل بولسىمۇ، ئەمما ئەمدىلەتىن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتتە تۇغۇلۇپ قېلىشنى خالىمايدىغانلىقىم ئېنىق. چۈنكى، ئۇنداق ھۆكۈمەتنىڭ جىددىي پەيتلەردە خەتەرگە تاقابىل تۇرالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. مەيلى ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرالارغا كۆنەلمىگەنلىكى سەۋەب بولغان بولسۇن ياكى پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمەتكە كۆنەلمىگەنلىكى سەۋەب بولغان بولسۇن، ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنداق ئەلنى ئاشۇ دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا پالاكەت ياكى ھالاكەت خەۋپىگە ئاسانلا غەرق قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇ يەردە







قەيت قىلىنىۋاتقان ھۆرلۈك گويا قۇۋۋەتلىك، شەربەتلىك ئاش ـ ئوزۇق ۋە مەززىلىك ئۈزۈم شارابىغا ئوخشايدۇ. ئۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئادەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ تېنىگە قۇۋۋەت بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەن ھەم دەرمانسىز كىشىلەر ئۇنى سىڭدۈرەلمەيدۇ ـ دە، ئاخىرقى ھېسابتا جىسمىنى كاردىن چىقىرىۋالىدۇ ياكى مەستانىلىكتە ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. كىشىلەر خوجايىنىغا كۆنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ قىلمىشنى ھەرگىز سادىر قىلمايدۇ. ناۋادا ئاشۇنداق كىشىلەر ئىسكەنجە ـ ئاسارەتلەردىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنسا، ھۆرلۈكتىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھۆرلۈكنىڭ ئەسلىگە مۇخالىپ شالاقلىقنى "ھۆرلۈك" دەپ تونۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆرەشلىرى ئۇلارنى ھېلىقىدەك ئالدامچىلارنىڭ قولىغا بەنت قىلىپ قويىدۇ. يامان يېرى، ئۇنداق ئالدامچىلار ياغلىما گەپلەر بىلەن ئاۋامنى قۇترىتىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇلارنىڭ بوينىغا تېخىمۇ ئېغىر بويۇنتۇرۇقلارنى سېلىۋالىدۇ. ھۆرلەر (自由民)نىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولمىش رىملىقلاردىمۇ tarquhksu خاندانلىقىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى ۋە زۇلۇم ـ سېتەملىرىدىن قۇتۇلغان دەسلەپكى زامانلاردا ئۆزلىرىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى كەمچىل بولۇپ، ئۇلار ئەينى زامانلاردا يېتۈك پاراسەتنىڭ تىزگىنلىشىگە موھتاج بىر توپ نادانلاردىن ئىدى. رىملىقلار ھۆرلۈكنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىشنى ئاستا ـ ئاستا ئۆگەندى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ مۇستەبىتلەرنىڭ زۇلمى ۋەجىدىن ئەسلىنى يوقاتقان ھەم زەئىپانە، ھەم ۋەھشىيانە مەنىۋىيىتى ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە مەردۇمەردانىلىكنىڭ جۇلاسىدا تەدرىجىي يورۇدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى رىملىقلارنى ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل مىللەتكە ئايلاندۇردى. مۇشۇ ۋەجىدىن، مەن ئېلىمنىڭ ھەم بەختىيار، ھەم ئارامخۇدا جۇمھۇرىيەتلەردىن بولۇپ قېلىشىغا ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ شۇنداق جۇمھۇرىيەتكى، ئۇنىڭدىكى كونا چىركىنلەرنىڭ ھەممىسى زامانىنىڭ زۇلمەتلىرىدە ئاللىقاچان غايىب بولغان؛ ئۇ ئەل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com







پۇقرالىرى يولۇققان زىيان ـ زەخمەتلەر دەل ئۇلارنىڭ مەردانىلىكى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكى بىلەن لايىقلاشقان؛ ئۇ ئەل پۇقرالىرى ئۆزىنى ئاقلانە ئىدارە قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكى بىلەن ھۆرلەرلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ھۆرلۈككە ماسلىشالىغۇچىلاردۇر.

مۇنداق بىر ئەلنى ئۆزۈمگە ۋەتەن قىلىپ تاللىسام دەيمەن: ئۇ ــ قۇدرەتلىك ھەربىي قوشۇنغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان بەختىيار ماكان. چۈنكى، ئۇنىڭ دۇنيادىكى باشقا ئەللەرنى ئىستىلا قىلىش قارا نىيىتى يوق. تېخىمۇ تەلەيلىك يېرى شۇكى، ئۇ ئەلنىڭ يەر ـ سۇ ئالاھىدىلىكى ئۇ ئەل پۇقرالىرىنى يات ئەللەر ئىستىلا قىلىۋالارمىكىن، دېگەن ئەندىشىدىن خالاس قىلغان. ئۇ بىر نەچچە دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئەركىن شەھەر. ئۇ دۆلەتلەر ئاشۇ شەھەرگە دەخلى ـ تەرۇز قىلماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇنى يات ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلايدۇ. قىسقىسى، ئۇ قوشنىلىرىدىن ياۋۇزلۇق ئەمەس، بەلكى مەدەت ـ ھىممەت كۆرىدىغان جۇمھۇرىيەت. چۈنكى، يەر ـ سۇ جەھەتتە ئامەتلىك ئۇنداق ئەل ئۆزىدىن كېلىدىغان دەخلى ـ تەرۇزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ، غەم ـ ئەندىشىسىز ئۇخلىسا بولىۋېرىدۇ. مۇبادا ئۇ ئەل پۇقرالىرىنى ھەربىيچە مەشىقلەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۇ قانداقتۇر قوغدىنىش ئېھتىياجىدىن ئەمەس، بەلكى پۇقرالار ئارىسىدا جەسۇرانە روھ ۋە ئالىيجاناب دادىللىقنى يېتىلدۈرۈش ۋەجىدىندۇر. چۈنكى، ئۇنداق جەسۇرانە روھ ۋە ئالىيجاناب دادىللىق بىلەن ھۆرلۈكنى چەمبەرچاس باغلىۋەتكەندە، پۇقرالارنىڭ ھۆرلۈك ئىشقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى پۇقرالارغا تەئەللۇق بولغان ئەلنى ئۆزۈمگە ۋەتەن قىلىپ تاللىسام دەيمەن. چۈنكى، جەمئىيەتكە قانداق قانۇننىڭ لازىملىقىنى ھېچكىم ئاشۇ جەمئىيەتتە ئورتاق ياشايدىغان پۇقرالاردەك ئېنىق بىلمىسە كېرەك. ئەمما، رىملىقلارنىڭكىدەك قانۇنىي ھۆكۈمنى ئاۋام ئورتاق چىقىرىدىغان ئۇسۇلغا قارشىمەن. چۈنكى،





ئۇنداق بولغاندا دۆلەت ئاتىلىرى بىلەن ئاشۇ ئەلنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىگە ھەممىدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان زاتلار ئەلنىڭ ئەمىنلىكىگە ئالاقىدار ئىشلارنى قارارلاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەكسىچە، ئاشۇ ھوقۇقنىڭ بولۇش-بولماسلىقى بىر دۆلەت ئەمىنلىكىنىڭ ئاساسى خالاس. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى نېمىشقا ئاشۇنداق بىمەنە تەدبىر تۈپەيلىدىن ئاددىي پۇقرالىق سالاھىيىتى بىلەن بەھرىلىنىشكە تېگىشلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغۇدەك؟!

ئەكسىچە، شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ۋە رەزىل پىلانلارنى تۈزۈش ئۈيىدىن ۋاز كېچىش ئاقىۋىتىنى ھالاك قىلىدىغان چاغدىكىدەك بالا-قازالىق ئۆزگىرىشلەرنى توسۇش ئۈچۈن مۇنۇلارغا تەشنامەن: ھەرقانداق ئادەم يېڭى قانۇنىدىكى ئىمتىيازلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە كەلسە-كەلمەس ئوتتۇرىغا قويۇۋەرمىسىكەن؛ لايىھە قويۇش ھوقۇقى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغىلا تەئەللۇق بولسىكەن؛ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ ئاشۇ ھوقۇقنى ئېھتىيات بىلەن يۈرگۈزسىكەن؛ پۇقرالارمۇ ئاشۇنداق قانۇنلارنى ئەستايىدىل قوبۇللىسىكەن؛ يېڭى قانۇنلار چىن ئېتىبار بىلەن ئېلان قىلىنسىكەن. شۇنداق بولغاندىلا، ئاساسىي قانۇن دەخلى-تەرۇزغا ئۇچراشتىن ئىلگىرى، ھەربىر ئادەم ئاشۇ مۇقەددەس قانۇنىدىكى يۈكسەك ھۆرمەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلار مابەينىدە ئاران روياپقا چىققانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ھەر كۈنى دېگۈدەك تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغان قانۇنلار ۋە ئىسلاھات باھانىسى بىلەن كونا يوسۇنلارغا ئېتىبارسىز قارايدىغانلار كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلاھات باھانىسى بىلەن كونا يوسۇنلارغا ئېتىبارسىز قارايدىغانلارنىڭ ئەرزىمەس ”ئىسلاھات“لىرى گاھىدا چوڭ چاتاقلارنى تېرىيدۇ.

قىسقىسى، ئوبدان ئىدارە قىلغىلى بولمايدىغان مۇنداق جۇمھۇرىيەتتىن غېيىپىدە تىكئۆەتسەم دەيمەن: ئۇ يەرنىڭ پۇقرالىرى



ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ھاجىتى چۈشمەيدىغانلىقىغا ياكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا قانداقتۇر تۇتۇرۇقى يوق ھوقۇقنى بېرىپ قويۇپ، ئۇلارنى ئەل ئىشنى نادانلارچە باشقۇرغۇزالايدىغانلىقىغا ۋە قانۇننى خالىغانچە ئىجرا قىلغۇزالايدىغانلىقىغا ئىشىندۇ. بۇ — تەبىئەت قويىندىن بىۋاستە تۆرەلگەن ئىپتىدائىي ھۆكۈمەتكە تەئەللۇق چىچىلاڭغۇ تەشكىلات، شۇنداقلا ئافىنا شەھەرىستاننى ھالاك قىلغان سىياسىي نۇقسانلارنىڭ بىرى.

مۇنداق بىر ئەلنى ئۆزۈمگە ۋەتەن قىلىپ تاللىسام دەيمەن: ئۇ يەرنىڭ پۇقرالىرى قانۇن ئاتا قىلغان ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن بەكمۇ مىننەتدار؛ ئۇلار ئەڭ مۇھىم جامائەت ئىشلىرىنى رەھبەرلەرنىڭ تەشەببۇسىغا بىنائەن كوللېكتىپ ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن قارار قىلىدۇ؛ ئۇ ئەلدە جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل سوت مەھكىمىسى تۇرغۇزۇلغان؛ دۆلەتنىڭ چېگرا-پاسسىللىرى ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئايرىلغان؛ ھەر يىلى ئەڭ قابىلىيەتلىك، ئەڭ ھەققانىي كىشى شۇ ئەلدە قانۇن يۈرگۈزۈش، دۆلەت باشقۇرۇشقا سايلىنىدۇ. ئۇنداق جۇمھۇرىيەتتىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى پۇقرالارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەلدىكى ئاۋام-پۇقرا بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىر-بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ. شۇڭا، نېرى-بېرى ئۇقۇشماسلىقلار ئەل-جامائەتنىڭ ئىناقلىقىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قالغان، كىشىلەر ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان چاغدىمۇ، ئۆزئارا سەۋرچانلىق بىلەن ھاي بېرىشنى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئارىسىدا ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرۇيى ئىنتايىن يۇكسەك. شۇڭا، بۇ دەل سەمىمىي-ساداقەت ۋە ئەبەدىي ئۆملۈكنىڭ ئالامىتى، شۇنداقلا كاپالىتىدۇر.

شانۇشەۋكەتلىك ۋە ئەڭ ئالىيجاناب ھاكىمىيەت ساھىبلىرى بىلىپ قالسۇنكى، يۇقىرىقىلار ئۆزۈمگە ۋەتەن تاللىغاندا تىرىشىپ



Discourse on Inequality
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





ئىزدەيدىغان ئارتۇقچىلىقلاردۇر. مۇبادا پەرۋەردىگار ئاشۇ خىلمۇ خىل ئارتۇقچىلىقلارغا يەنە مۇۋاپىق يەر-سۇ، ئىللىق كىلىمات، مۇنبەت تۇپراق ۋە ئالەمدە تەڭداشسىز مەنزىرىنى قوشۇۋەتكەن بولسا، ئاشۇ بەختىيار ۋەتەن قوينىدىكى يۇقىرىقىدەك ئەزگۈلۈكلەردىن بەھرىلىنىپ، ۋەتەنداشلىرىم بىلەن بىرگە ئاشۇ بەختىيار جەمئىيەتتە ئارامخۇدا ياشىغان بولار ئىدىم؛ ئەتىمىش-ئەمەللەردە ۋەتەنداشلىرىمنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىجىل-ئىناق ئۆتۈپ، بارلىق ئىسىل پەزىلەتنى نامايان قىلغان بولار ئىدىم؛ باقىي ئالەمگە "ئاق كۆڭۈل، لىللا، ئەخلاقلىق، ۋەتەنپەرۋەر" دېگەن ئەزگۈ ئاتاق بىلەن كەتكەن بولار ئىدىم.

مۇبادا پېشانەم شور كېلىپ ياكى ئىشنىڭ يولىنى بالدۇرراق بىلىشكە قادىر بولالمىسام، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ دۇنيانىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا چۈشكۈن ۋە كېسەل چىراي ياشاشقا مەجبۇر بولغانلىقىمنى بايقايمەن؛ گەرچە ئۇ يەردە بىمەنە ياشلىقىمدا قولدىن بېرىپ قويغان ئارامخۇدالىق بىلەن خاتىرجەملىكىم ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان يېيىشكە مەجبۇر بولساممۇ، ئەمما مېنى ۋاقتىلىق بولسىمۇ باغرىغا باسقان، ئاشۇ ۋەتەن ئۈچۈن ئىزهار قىلىشقا ئۈلگۈرۈپ بولالمىغان ھېس-تۇيغۇلىرىمنى ئەڭ بولمىغاندا يۈرىكىمنىڭ قېتىدا ساقلايمەن. يىراقتىكى قېرىنداشلىرىمغا بولغان غەرەزسىز مېھرىم مېنى شۇنداق بايانلارغا دالالەت قىلىدۇ:

قانداشلىق ۋە قانۇن ھەممىمىزنى دېگۈدەك چەمبەرچاس باغلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، سۆيۈملۈك ۋەتەنداشلىرىمغا، توغرىراقىنى دېسەم، قېرىنداشلىرىمغا خۇشاللىق بىلەن شۇنداق دېمەكچىمەن: سىلەرنى ھەر قېتىم ئەسكە ئالغان چېغىمدا بەھرىلىنىۋاتقان بەخت-سائادەتلىرىڭلار خىيالىمدىن كەچمەي قالمايدۇ. ئەمما، ئاراڭلاردا ھېچكىم ئاشۇ سائادەتنىڭ قەدرىنى بەختنى ئاللىقاچان قولدىن بېرىپ قويغان مەندەك ھېس قىلىپ يېتەلمىسە كېرەك. ئىجتىمائىي ۋە





سىياسىي قۇرۇلمائلار ئۈستىدە كاللا قاتۇرغانسېرى، سىلەرنىڭ دۇنيادا ئەڭ سەرخىل ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قۇرۇلمىدىن بەھرىمەن ئىكەنلىكىڭلارنى ھېس قىلىمەن. باشقا ھەرقانداق ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىملىقىدىكى تۈزۈلمىدە ئەلنىڭ يېتۈك بەختكە ھۆددە قىلىش خۇسۇسىدىكى ئىشلار، ھە دېسىلا پىلان ياكى تەسەۋۋۇر پېتىچە قالىدۇ؛ كۆپ بولغاندىمۇ ئۇ پەقەت بىر تۈرلۈك مۇمكىنچىلىكلا بولالايدۇ. ئەمما، سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلەردىچۇ؟ سىلەر بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتىڭلەر. شۇڭا، ئاشۇ بەخت ـ سائادەتتىن قانداق قانائەت تېپىشنى بىلىۋالساڭلارلا ئىش تامام، ۋەسسالام. ۋەتىنىڭلەردە ئەلەم كۈچى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلغان مۇستەقىللىق، جاسارەت ۋە پاراسەتنىڭ كۈچى بىلەن ئىككى ئەسىر داۋاملىشىپ، ئاخىر ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپقا نائىل بولدى. ئادىل شەرتنامىلەر چېگرا ـ پاسىللىرىڭلارنى مۇقىملاپ، ھوقۇقىڭلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا ئامان ـ ئېسەنلىكىڭلەرنى مۇستەھكەملىدى. ئاساسىي قانۇنىڭلار ئەڭ ئالىي پاراسەتتىن تۆرەلگەنلىكى، مۇكەممەللىكى شۇنداقلا دوستانە ۋە ئالىيجاناب كۆچلەرنىڭ ھىمايىسىگە نائىللىقى بىلەن مۇكەممەلدۇر. ۋەتىنىڭلەر ئۇرۇش ۋە ئىستېلانىڭ غەم ـ غۇسسىسىدىن خالىيلىقى بىلەن تىنچ ـ ئەمىندۇر. ئېلىڭلاردا قانۇندىن ئۈزگە ھۆكۈمران يوق؛ يەنە كېلىپ ئۆزۈڭلەر تۈزگەن ئاشۇ قانۇننى ئۆزۈڭلار تاللىغان ئادىل ھاكىملار ئىجرا قىلىدۇ. سىلەر باي ـ باياشاتلىقتا پاراغەتنىڭ دەستىدىن مەنىۋى مادارىنى يوقىتىپ قويىدىغان، ياللىراق ئەيش ـ ئىشرەت ۋەجىدىن ھەقىقىي بەخت ۋە ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىنتىلىشنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىدىڭلار. نامراتلىقتا سانائىتىڭلار تەمىنلىگەن مەھسۇلاتلار يېتىشمىگەچكە، يات ئەللەردىن ھىممەت تەمە قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىدىڭلار. چوڭ ئەللەردە بۇنداق تېپىلغۇسىز ھۆرلۈككە ئىنتايىن ئېغىر باج ـ سېلىقلار ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما، سىلەر بۇنىڭغا ھېچقانداق



www.uyghurkitap.com





بەدەلسىزلا نائىل بولالىدىڭلار.

يۇقىرالىرىغا بەخت، باشقا مىللەتلەرگە نەمۇنە يارىتىش ئۈچۈن دانالىق بىلەن قۇرۇپ چىقىلغان جۇمھۇرىيىتىڭلەر ئەبەدىلئەبەد قەد كۆتۈرۈپ تۇرغاي! بۇ — ئۆزۈڭلەرگە ھەمراھ قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ئىستەك شۇنداقلا سىلەرنى ھوشيارلىققا ئۈندەيدىغان بىگانە تىلەك. زىممەڭلەردىكى بىردىنبىر مەسئۇلىيەت قانداقتۇر بەخت يارىتىش ئەمەس، بەلكى سىلەرگە بەخشەندە قىلىنغان ئاشۇ بەخت-سائادەتنى، ئۇنىڭدىن ماھىرانە بەھرىلەنگەن چاغدىكىدەك پاراسەت بىلەن ئەبەدىي ساقلاشتۇر. چۈنكى، ئۇ بەخت-سائادەتنى ئەجدادلىرىڭلار يارىتىپ، سىلەرگە بەخشەندە قىلغان. ئاشۇ بەخت-سائادەتنى ساقلاشقا قادىر بولالامسىلەر-يوق؟ بۇ ئاداققىچە ئۆملىشىش-ئۆملىشەلمەسلىكىڭلەرگە، قانۇنغا بويسۇنۇش-بويسۇنالماسلىقىڭلارغا، قانۇن ئىجراچىلىرىنى ھۆرمەت قىلىش-قىلالماسلىقىڭلارغا باغلىق. ئەگەرچەندە ئاراڭلاردا زەررىچىلىك نىزا ۋە قارشىلىق بولسا، بىلىڭلاركى، ئۇ بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبكارىغا ئايلىنىپ، كۆڭلەرنىڭ بىردە سىلەرنى ۋە ۋەتىنىڭلەرنى ھالاكەتكە جۈنەيدىغان بالا-قازانى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنداق نىزا ۋە قارشىلىقلارنى دەررۇ تۈگەتمىكىڭلەر كېرەك. ھەممىڭلەرگە ئىلتىجاكى، يۈرىكىڭلەرنىڭ قات-قېتىغا شۇڭغۇپ، ۋىجدانىڭلارنىڭ ئۈنسىز ساداسىغا قۇلاق سېلىپ بېقىڭلار. پانىي ئالەمدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىڭلاردىنمۇ ھەققانىي، دانا ۋە ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا ئاراڭلاردا زادى كىم ئىشىنىدۇ؟ ئەجەبا بارلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىڭلار مېھرىبانلىق، ئەخلاق-پەزىلەت، قانۇنغا بولغان ھۆرمەت-ئېھتىرام ۋە ئەڭ ئىخلاسمەن رايىشلىقتا سىلەرگە نەمۇنە بولمىدىمۇ؟! دېمەك، يۈكسەك پەزىلەت ساھىبلىرىغا تەئەللۇق بولمىش پۈتۈك ئىشەنچىڭلەرنى ئاشۇنداق دانا يولباشچىلىرىڭلارغا بېغىشلىغايسىلەر. سەمىڭلەردە بولغايكى، ئۆزۈڭلەر سايلىغان ئاشۇ يولباشچىلىرىڭلار ئۇلارنى تاللاپ توغرا قىلغانلىقىڭلارنى ئىسپاتلىدى.





شۇنىڭدەك، ئاشۇ يولباشچىلىرىڭلار نائىل بولغان شان-شەرەپلەر سىلەرنىمۇ نۇرلاندۇرىدۇ ئەلۋەتتە. ئاراڭلاردا ھېچكىممۇ مۇنداق زاكوننىڭ تىگىگە يېتەلمەيدىغان ھاماقەتلەردىن بولمىسا كېرەك: قانۇننىڭ كۈچى ۋە قانۇن ھىماتچىلىرىنىڭ نوپۇزى قالمىغان ماكاندا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەمىنلىك ۋە ھۆرلۈكتىن ئېغىز ئېچىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزۈڭلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە مەسئۇلىيىتىڭلارغا بىنائەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى يەكدىللىك ۋە تولۇق ئىشەنچ بىلەن بەجا كەلتۈرمەكتىن ئۆزگە يەنە نېمە غېمىڭلەر بولسۇن؟! سىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم شۇكى، ئاساسىي قانۇننى قوغداشقا ئەبەدىي قىزغىن پوزىتسىيە تۇتۇڭلار؛ چۈنكى، ئۇنىڭغا تۇتۇلغان سوغۇق پوزىتسىيە، سىلەرنى قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىكى ئەڭ دانىش، ئەڭ شىجائەتلىك كىشىلەرنىڭ ئاقىلانە تەكلىپلىرىنى ھالقىلىق پەيتتە چۆرۈپ تاشلاشقا كۈشكۈرتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھەم زىيانلىق ھەم ئەيىبكە لايىقتۇر؛ ئىنتىلىشلىرىڭلەرنى ئادىللىق، تەلەپچانلىق ئاساسىدىكى ئەزگۈ ئەخلاق ۋە ھۆرمەتكە لايىق قەيسەر ئىرادە بىلەن ئىدارە قىلىپ، ۋەتەن ۋە ھۆرلۈك ئىشتىياقى كۈچلۈك، مەردانە ۋە كەمتەر مىللەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭلەرنىڭ ئەمەل-ئەتمىشلىرى ئارقىلىق جاھان ئەھلىگە جاكارلاڭلار. سىلەرگە دەيدىغان ئەڭ سەممىي سۆزۈم شۇكى: بەتنىيەتلەرنىڭ بۇرمىلانغان ۋە قەبىھ بايانلىرىغا ئەبەدىي پەرۋا قىلماڭلار، چۈنكى بۇ بۇرمىلانغان، قەبىھ بايانلاردىكى يوشۇرۇن مۇددىئا، ئاشۇ بايانلار روياپقا چىقارغان ئەمەل-ئەتمىشلەردىنمۇ قورقۇنچلۇقتۇر. ھەم سەگەك، ھەم سادىق ئىت ئوغرى-يالغان كەلمىسىلا ئادەتتە ئالدىراپ قاۋىمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىت قاۋىغان ھامان ئىگىسى ئۇنىڭ بۇ ساداسىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قۇلاق سالىدۇ. ئەمما، ئاغزى بېسىقماي قاۋايدىغان ئىتتىن ھەممىلا ئادەم بىزار؛ چۈنكى، ئۇنداق ئىت ھە دېسىلا بىمەزگىل قاۋاپ، ئادەمگە ئارام بەرمەيدىغان بولغاچقا، كىشىلەر بارا-بارا ئۇنىڭ





زۆرۈر پەيتلەردىكى راست ساداسىغىمۇ قۇلاق سالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

شانۇشەۋكەتلىك ۋە ئەڭ ئالىيجاناب ھاكىمىيەت ساھىبلىرى، ھەر جامائەتنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا نائىل ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى: سىلەر ئۇچۇن سەمىمىي ئېھتىرام بەجا كەلتۈرۈشۈمگە ئىجازەت بەرگەيسىلەر. مۇبادا پانىي دۇنيادا ئېرىشكەن كىشىنى شان ـ شەرەپ زىياسىغا چۆمدۈرىدىغان شۇنداق بىر مەرتىۋە بار، دېيىلسە، شۈبھىسىزكى ئۇ مەرتىۋە يېتۈك پاراسەت ۋە ئەزگۈ ئەخلاقىنى شەرت قىلىدۇ. مانا، ئەتىمش ـ ئەمەللىرىڭلار ئاشۇ مەرتىۋىگە لايىق ئىكەنلىكىڭلەرنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا، قېرىنداشلىرىڭلار سىلەرنى ئۆز ھىمايىسى بىلەن ئاشۇ مەرتىۋىگە ساھىب قىلغاندۇر. قېرىنداشلىرىڭلار ياراتقان ئۇتۇقلار سىلەرنىڭ نۇسرەت ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭلەرنى تېخىمۇ جۇلالاندۇردى. سىلەرنى ئۆز ئەركىگە ئۆزى ئىگە كىشىلەر ئۆزىگە ھاكىم قىلىپ سايلىغان. شۇڭا ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمەنكى، گويا ھەر مىللەت پاراسەت ۋە ئىدراكتا باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن تۇرالىغىنىدەك، سىلەرمۇ باشقا ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىسىلەر. مۇھىمى، سىلەر ھۆرلۈككە نائىل ئاشۇ مىللەتكە چەكسىز شەرەپ بىلەن ھاكىملىق قىلىۋاتىسىلەر.

مۇنداق بىر ئىشنى مىسال كەلتۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلىنغاي: ئاشۇ ئىش ھەققىدىكى قەلبىمگە مۆھۈردەك بېسىلغان ئەسلىمىلەر ھەمىشە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ماڭا ھاياتلىق بەخشەندە قىلغان ئاشۇ ئەخلاقلىق پۇقرانىڭ ئۈنى ۋە چېھرىنى ئەسلىگىنىمدە، ئاجايىپ ئىللىق تۇيغۇلار قوينىغا غەرق بولىمەن. بالىلىق چاغلىرىمدا ئۇ ھەمىشە ماڭا سىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى ئۆگەتكەنتى. ئەنە، كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ: ئۇ ئىككى قولىغا تايىنىپ تۇرمۇشنى قامداۋاتىدۇ؛ ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەت بىلەن روھىيىتىنى ئاۋۇندۇرۇۋاتىدۇ. ئەنە، كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ: تاسىتۇس (Tacituc)، پىلۇتاك(Plutack) ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





گىروتىيۇس(Grotius) ھەرقانداق قورال ـ سايماننى ئىشلىتىشكە كامىل پۇقرانىڭ يېنىغا ھازىر بوپتۇ. ئەنە، كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدۇ: ئۇنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى تەڭداشسىز مېھرىبان ئاتىسىنىڭ ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىدىن ئالدىرىماي بەھرىلىنىۋاتىدۇ. بىمەززە ئۆتكەن ياشلىقىمدىكى كۈنلىرىم ئاشۇ ئاقىلانە ئۆگۈتلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تەلىيمگە مۇنداق بىر نۇقتىنى تونۇپ يەتتىم: ئادەم گۈناھقا ھەرقانچە يېقىن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا شەپقەتلىك يۈرەكتىن چىققان تەربىيە سىڭگەنلا بولسا، ئاشۇ تەلىم ـ تەربىيە كۆڭلىدىنىڭ بىرىدە ھامان ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدىكەن.

شانۇشەۋكەتلىك ۋە ئەڭ ئالىيجاناب ھاكىمىيەت ساھىبلىرى: سىلەرنىڭ ھاكىملىقىڭلاردىكى ئەلدە تۇغۇلغان كىشىلەر، ھەرقانچە ئاددىي پۇقرالاردىن بولسىمۇ، ئەنە ئاشۇنداق تەلەيلىك ئادەملەردۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاق ـ قارىنى بىلىدىغان، مەلۇماتلىق كىشىلەر. ئەمما، باشقا ئەللەردە بولغان بولسا، ئۇلار ئورۇنسىز كەمسىتىلگەن، "ئىشچى"، "ئاددىي پۇقرا" دەپ ئايرىلغان بولار ئىدى. ئاتامنىڭ قېرىنداشلىرى ئارىسىدىكى مەشھۇر كىشى بولماستىن، باشقىلارغا ئوخشاشلا ئاددىي پۇقرا ئىكەنلىكىگە خۇشاللىق بىلەن ئىقرارمەن. ئەمما، بۇنداق ئاددىمەتچىلىكنى ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق؛ نۇرغۇن كىشى ئاتام بىلەن مۇلاقاتلاردا بولۇشنى خالايدۇ؛ يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغان ئادەم ھەتتا يۇقىرى تەبىقىدىن بولسىمۇ، ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ. دۇرۇس، بۇ ھەقتە مېنىڭ ئەزۋەيلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما، پەرۋەردىگارغا شۈكۈر ـ سانا بولغاي! شۇنداق بىر نۇقتىدا بەكمۇ روشەنكى، ئۇنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشى بىھاجەت: ئاتامدەك ئېسىل پەزىلەتلىك پۇقرا سىلەرنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىراملىرىڭلارغا لايىق، ئەلۋەتتە. چۈنكى، سىلەر مەيلى تەلىم ـ تەربىيەدە بولسۇن ياكى ھوقۇق ـ مەرتىۋىدە بولسۇن، ھەرقانداق ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىسىلەر؛



ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى ۋە نۇسرەت ـ ئۇتۇقلىرىڭلارغا بىنائەن سىلەرنى ئۆزلىرىگە يولباشچى قىلىپ تاللىدى. يەنە كېلىپ، سىلەرنى ئاجايىپ قەدىرلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا ھەشقاللا ـ تەشەككۈر ياندۇرمىقىڭلار لازىم. سىلەرنىڭ قانۇن ئىجراچىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك سۈر ـ ھەيۋىنى نەقەدەر تەۋازۇلۇق بىلەن چۈشەنگەنلىكىڭلەرنى، ئۇلارنىڭ سىلەرگە بىلدۈرگەن رايىشلىقى ۋە ئېھتىرامىغا نەقەدەر ھۆرمەت ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغانلىقىڭلارنى ئۇقۇپ، خۇشاللىقتا بېشىم كۆككە يەتتى. ھەققانىيەت ۋە ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇنداق ئەزگۈ ئەمەللەر كىشىلەرگە قايتىلانماس بەختسىزلىكلەرنى تەدرىجىي، ئەمما مەڭگۈگە ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئەمەل ـ ئەتىمىشىڭلەر ئاشۇنداق ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغىنى ئۈچۈن، ھوقۇقتا باراۋەر ۋە ھىممەتلىك كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى گويا سىلەرگە ساداقىتىنى بىلدۈرگەن چاغدىكىدەك ئىخلاسمەن خۇشاللىق بىلەن بەجا كەلتۈرىدۇ؛ ئۆز ھوقۇقىغا زىيادە ھېرىسمەن كىشىلەرمۇ، ھوقۇق ـ مەرتىۋەڭلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرەلەيدۇ.

پۇقرالار ئارىسىدا يولباشچىلارنىڭ شان ـ شەرەپ ۋە مەنىۋى سائادەت قۇچۇشى، ئۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس. ئەمما، ناۋادا بەزىلەر ئۆزىنى ۋەتىنىنىڭ تېخىمۇ مۇقەددەس، تېخىمۇ قالتىس ئىگىسى ساناپ، توغرىراقى ئۆزىنى دۆلىتىنىڭ خوجائاكىسى ساناپ، ئاشۇنداق مەغرۇرلۇقنى ئۆزلىرىنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن ۋەتەنگە چىن ئىشتىياق باغلاشنىڭ شەرتى قىلىۋالسا، بۇ ئەلۋەتتە بىھاجەت. ھالبۇكى، سىلەرگە پىكىرلىرىمنى قوللايدىغان مىساللارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، قانۇن دائىرىسىدىكى دىنىي ئەقىدىنىڭ قىزغىن ھىماتچىلىرى ۋە ھۆرمەتكە لايىق دىنىي زاتلارنى ئەڭ سەرخىل پۇقرالىرىمىز قاتارىغا كىرگۈزەلىگەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇرسەنمەن. ئۇلار «ئىنجىل»دىكى ھېكمەت دۇردانىلىرىنى پاساھەتلىك ئىبارىلەر بىلەن كىشىلەر قەلبىگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى







سىڭدۈرگۈچىلەرلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ھېكمەت دۇردانىلىرىگە يوغۇرۇلغان پىكىرلەرنى ئەمەل ـ ئەتمىشلىرىدە ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكۈچىلەردۇر. ۋائىزلىق سەنئىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ جەنۋەدە نەقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەمما، باشقا ئەللەردە كىشىلەر بىراۋنىڭ دېگىنىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشاشمايدىغان ئىللەتلىرىنى ماڭدامدا بىر ئۇچرىتىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ بۇ يەردىكى باستىرلارنىڭ خىرىستىيان روھىغا باي، پاك ۋە ئەخلاقلىق، ئۆزىگە تەلەپچان، باشقىلارغا كەڭ قورساق كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئېھتىمال جەنۋەنى دىنىي قورۇملار (تەشكىلاتلار) بىلەن ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بىرىكتۈرۈشنىڭ سەرخىل ئۈلگىسى دېيىشكە بولار. بۇ دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ھەققىدىكى تىلەك ـ ئارزۇلىرىمنى دىنىي زاتلاردىكى ئەقىل ـ پاراسەت، ھەممىگە ئايان تەلەپچانلىق ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتەن كامالىتىگە ئاتالغان قىزغىنلىقىغا بېغىشلىغۇم بار. ھەيرانلىق ۋە ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىم سىڭگەن خۇشاللىق بىلەن شۇنداق دېمەكچىمەنكى: باستىرلىرىمىز تارىختىكى كۆرۈنۈشتە مەسىھكە ئىخلاس بىلدۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ۋەھشىي كىشىلەر تۈزگەن قورقۇنچلۇق مەسلەك ـ ئەقىدىلەردىن ئۆتە يىرگىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق ۋەھشىيلەر پەرۋەردىگار نوپۇزىنىڭ ھىماتچىلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ تۇرۇپ، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغانلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى قەدىر ـ قىممەتتە تەڭداشسىز ئەتىۋارلىقلار، دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋام ـ پۇقرانىڭ ئىسسىق قېنىنى ئەزەلدىنلا ئەرزىمەس ھېسابلاپ كەلگەن.

جۇمھۇرىيەت نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئايال زاتىنى قانداقسىگە ئۇنتۇپ قالاي؟! ئايال زاتى ئەرلەر بەختىنىڭ كاپالىتىدۇر؛ ئۇلاردىكى لاتاپەت ۋە ھوشيارلىق جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەمىنلىكى ۋە ئەزگۈ ئەخلاققا مەلھەمدۇر. سۆيۈملۈك ۋە پەزىلەتلىك جەنۋە ئاياللىرى! سىلەر ئاياللارنىڭ تەقدىرى ھەممىشە دېگۈدەك بىر





ئەرلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. سىلەر ۋەتەننىڭ شان-شەرىپى ۋە ئەل-جامائەتنىڭ سائادىتى ئۈچۈن، نىكاھنىڭ خاسىيىتى ئاتا قىلغان ساددا كۈچ-قۇدرىتىڭلارنى ئىشقا سالغىنىڭلاردا، بىز ئەرلەر بەخت قوينىدا ياشايمىز. بۇ دەل سپارتا ئاياللىرىغا خاس كۈچ-قۇدرەتتۇر. سىلەرمۇ جەنۋەدە ئاشۇنداق كۈچ-قۇدرەتنى نامايان قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە سىلەر. خىسلەتلىك ئايال زاتىنىڭ ئەزگۈ ئەخلاق ۋە ئەقىل-پاراسەت بىلىش تۇرغان ساداسىغا قايسى بىر ياۋۇز ئەركەك بويۇنتاۋلىق قىلالىسۇن؟ ئاددىي-ساددا بولسىمۇ، ئەمما ۋۇجۇدۇڭلاردىكى نۇر-زىيادىن جۇلالىنىپ، سىلەرنى تېخىمۇ لاتاپەتلىك كۆرسىتىدىغان ئاشۇ ئۇستىباشلىرىڭلارغا زەن قويغانلارنىڭ قايسىبىرى بىمەززە ئەيش-ئىشرەتكە كەمسىتىش نەزەرى بىلەن باقمىسۇن؟ مېنىڭچە، شۇنى بەجا كەلتۈرمىكىڭلەر زۆرۈركى، مېھىر-شەپقىتىڭلەر، پاك ئابرۇيىڭلار ۋە سىرلىق تەسىرچانلىقىڭلار بىلەن بۇ ئەل پۇقرالىرىنىڭ قانۇن ئىشتىياقى ۋە ئىجىللىقىنى قوغدىغايسىلەر؛ ئىناقسىز ئائىلىلەرنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەيسىلەر؛ مۇھىمى، باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا ياقىدىغان مۇلايىم تەلىملىرىڭلەر ۋە كەمتەرلىك بىلىش تۇرىدىغان ئەڭ پاساھەتلىك گەپ-سۆزلىرىڭلەر بىلەن يات ئەل يوسۇنىنى دورىغان بەتخۇي ياشلارنى دۇرۇسلۇققا يېتەكلىگەيسىلەر. چۈنكى، ئۇلار — ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئەسلا ئۆگىنىپ باقمىغانلار. ئۇ ياشلارنىڭ بىلىدىغىنى — ئەخلاقتا چۈشكۈنلەشكەن خوتۇنلاردىن ئۆگىنىۋالغان شالاق گەپلەر بىلەن كۈلكىلىك قىلىقلار، ئىشرەتخورلۇق بىلەن سۆلەتۋازلىق. سۆلەتۋازلىق ئەمەلىيەتتە قۇل مىجەز كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاز-تولا ئاۋۇندۇرىدىغان ئەرمەك. ئۇ ئالىيجانابلارغا خاس ھۆرلۈكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن ئەبەدىي سىغىشالمايدۇ. شۇڭا، سىلەرنىڭ ھازىرقىغا ئوخشاش ئەخلاقىمىزنىڭ مەردانە قوغدىغۇچىلىرى، شۇنداقلا ئەمىنلىكىمىزنىڭ ۋاسىتىچىلىرىدىن بولۇشۇڭلارغا تەشنامەن. پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىڭلەرنى

www.uyghurkitap.com





ئادا قىلىپ، ئەمەل ـ ئەتمىشلىرىڭلەرنى ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئىزچىل لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىنساب ۋە تەبىئىي قانۇنىيەت ئاساسىدىكى ھوقۇقىڭلارنى ئىزچىل ئىشقا سالغايسىلەر!

مەن پۇقرالارنىڭ ئورتاق بەخت ـ سائادىتى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ پەخىرلىك ئۇمىدىنى يۇقىرىقىدەك خىلمۇخىل كاپالەتلەر ئۈستىگە مۇجەسسەملىدىم. يەنە كېلىپ ئەمەلىيەت مەن قويغان ئاشۇ شەرتلەرنى رەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئېيتىشالىنىمەن. دورۇس، جۇمھۇرىيەتنىڭ يۇقىرىقىدەك بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى كۆز قاماشتۇرىدىغان نۇر ـ ئەپشانلاردىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئۇنداق نۇرانىلىقتا بولغان ئەسەبىي ئىشتىياق — گۆدەكلىك ۋە بەختسىزلىكتىن بېشارەت شۇنداقلا بەخت ـ سائادەت ۋە ھۆرلۈكنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. شۇڭا، ئالىقانات ياشلار بىردەملىك شادلىق بىلەن ئۆمۈرلۈك پۇشايماننى باشقا يەردىن ئىزدىگەي! ئۆزلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى چاغلايدىغانلار ھەشەمەتلىك ئوردا ـ ساراي، ئېسىل مەپە، كۆركەم ئۆي جاھازلىرى، داغدۇغىلىق ھەشەم ـ دەرەم ۋە ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا ... دېگەنلەرنىڭ پەيزىنى باشقا جايلارغا بېرىپ سۈرگەي! چۈنكى، جەنۋەدە پەقەت ئاددىي پۇقرالارلا ياشايدۇ. ھالبۇكى، ئاشۇ ئاددىيلىقنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بار ھەمدە ئاشۇ ئاددىيلىقنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەر، باشقا ھەرقانداق نەرسىگە ھەۋەس قىلغانلاردىن كۆپ ھۆرمەتلىكتۇر.

شانۇشەۋكەتلىك ۋە ئەڭ ئالىيجاناب ھاكىمىيەت ساھىبلىرى: ئورتاق بەخت ـ سائادىتىڭلەرگە چىن ئىخلاسىم بىلەن كۆيۈنىمەن، شۇنداقلا كامالىي ئېھتىرام بىلەن ئاتىغان بۇ تىلەكلىرىمنى قوبۇل قىلىشىڭلارغا تەشنامەن. مۇبادا زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىم ۋەجىدىن گەپ ـ سۆزدە كەتكۈزۈپ قويغان بولسام، بۇنى ”ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرنىڭ يۈرىكىدىن بالقىغان يېقىملىق تۇيغۇ، ئۆزىنىڭ بەختىنى ئەمەس، بەلكى ئەل ـ جامائەتنىڭ بەختىنى كۆزلىگەن ئوت يۈرەك

كىشىنىڭ چىن ئىخلاسى" دەپ تونۇپ، مېنى ئەپۇ قىلارسىلەر.

ئالىيجانـــاب، شانۇشـــەۋكەتلىك ۋە تەڭداشـــسىز هـــاكىمىيەت ساھىبلىرى، سىلەرگە ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

ئەڭ ئەرزىمەس، ئەڭ رايىش چاكىرىڭلار ۋە قېرىنىدىشىڭلار:
ژان ژاك روسسو
*Jean-Jacques Rousseau*
1754-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







# مۇقەددىمە

مېنىڭچە بارلىق پەنلەر ئىچىدە ھەممىدىن كېرەكلىك، ئەمما تەرەققىي قىلالمىغىنى ”ئادەم“ ھەققىدىكى بىلىم بولسا كېرەك(B). قاپ يۈرەكلىك بىلەن شۇنى دېمەكچىمەنكى، دېلفى شەھىرى* ئىبادەتخانىسىدىكى يېگانە مەڭگۈ تاشقا ئويۇلغان پەند-نەسىھەت، ئېتىكاشۇناسلارنىڭ ھەرقانداق يىرىك ئەسىرىدىن ۋەزنىلىك ۋە چوڭقۇر بولسا كېرەك. مېنىڭچە، بۇ ئەسىرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى پەلسەپەدىكى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مەسىلىلەردىن، ئەمما يامان يېرى، ئۇ يەنە كېلىپ پەيلاسوپلار ھەل قىلىشقا ئىنتىلىپ كەلگەن ئەڭ مۈشكۈل مەسىلىلەردىن. چۈنكى، مۇبادا ئىنسانىيەت تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى، ئادەمنىڭ ئۆزىنى تولۇق چۈشەنمىگەندە، بۇ ھەقتىكى سوئالغا جاۋاب تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئەت ئادەمنىڭ جىسمىنىمۇ ئۆزگەرتتى. دېمەك، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستىدە ئىزدەنمەي تۇرۇپ، ”ئادەم“نى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىدە پەيدا قىلغان ئۆزگىرىشلەرنى قانداق پەرقلەندۈرگۈلۈك؟ گىروكسنىڭ تاش ھەيكىلى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، دېڭىز سۈيى ۋە بوران-چاپقۇننىڭ ئۇپرىتىشى سەۋەبلىك ئەسلىدىكى ئىلاھ ھالىتىنى يوقىتىپ، قانداقتۇر يىرتقۇچ سىياقىغا كىرىپ

* گىرېتسىيەنىڭ قەدىمىي پايتەختى.

قالغاندەك، ئىنسان روھمۇ سانسىزلىغان كەلمىشلەرنىڭ توختاۋسىز ھەم تەكرار يۈز بېرىشى، ئالەمـﯩشۇمۇل بىلىـم ۋە خاتـا سەپـسەتىلەرنىڭ ئــادەملەر مىڭــسىگە ئورنــىشى، ئادەملەرنــىڭ جــىسمانىيىتى ۋە مەنىۋىيىتىدە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەر ... قاتارلىق ئامىللار ســەۋەبلىك ئادەمنىڭ ئىلگىرىكى سىياقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. جۈملىــدىن، ئەمەل ـ ئەتمىشلىرىمىزدە ئۆز تەبىئىتىدىن قىلچە تايمايــدىغان ئــادەملەر ۋە پەرۋەردىگار ئادەملەرگە ھىمــمەت قىلغــان يۈكــسەك ھەم ئالىيجانــاب ئاددىي ـ ساددىلىق ئىككىنچىلەپ ئۈچرىماس بولۇپ كەتتى. كۆزىمىزگە پۈتلىشىپ يۈرىــدىغنى ســاپلا كــىشىلەر كــۆزىگە ســىڭىپ كەتــكەن شەھۋانىي نەپس ۋە روھىي ئەســەبىيلىك تۈســىنى ئالغــان ئەقىــل ـ پاراسەتنىڭ ساختا توقۇنۇشلىرى، خالاس.

ئەڭ پاجىئەلىــك بولغــىنى شــۇكى، ئىنــسانلاردا بولۇۋاتقــان تەرەققىياتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئەسلىيىتىدىن بەكــلا چەتنىتىۋەتــتى. بىلىمىمىز قانچىكى كۆپەيگەنــسېرى، ”ئــادەم“ ھەققىــدىكى مۇھــىم بىلىملەرگە ئېرىششىنىڭ يولىدىن شــۇنچە مەھــرۇم قالــدۇق. مەلــۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئىنسانىيەت ئۈستىدىكى تەتقىقات جەريانى بىزنى بارا ـ بارا ئىنسانلارنى تېخىمۇ چۈشەنمەس قىلىپ قويدى.

ناۋادا ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ دەسلەپكى مەنبەنى ئىزدەشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئىنــسانلار جــىسمىدىكى ئىنچىل ئۆزگىرىشنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش لازىم. ھەممىمــىزگە ئايــان: ئىنسانلار باباراۋەر. بۇ گويا ھەربىر خىل ھايۋاننىــڭ خىلمــۇ خىــل فىزىيولوگىيەلىــك ئــامىللار ســەۋەب بولغــان تۈرلــۈك ـ تــۈمەن ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرىكى بابــاراۋەر ھــالىتىگە ئوخــشايدۇ. بۇنــداق ئۆزگىرىشنى ھــازىرمۇ بايقىيــالايمىز. ئەمەلىيەتــتە، ئەڭ دەســلەپكى ئۆزگىرىشنىڭ قانداق يۈز بەرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بىرلا ۋاقىتتا، شۇنداقلا ئوخشاش شــەكىلدە ئــادەملەردە كۆرۈلۈۋاتقانلىقىغــا ئىشەنگۈمىز كەلمەيدۇ. جۈملىدىن بەزىلەر خېلى ئــۇزۇن زامــانلارغىچە





ئۆزىنىڭ ئەسلىيىتىنى ساقلىيالىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بەزىلەر ئۆزىگە يات ياخشى ـ يامان خۇسۇسىيەتلەرنى سىڭدۈرۈۋېلىپ، بارا ـ بارا مۇكەممەللىشىپ بېرىۋاتىدۇ ياكى چۈشكۈنلۈك ئىچىدە تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىنسانىيەت تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى دەل مۇشۇ يەردە. ئەمما، ئۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرىنى توپتوغرا دەلىللەش، ئۇ ھەقتىكى نۇقتىئىنەزەرنى يىغىنچاق ئوتتۇرىغا قويغانغا قارىغاندا بەسىي مۇشكۈل.

بۇ يەردە ئۆزۈمچە بايقىماق قىيىن ھېسابلىغان قانداق ئەھۋالاتلارنى بايقىيالىغانلىقىم ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرگە تېپىشماق تاپقۇزۇپ، مەنمەنچىلىك قىلماقچى ئەمەسمەن. مەن پەقەت بەزىبىر پىكىر ـ قاراشلارنى يورۇتۇش بىلەن بىرگە، بىر قىسىم پەرەزلىرىمنى دادىل ئوتتۇرىغا قويدۇم. شۇڭا، مېنى "ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى نېمە؟" دېگەن مەسلىنى ھەل قىلماقچى دېگەندىن كۆرە، ئاشۇ مەسلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىيىتىنى قايتا نامايان قىلماقچى، دېگەن تۈزۈك. باشقىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش تېخىمۇ ئاسان بولسا كېرەك، ئەمما ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىزدىنىشنى ئوڭۇشلۇق بىر باشقا ئېلىپ چىقىش بەسىي مۇشكۈل. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى بىلەن ھازىرقى تەبىئىتىدىكى كىيىن قوشۇلغان ئامىللارنى پەرقلەندۈرەلىشىمىزگە، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتىگە بىمالال ھۆكۈم قىلىشقا لازىملىق ئىشەنچلىك بىلىمنى ئىگىلىيەلىشىمىزگە ئىشەنچىمىز دېگەندەك كامىل ئەمەس. بۇنداق بىلىم ئېھتىمال ئالىلقاچان يوقىلىپ كەتكەندۇ ياكى پەقەتلا مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندۇ ۋە ياكى ئۇنى كىشىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرمىكى كەلگۈسىدىمۇ مۇمكىن ئەمەستۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ساھەدە شەيئىلەرنى ھەقىقىي توغرا كۆزىتىش ئۈچۈن، كۆزىتىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنى ئالدىنئالا ئېنىق بېكىتىۋېلىش لازىم. چۈنكى، بۇنىڭدىكى پەلسەپە كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن خېلىلا كۆپ. بۇ دەۋردىكى







هۆرمەت ـ ئىھتىرامىمىز ئارىستوتىل بىلەن پىلتىپىنىڭكىدىن قىلىشمايدۇ. ئۇلار ئەينى زاماندا ”ئىنسانلار ھەققىدىكى بىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن نېمىلەرنى سىناپ بېقىش كېرەك؟“، ”ئۇنداق سىناقنى جەمئىيەتتە قانداق شەكىلدە يولغا قويۇش كېرەك؟“ دېگەندەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. مەن بۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى ئەمەسمەن. ئەمما، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزگەنلىكىم ئۈچۈن. شۇڭا، ئالدىنئالا مۇنداق ھۆكۈملىيەلەيمەن: بۇنداق سىناققا ئەڭ بۈيۈك پەيلاسوپلارمۇ يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ. بۇنداق تەجرىبىنى ھوقۇقتا تەڭداشسىز ھۆكۈمرانلارمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. ئۇنداقتا ئاشۇ پەيلاسوپلار بىلەن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولارمۇ؟ ئۇتۇقلۇق ھەمكارلىشىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ قايتماس ئىرادە بىلەن ئىش كۆرمىكى لازىم. ئەمما، پەيلاسوپلار بىلەن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇنداق قىلالىشى ناتايىن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقىدىن ئۈمىد كۈتۈش ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. يەنە كېلىپ، ئۇنداق ئورتاق ھەمكارلىقنى پەيلاسوپلار بىلەن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆيۈشۈشى دېگەندىن كۆرە، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ سىڭىشىشى، دېگەن تۈزۈك.

بۇ تەتقىقات ھەقىقەتەن قىيىن بولغاچقا، ھازىرغىچە ئۇنى نەزەرگە ئالالىغانلار يوق دېيەرلىك. ئەمما، بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇلنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئاساس سېلىشقا ئالاقىدار بىلىملەرنى ئىگىلەش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. ئىنسان تەبىئىتىگە ئېتىبارسىز قاراش خاھىشى ئاخىرقى ھېسابتا تەبىئىي ھوقۇق ئۇقۇمىدىكى ئېنىقسىزلىق ۋە مۇجمەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇرلاماكى(Burlamaqui) ئەپەندى مۇنداق دېگەنىكەن: ”ھوقۇق ئۇقۇمى، ھەتتا تەبىئىي ھوقۇق ئۇقۇمى ئىنسان تەبىئىتى بىلەن تەبىئىيلا باغلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، تەبىئەت قانۇنىدىن ئىبارەت بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com







پەننىڭ تۈپكى پرىنسىپلىرىنى ئادەمنىڭ تەبىئىتى، جىسمى ۋە زېھىن-زەكىيسىدىن ئىزدىگۈلۈك.»

مۇشۇ مەسىلىنى مۇتالىئە قىلىپ باققان نۇرغۇن ئالىمنىڭ مودا پىكىرلىرىدە ئورتاقلىقنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغىنىمىزدا، ئۇنىڭدىن ھەيران قالماي، ھەتتا نومۇس قىلماي تۇرالمايمىز. ئەڭ نوپۇزلۇق ئالىملار ئارىسىدىمۇ پىكىرداشلارنى ئاساسەن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. قەدىمكى پەيلاسوپلارنى دېمەيلا قويايلى. ئۇلار ھەتتا مۇھىم «تۈپكى پرىنسىپ»لارنىڭ ھەممىسىدە بىر-بىرىنى رەت قىلغۇچىلاردۇر. رىمنىڭ قانۇن نەزەرىيەچىلىرى ئىنسانلار بىلەن باشقا ھايۋانلارنى بىراقلا تەبىئەت قانۇنىنىڭ رامكىسىغا سالىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە تەبىئەت قانۇنى قانداقتۇر تەبىئەت نازىل قىلغان مىزان ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىي زېمىنسىگە ئېلىنۇۋالغان قائىدە. تېخىمۇ توغرىراقىنى دېسەك، بۇرۇنقى قانۇن نەزەرىيەچىلىرى «قانۇن» كەلىمىسىنى بىر تۈرلۈك پەۋقۇلئاددە قاتلامدىن چۈشەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەنىسىنى «تەبىئەت جانلىق مەۋجۇداتلارغا ئورتاق ھاياتلىقنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىدا شەكىللەندۈرگەن يىغىنچاق مىزاندۇر» دەپ تەبىرلىگەنىدى. ھازىرقى قانۇن نەزەرىيەچىلىرى «قانۇن» كەلىمىسىنى چۈشىنىشتە، ئۇنى پەقەت ئىدراكىي جانلىققىلا يۈزلەندۈرۈپ، «ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە ئەركىن ئىرادىلىك جانلىقلار بىلەن باشقا تۈرداشلار (同类) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت» دەپ تەبىرلەۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، تەبىئەت قانۇنىنىڭ پاسىلى ئىدراكىي ھايۋان بولمىش ئادەم بىلەنلا چەكلەندى. ئەمما، بۇ قانۇن نەزەرىيەچىلىرىنىڭ تەبىئەت قانۇنىنى تەبىرلىگەن چاغدىكى پىكىر-قاراشلىرى خىلمۇخىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۇنداق قانۇن-قائىدىلەرنى مېتافىزىكىلىق پرىنسىپلار ئاساسىغا تۇرغۇزغانلىقى ئۈچۈن، ئارىمىزدا ئۇنى چۈشىنەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز. شۇڭا، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنداق بايقاشلاردىن بەھرىلىنىدىغان ئىش ئاشۇ





قانۇنشۇناسلارنىڭ ئۆزىگە قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئالىملار چۈشەنچىدە ئاداققىچە بىر-بىرىگە نىسپىي قارشى تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تەستە قولغا كەلتۈرگەن ئورتاقلىقى "تەبىئەت قانۇنىنى بۈيۈك نەزەرىيەچىلەر بىلەن تىرەن پىكىرلىك پەيلاسوپلاردىن باشقىلار چۈشىنەلمەيدۇ" دېگەن مەيكۈرىدە ئىپادىلەندى. بۇ ئەمەلىيەتتە "پاراسەتتە تەڭداشسىز كىشىلەرلا تەبىئەت قانۇنىنىڭ تېگىگە يېتەلەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنداق پاراسەت جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىشى داۋامىدا نۇرغۇن جەبىر-زۇلۇملار بەدىلىگە كامال تاپقان؛ شۇڭا، جەمئىيەتتە بۇ مەنزىلگە يېتەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز" دېگەنلىك.

تەبىئەت ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز يوق دېيەرلىك، "قانۇن" كەلىمىسىگە بەرگەن تەبىرلىرىمىز ئاشۇنداق خىلمۇخىل بولغانىكەن، ئۇنداقتا تەبىئەت قانۇنىنى مۇپەسسەل تەبىرلىيەلىشىمىزمۇ بەسى مۈشكۈل، دېگەن گەپ. كىتابلاردىن تاپقان پىكىر-چۈشەنچىلىرىمىز خىلمۇخىللىشىپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، ئۇ قانداقتۇر ئىنسانغا تۇغما بەخشەندە پىكىرلەر ئاساسىدا تاۋلانغانمۇ ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى نۇقسان، ئەلۋەتتە. ئىنسانلار ئىپتىدائىي زېھن-زەكىيسىنى يوقىتىپ قويمىغانلا بولسا، ئالىملار ئىنسانلارغا تېڭىۋاتقان پىكىر-قاراشلارنىڭ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىشى مۇمكىن ئەمەس. نەزەرىيەچىلەر كىشىلەر ئارىسىدىكى جامائەت مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تۇرغۇزۇلغان ۋە كىشىلەر مەنپەئەتىگە پايدىلىق قىياسەن قائىدە-نىزاملار خۇسۇسىدىكى يەكۈنى ئارقىلىق، "تەبىئەت قانۇنى" دېگەن ئاتاقنى ئاشۇنداق جۇغلانغان قائىدە-نىزاملارغا يۈكلىدى. بۇنىڭ بىردىنبىر زاكونى ئاشۇ قائىدە-نىزاملارغا ئومۇميۈزلۈك ئەمەل قىلىنغاندىن كېيىن قازىنىلغان نۇسرەتلەر ئىدى. بۇ ئۇقۇم-چۈشەنچىلەرنى مۇجەسسەملەپ، شەيئىلەر ماھىيىتىنى بىلىۋېلىشنىڭ ئەپلىك ئۇسۇلى، ئەلۋەتتە. ئەمما، ئۇنىڭدا ئۆز بېشىمچىلىق خاھىشى ئازدۇر-كۆپتۇر يوقمۇ ئەمەس.





هالبۇكى، تەبىئىي ئادەمنىڭ ئەقلى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەبىئەتتىن قوبۇللىغان قائىدە ـ قانۇنلىرى ياكى جىسمى ۋە ۋۇجۇدىغا باب كېلىدىغان قائىدە ـ مىزانلىرىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنۇش بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، خالاس. تەبىئەت قانۇنى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز پەقەت مۇنۇلار: تەبىئەت قانۇنى قائىدە ـ قانۇن بولغىنى ئۈچۈن، بويسۇنغۇچىلار ئۇنىڭغا رايىشلىق بىلەن باش ئېگىدۇ؛ ئۇ يەنە كېلىپ ”تەبىئىي“ بولغىنى ئۈچۈن، چوقۇم تەبىئەتتىن بىۋاستە تۇغۇلمىقى شەرت.

ھازىرقى ئىلمىي كىتابلاردا بىزگە ئۆگىتىلگۋاتقىنى ساپلا زامانىۋى ئادەملەرگە ئائىت بىلىملەر. ئەمدى بىز ئۇنداق كىتابلارنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ، ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ ئاددىي ھەرىكىتى ئۈستىدە كاللا قاتۇرۇپ باقايلى. ئىدراكتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولغان مۇنداق ئىككى تۈرلۈك پرىنسىپنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن: بىرىنچى، بىز ئۆزىمىزنىڭ بەختى ۋە ئۆز ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىمىز. ئىككىنچى، باشقا جانلىقلارنىڭ ھالاكەت ۋە ئوقۇبەتكە قېلىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ نەسلداش(同类)لىرىمىزدىن بىرەرسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ياكى ئازابلىق ئىڭرىغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، بىر خىل تەبىئىي بىزارلىق تۇيغۇسى ئۆزلۈكىدىنلا يۈرىكىمىزنى چۇلغايدۇ. مېنىڭچە، تەبىئەت قانۇنىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ـ نىزاملارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك پرىنسىپنىڭ ئورتاق ماسلىشىشى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ(بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپنى يانداپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق). كېيىنرەك ئاپىرىدە بولغان ئىدراك يەنى ئەقلىيلىك تەبىئەت قانۇنىنىڭ قائىدە ـ مىزانلىرىنى باشقا ئامىللار ئاساسىدا قايتا تۇرغۇزۇشنى تەقەززا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىدراكنىڭ ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاخىردا ئىدراك، يەنى ئەقلىيلىك تۇغما تەبىئەتنى ئۇجۇقتۇردى.





قارىغاندا، ئادەمنى ئادەم بولۇشتىن ئىلگىرى پەيلاسوپ بولۇشقا زورلاشنىڭ ھاجىتى قالمىغاندەكمۇ قىلىدۇ. ئادەمنىڭ باشقىلار ئالدىدا مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشى، قانداقتۇر كېيىن قوبۇللىغان ئەقىل-پاراسەتكە دائىر ئۆگۈت-تەربىيەنىڭ شاراپىتى ئەمەس. چۈنكى ئادەم، يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن بالقىپ چىقىۋاتقان ھېسداشلىقنى زورىغا باسمىسىلا، ئۇ ئادەمگىلا ئەمەس، ھەتتا سېزىمى بارلىكى ھەرقانداق جانلىققا ئەبەدىي زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. ئەمما، بەزىبىر ئەقىلگە سىغمايدىغان ئەھۋاللار بۇنىڭ سىرتىدا. مىسالەن، ئۇنىڭ ھاياتى تەھدىتكە يولۇققاندا، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئويلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇلاردىن بىز ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىغا ئۇزۇن زامانلار بولغان ”تەبىئەت قانۇنىنى ھايۋانلارغا تەتبىقلاشقىمۇ بولامدۇ؟“ دېگەن سوئالغا ”يوقسۇ!“ دەپ جاۋاب بېرىمىز. چۈنكى، ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ھايۋانلاردا ئەقىل-پاراسەت ۋە ھۆرلۈك ئېڭى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ تەبىئەت قانۇنىنى تونۇپ يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، ھايۋانلاردىمۇ بىزگە ئوخشاشلا ھېسسىيات بولغىنى ئۈچۈن، تەبىئىي ھوقۇقتىن بەھرىلىنىشكە ھەقلىق، يەنە كېلىپ ئىنسانلار ھايۋانلار ئالدىدا مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشى لازىم. ناۋادا قوشنامغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن بولسام، ئۇ مېنىڭ قانداقتۇر ئىدراكىي ئادەم ئىكەنلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتلىق ئادەم ئىكەنلىكىمدىن بولغان. يەنە كېلىپ بۇ يىرتقۇچلار بىلەن ئىنسانلارغا ئورتاق خۇسۇسىيەت. شۇڭا، يىرتقۇچلارغا ئىنسانلارنىڭ ھېيقماس زۇلمىدىن ساقلىنىش ھوقۇقى بېرىلىشى لازىم.

ئېپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي ئېھتىياجى ۋە ئۇلارغا خاس مەجبۇرىيەتنىڭ تۈپكى پرىنسىپلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتتىمۇ يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلنى قوللىنىشقا موھتاجمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى، سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەسلىي ئاساسى، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا تىركىشىشلىرى ... قاتارلىق





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن مەسلىنى چۆرىدىگەن قىيىنچىلىقنى تۈگىتىشنىڭ بىردىنبىر ئۈنۈملۈك چارىسىدۇر. بۇنداق مەسىلىلەر ھەم كۆپ، ھەم مۇھىم، ھەم مۇجمەل.

سوغۇق قانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئوبيېكتىپ كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە نامايان بولۇۋاتقىنى كۈچلۈكلەرنىڭ زوراۋانلىقى بىلەن ئاجىزلارنىڭ ئېزىلىۋاتقانلىقى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. كۈچلۈكلەرنىڭ شەپقەتسىزلىكىدىن ھەممىمىز نەپرەتلىنىش بىلەن بىرگە ئاجىزلارنىڭ نادانلىقىدىن ھەسرەتلىنىمىز. قارىغاندا، دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى "كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار، بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى"دەك تۇتۇرۇقسىز نەرسە بولمىسا كېرەك. بۇنداق مۇناسىۋەتنى كۆپىنچە ھاللاردا ئەقىل-پاراسەت ئەمەس، بەلكى قىسمەت-مالامەتلەر ئاپىرىدە قىلىدۇ. ئىنسانلار پەيدا قىلغان خىلمۇخىل تۈزۈملەر ئاساسىنىڭ كۆچمە قۇمغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك. دېمەك، ئاشۇ تۈزۈملەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، ئاشۇ تۈزۈملەردىن ئىبارەت ئېگىز بىنانىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى لەيلىمە قۇم ۋە چاڭ-توزانلارنى تازىلىۋېتەلىسەك، ئاندىن ئاشۇ بىنانىڭ مۇستەھكەم ئۇلىنى كۆرەلەيمىز، شۇنداقلا ئاشۇ مۇقەددەس ئۇلغا ھۆرمەت بىلدۈرەلەيمىز. ئەمما، ئىنسانلارنى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي قابىلىيىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كامالەتنى كۆزلىگەن قويۇپ تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئىلاھىي قۇدرەتتىن تۆرەلگەن يارالمىشلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ تېخنىكىسى ئاپىرىدە قىلغان نەرسىلەر ئارىسىدىكى پەرقىنى تاپالىشىمىز ئەبەدىي مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇگۈنكى تەرتىپلىرىمىزدە ئىلاھىي قۇدرەتتىن تۆرەلگەن يارالمىشلارنى ئىنسانلارنىڭ تېخنىكىسى ئاپىرىدە قىلغان نەرسىلەر ئىچىدىن ئىلغاۋاتىمىز. مەن بىرىلىپ تەتقىق قىلغان بۇ مۇھىم مەسىلە تۈرتكىلىكىدىكى سىياسىي ۋە ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلىك ئىزدىنىشلەر قايسىلا جەھەتتىن بولسۇن پايدىلىق؛ مەن بايان قىلغان



هەرقايسى ئەللەرنىڭ هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى تارىخىغا ئائىت ئەھۋاللار، كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا قانداقلا بولمىسۇن، ئۆرنەكلىك ئەهمىيەتكە ئىگە. "بىزنى ئۆز مەيلىڭچە تەبىئىي راۋاجلىنىپ باق، دەپ قويۇۋەتسە نېمىگە ئايلىنىپ كېتەرمىز؟" دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كاللا قاتۇرغىنىمىزدا، بىز تۈزگەن تۈزۈمنى رەھىمدىللىك بىلەن مۇكەممەللەشتۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىغاندا، ئاشۇ تۈزۈم ئىچىگە يوغۇرۇلغان خىلمۇخىل قالايمىقانچىلىقلارنى توسۇپ قالالىغان، شۇنداقلا قارىماققا ئازاب-ئوقۇبەت پەيدا قىلىدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق، بىزگە بەخت-سائادەت ياراتقان كىشى ئۇچۇن قۇت تىلەشنى بىلىشىمىز كېرەك.

*ئىلاھىنىڭ سېنى قانداق ئادەم بولۇش يولىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلگىن؛ ئۆزۈڭنىڭ ئىنسانلار دۇنياسىدىكى ئورنىنى تاپقىن!*

*—— «ساتىرا ئەدەبىياتى» 3-جىلد 71 ~ 73-بەتلەر.*

## دىژون پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ماقالە قوبۇل قىلىش تېمىسى

ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى نېمە؟ بۇ خىل تەڭسىزلىكنى تەبىئەت قانۇنى تونۇمدۇ-يوق؟

## ئىزاھات ھەققىدە

بۇ ماقالىگە بىر قىسىم ئىزاھاتلارنى قوشتۇم. مېنىڭ بىردەملىك ئىلھامىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىشلەپ كېتىدىغان يامان ئادىتىم بار. يەنە كېلىپ بۇ ئىزاھلار بەزىدە ماقالىنىڭ باش تېمىسى بىلەن بەكلا يىراقلىشىپ كەتكەچكە ماقالىنى سۆۋارى ئوقۇشقا تەسىر يەتكۈزۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى







قويىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ماقالىنىڭ ئاخىرىغا بەردىم. ماقالىدە باش تېمىنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاشقا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشتىم. مېنىڭچە، ماقالەمنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشقا شىجائىتى بار ئوقۇرمەنلەر، ئاشۇ ئىزاھلارنى بىر كۆرۈپ چىقىپ، ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالايدۇ. ئەمما، باشقا ئوقۇرمەنلەر ئۇ ئىزاھلارنى ئوقۇمىسىمۇ قىلچە زىيىنى يوق.





# ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى ھەققىدە

بۇ ئەسەردە شەرھلىمەكچى بولغىنىم ئادەم. مەن ھەقىقەتتىن قورقۇپ، سوئال قويۇشقا پېتىنالمايدىغانلاردىن بولمىغىنىم ئۈچۈن، ئۆزۈم مۇتالىئە قىلىۋاتقان مەسىلىلەر شەرھىي بايانلىرىمنى كىشىلەر بىلەن ئورتاقلىشىشقا دالالەت قىلماقتا. شۇڭا، مېنى ئىلھاملاندۇرغان مۆتىۋەرلەر ئالدىدا ئىنساننى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئاقلىماقچىمەن. شەرھىي بايانلىرىم ناۋادا بۇ مۆھاكىمە تېمىسى ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالىسا، بۇنىڭ ئۈچۈن تاغدەك رازى بولغان بولار ئىدىم.

مېنىڭچە، ئىنسانلار ئارىسىدا مۇنداق ئىككى خىل تەڭسىزلىك مەۋجۇت: بىرىنچى خىلىنى ”تەبىئىي تەڭسىزلىك“ ياكى ”فىزىيولوگىيەلىك تەڭسىزلىك“ دەپ ئاتايمىز. بۇ خىل تەڭسىزلىكنى تەبىئەت ئاپىرىدە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئادەملەرنىڭ ياش ـ قۇرامى، سالامەتلىكى، تەن قۇۋۋىتى، ئەقلىيىتى ۋە زېھنى ... قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى خىلىنى ”مەنىۋى ياكى سىياسىي جەھەتتىكى تەڭسىزلىك“ دەپ ئاتايمىز. ئۇ ئادەت ـ يوسۇننى مەنبە قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ بولمىغاندا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى كىشىلەرگە ئايان. بۇ خىل تەڭسىزلىك باي ـ باياشاتلىق، شان ـ شەرەپ ۋە ھوقۇق ـ مەرتىۋە قاتارلىق جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇش، ھەتتا باشقىلارنى بويسۇندۇرۇشتەك كىشىلەرگە ئازار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى







بېرىدىغان ئىمتىيازنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەبىئىي تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسىنى زىغىرلاپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق. چۈنكى، بۇ مەسىلە يۇقىرىقى تەبىرلەرنىڭ خەت مەنىسىدىنلا ئايان. يۇقىرىقى ئىككى خىل تەڭسىزلىك ئارىسىدا ماهىيەتلىك باغلىنىش بارمۇ-يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىپ يۈرۈشنىڭ تېخىمۇ هاجىتى يوق. چۈنكى، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، بۇ "بۇيرۇقۋازلارنىڭ هەممىسى فىزىيولوگىيە جەھەتتە بۇيرۇق ئوبيېكتلىرىدىن مۇقەررەر ئۈستۈن تۇرامدۇ؟ شەخسلەرگە كۆرە ئېيتقاندا، بىراۋنىڭ تەن قۇۋۋىتى، ئەقلىيىتى، قابىلىيىتى ۋە ئەخلاقى ئۇنىڭ هوقۇقى ۋە دەپى-دۇنياسى بىلەن ماسلاشقان بولامدۇ؟" دەپ سورىغان بىلەن باراۋەر. دېمەك، بۇ مەسىلىلەر ئەركىن ئىرادىلىك، ئىدراكىي ئادەمنىڭ هەقىقەت ئىزدەش يولىدا مۇتالىئە قىلىپ يۈرۈشكە پەقەت ماس كەلمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى قۇللار ئارىسىدا قۇلدارلارغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ مۇزاكىرە قىلغۇلۇق.

خوش، ئۇنداق بولسا بۇ ماقالىدە زادى قانداق تېما مۇهاكىمە قىلىنىدۇ؟ بۇ ماقالىدە شەيئىلەرنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى داۋامىدا هوقۇقنىڭ قانداق پۇرسەتتە زوراۋانلىقتىن غالىب كەلگەنلىكى ۋە تەبىئەتنىڭ قانۇنغا بويسۇنغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ؛ زادى قانداق بىر ئالەمشۇمۇل هادىسىنىڭ كۈچلۈكلەرنى ئاجىزلار ئۈچۈن تەر تۆكۈشكە، كىشىلەرنى خىيالەن ئەمەلىيلىك ئۈچۈن ئۆزىنىڭ هەقىقىي بەختىنى قۇربان قىلىشقا دالالەت قىلىدىغانلىقى شەرھلىنىدۇ.

جەمئىيەت ئاساسىنى تەتقىق قىلىپ باققان پەيلاسوپلارنىڭ هەممىسى تەبىئىيلىككە قايتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن هېچكىم ئاشۇ مەنزىلگە ئۇچۇشلۇق يېتەلىگىنى يوق. بەزىلەر ئادىللىق بىلەن ئادالەتسىزلىك هەققىدىكى پىكىر-قاراشلىرىنى هېچ ئىككىلەنمەيلا تەبىئىي هالەتتىكى ئىنسانلارغا يۈكلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ئاشۇنداق پىكىر-

قاراشلارنىڭ زۆرۈر سەۋەبلىرىنى، ھەتتا ئاشۇ پىكىر - قاراشلار ئۇلار ئۈچۈن قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. بەزىلەر تەبىئىي ھوقۇقنى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق نەرسىنى قوغداش ھوقۇقى، دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇلار "ئۆزىگە تەئەللۇق" دېگەن بۇ كەلىمىنىڭ نېمە مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى شەرھلەپ بېرەلمىدى. يەنە بەزىلەر، كۈچلۈكلەرگە ئاجىزلارنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى يۈكلەپ، شۇ ئاساستا ھەش - پەش دېگۈچە "ھۆكۈمەت مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغان" دېگەن ئويغا كەلدى - يۇ، ئەمما "ھوقۇق" بىلەن "ھۆكۈمەت"نىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆز قىممىتىنى تېپىشتىن ئىلگىرى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇساپىسى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىدى. قىسقىسى، بارلىق پەيلاسوپلار جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن ئېھتىياج، نەپسانىيەتچىلىك، ئېزىش - ئېزىلىش، ئارزۇ - ئارمان ۋە مەغرۇرلۇق قاتارلىقلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئۆزلىرىچە تەبىئىي ھالەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالدى. جۈملىدىن، ئۇلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىۋاتقىنى ياۋايىلار بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە مەدەنىيلەرنى تەسۋىرلەشتى. نۇرغۇن پەيلاسوپ تەبىئىي ھالەتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدىن ئەسلا گۇمانلىنىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما «ئىنجىل»دىن تۇنجى ئادەم يارىتىلغان چاغدىلا ئۇنىڭ پەرۋاردىگاردىن ئىدراك بىلەن يوسۇن - تەرتىپنىڭ ئۈچقۇنلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە مۇشەررەپ بولغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ناۋادا بىز خىرىستىيان پەيلاسوپلىرىدەك مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈكلىرىگە ئىشەنسەك، ئۇنداقتا ئىنسانلار تەبىئىيلىككە بىر قىسىم پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەر ۋەجىدىن قايتقان بولمىسىلا، ئۇلارنىڭ توپان بالاسىدىن ئىلگىرى تامامەن تەبىئىي ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. ئەمما، بۇنداق "پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەر ۋەجىدىن تەبىئىيلىككە قايتىش" ئۇقۇمى قارىماققا توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خاتا، يەنە كېلىپ ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com







ئۇقۇم پۇت تىرەپ تۇرالمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئىسپاتلاشمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

شۇڭا، ئۇنداق ھادىسە، پاكىت دېگەنلەر بۇ مەسىلە ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرىمىزگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويساق بولۇۋېرىدۇ. بۇ تەتقىقاتىمىز پەرەز ۋە شەرتلەر ئاساسىدىكى ئەقلىي خۇلاسە بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى تارىخىي رېئاللىق ئۈستىدىكى ئىزدىنىش، دەپ چۈشىنىۋالساق توغرا بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەقلىي خۇلاسىنى شەيئىلەرنىڭ ئەسلىي مەنبەسىنى ئاشكارىلاشقا ئۇيغۇن دېگەندىن كۆرە، شەيئىلەر خاراكتېرىنى شەرھلەشكە ئۇيغۇن، دېگەن تۈزۈك. فىزىكلىرىمىز يەر شارىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى شەرھلەشتىمۇ ئاشۇنداق ئەقلىي خۇلاسىدىن پايدىلانماقتا. دىن بىزنى شۇنىڭغا ئىشەندۈرىدۇ: پەرۋەردىگار ئىنسانلارنى ئەسلىي ھالىتىدىن خالاس قىلغان دەقىقىدىن تارتىپلا، ئىنسانلار ئارىسىدا تەڭسىزلىك بىخلىنىشقا باشلىغان. چۈنكى بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى. ئەمما، دىن بىزنى ئىنسانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، ئىنساننى ئۆز مەيلىچە راۋاجلىنىپ باق، دەپ قويۇۋەتسە، ئاخىر نېمىگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ بېقىشتىن توسمايدۇ. بۇ دەل كىشىلەر جاۋابىغا تەشنا بولۇۋاتقان مەسىلە. شۇنداقلا بۇ ماقالىدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان نۇقتا. بۇ ماقالىدە مۇتالىئە قىلىنىدىغىنى ئىنسانلار ئومۇمىيىتى بولغىنى ئۈچۈن، شەرھىي بايانلىرىمنى بارلىق ئەللەر پۇقرالىرى چۈشىنەلەيدىغان تىل بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشىمەن؛ ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ، پۈتكۈل زېھنىمنى ئۆزۈم بايان قىلماقچى بولغان ”ئىنسان“غا قارىتىمەن، شۇنداقلا ئۆزۈمنى قەدىمىي ئافىنا ئەنجۇمەنلىرىدە سېزىپ، قىياسىمدا ئۇستازلىرىم بەرگەن ساۋاقلارنى ئەپلاتون بىلەن كېسسىنوكلۇتېرنىڭ ئالدىدا يادلايمەن؛ بايانلىرىمنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئاڭلايدۇ.



ئەي ئادەملەر! قايسى ئەلگە تەۋە، قانداق پىكىر ـ قاراشلاردا بولساڭلار بولۇڭلاركى، قۇلاق سېلىڭلار: بۇ ــ ئۆزۈم چىنپۈتىدىغان، شۇنداقلا تەبىئەت قويىندا ئوقۇغان سىلەرنىڭ تارىخىڭلار؛ بۇ تارىخ قېرىنداشلىرىڭلار پۈتكەن ئەسەرلەر ئىچىدىن تېپىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلار. لېكىن، تەبىئەت دۇنياسى بىزنى ئەبەدىي ئالدىمايدۇ. شۇڭا، تەبىئەت قويىنىدىن چىققان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى راست! بۇ ماقالەمدە يالغان نەرسىلەرگە ھەرگىز ئورۇن بەرمەيمەن. ئالىمادىس، بەزىبىر تۇتۇرۇقسىز نەرسىلەرنى غەرەزسىزلا ئارىلاشتۇرۇپ قويسام، ئۇنىڭ يولى باشقا. مۇتىئالىئە قىلماقچى بولۇۋاتقىنىم ئىنتايىن ئۇزاقتا قالغان دەۋر. ئەمما، سىلەر ئاشۇ دەۋر كىشىلىرىگە قارىغاندا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىنسانلاردۇر ـ سىلەر. دېمەك، ھاياتىڭلارنى خۇسۇسىيىتىڭلەرگە بىنائەن تەسۋىرلىمەكچىمەن. ئۇنداق خۇسۇسىيەتلەر سىلەردە ئىلگىرى بار ئىدى. ئەمما، مەدەنىيەت ۋە ئادىتىڭلار ئاشۇ خۇسۇسىيەتلەرنى چىرىتىپ بولدى. شۇنداقتىمۇ، تەلىيىڭلەرگە ئاشۇ خۇسۇسىيەتلەردىن چىرىمەي ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ ئانچە ـ مۇنچە بار ئىكەن. مېنىڭچە، كىشىلەر مۇنداق بىر دەۋردە ئەبەدىي تۇرۇپ قېلىشنى خالايدۇ. بۇ بولسىمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئايرىلىشقا قىمايدىغان دەۋردۇر. بۈگۈنۈڭدىن نارازىسەن. چۈنكى، نۇرغۇن سەۋەبلەردىن بەختسىز ئەۋلادلىرىڭنىڭ تېخىمۇ ئېغىر نارازىلىقتا ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتىڭ. شۇڭا، ئۆتمۈشكە تېزرەك قايتىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانسەن تايىنلىق. بۇ خىل تۇيغۇ سېنى ئەجدادلىرىڭغا ھەمدۇ سانا، زامانداشلىرىڭغا لەنەت شىكايەت ئوقۇپ، شۇم پېشانە ئەۋلادلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان پاجىئەلەر ئۈچۈن ھەسرەت چېكىشكە ئۈندىمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com







# بىرىنچى بۆلۈم

ئادەمنى ئۇنىڭ يارالمىشى نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ياكى تۆرەلمە ھالىتىدىن كۆزىتىش ئىنسانلارنىڭ ئەسلىيىتىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما، مەن ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۇنىڭ ئەزالىرىدا كۆرۈلگەن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلماقچى ئەمەسمەن. شۇڭا، تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى ھالەتكە يەتكەن ئادەمزاتنىڭ، ھايۋانات سىستېمىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى سىياقىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ ئولتۇرمايمەن. شۇنداقلا ئارىستوتىلنىڭ ئويلىغىنىدەك "بۈگۈنكى ئادەملەرنىڭ تىرنىقى دەسلەپتە قۇشنىڭكىدەك ئىلمەك ھالەتتە بولۇشى مۇمكىن!"، "ئادەملەر ئەڭ دەسلەپتە پۈتۈن بەدىنىنى ئېيىقنىڭكىدەك تۈك باسقان، تۆت پۇتلاپ ماڭىدىغان بولغىيمىدى؟(C)"، "كۆزى ئۇدۇل يەرگە قاراپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كۆرۈش دائىرىسى بىر نەچچە قەدەم ئىچىدىلا چەكلىنىپ، ئاخىر ھازىرقىدەك خاراكتېر ۋە ئىدىيەۋى قاراشلاردىكى چەكلىمىلەرگە مەھكۇم بولۇپ قالغان بولغىيمىدى؟" دېگەن مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىپمۇ يۈرمەيمەن؛ پەقەت خىيالىي تەسەۋۋۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان پەرەزلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويىمەن. چۈنكى، سېلىشتۇرما ئاناتومىيەدە ھازىرغىچە قىلچە ئىلگىرىلەش بولمىدى؛ ناتۇرالىست*لارنىڭ كۆزىتىشلىرى ھازىرغىچە مۇجمەل ھالەتتە تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇنى پۇختا دەلىل ئاساسى قىلىشقا مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا، ناۋادا مۇشۇ مەسىلىلەر خۇسۇسىدىكى تەبىئەتتىن

* تەبىئەت تارىخى ئىلمى مۇتەخەسسىسلىرى — تەرجىماندىن





تاشقىرى بىلىملەرگە مۇراجىئەت قىلمىساق ھەم ئىنسانلارنىڭ پۈت-قولىنى ئىجادىي ئىشلىتىش ۋە بىخچە بىمەكلىكلەرنى يېيىش ئارقىلىق جىسمانىي تۈزۈلمىسىدە ھاسىل قىلغان ئۆزگىرىشلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويساق، ئۇ ھالدا مەن ئادەمزاتنى بۇرۇندىن تارتىپلا ھازىرقىدەك ھالەتتە ئىدى، يەنى ھازىرقىدەك ئىككى پۇتلاپ ماڭاتتى، ئىككى قولىنى گويا ھازىرقى ئادەملەردەكلا بىمالال ئىشلىتەلەيتتى، پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىغا تىكىلگەن ئىككى كۆزى بىلەن پايانسىز ئاسماننى كۆزىتەلەيتتى، دەپ پەرەز قىلىمەن.

ناۋادا مەن يۇقىرىقىدەك ھالەتتىكى جانلىقنىڭ جىسمىدىن تەبىئەتتىن ھالقىغان زېھىن-زەكىيىنى، ئۇزاق مەزگىللىك تىرىشچانلىقلىرى بىلەن تاۋلىغان ھاسىلىي قابىلىيەتنى چىقىرىپ تاشلىسام، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى تەبىئەت قوينىدىن ئەمدىلا ئاپىرىدە بولغان قىياپەتتە دەپ ھېسابلىسام، ئۇ چاغدا ئادەمدىن ئىبارەت بۇ مەخلۇقنى بەزىبىر مەخلۇقلاردىن ئاجىز، باشقا مەخلۇقلاردىن گول، ئەمما جىسمانىي تۈزۈلۈشى ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە كۆرىمەن. ئەنە، ئۇ بىر تۈپ دۇپ دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قورسىقىنى توقلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇدۇل كەلگەن بىر دەريانىڭ سۈيى بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردى. شۇنداق، ئۇ ئۆزىگە ئوزۇق بەرگەن ئاشۇ دۇپ دەرىخىنىڭ سايىسىدە ئۇخلايدۇ؛ ئۇ بۇنىڭدىن تاغدەك مەمنۇن.

ناۋادا، ئەسلىدىكى مۇنبەت تۇپراقلار ئۆز پېتى ساقلانغان، پالتا تەگمىگەن بىپايان ئورمانلار يەر شارىنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك قاپلاپ تۇرغان(D) بولسا، يەر شارى كۆللى مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە داستىخان ۋە پاناھگاھ بولغان بولاتتى. ئادەملەر ئەسلىدە ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلار ئارىسىدا تارقاق ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلارنىڭ قىلىقلىرىنى كۆزىتىپ ۋە دوراپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇلارنىڭ تۇغما قابىلىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈردى. ئىنسان مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە: باشقا ھايۋانلار ئۆزىگە خاس قابىلىيەتنى تاۋلاپ بولغان زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھېچقانداق ئىقتىدار ـ قابىلىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا، ئىنسانلار تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۇچار قانات ۋە ھايۋاناتلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى ئۆگەندى، شۇنىڭدەك باشقا ھايۋانلار ئۆزى ئادەتلەنگەن پەۋقۇلئاددە يېمەكلىك بىلەن ئوزۇقلىنىپ يۈرگەن زامانلاردا، ئىنسانلار خىلمۇخىل يېمەكلىكلەر(E)نىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك يېيەلەيدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈپ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ باشقا ھەرقانداق مەخلۇقاتقا سېلىشتۇرغاندا قورساقتىن غەم قىلمايتتى.

ئادەمزات بالا چاغلىرىدىن تارتىپلا خەتەرلىك كىلىمات ۋە ئىنتايىن ناچار پەسىللەردە ياشاشقا، شۇنداقلا جەبىر ـ جاپا چېكىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇ زامانلاردا ئادەملەر ئۆزى ۋە ئۆلجىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن يىرتقۇچلار بىلەن يالىڭاچ ۋە قورۇق قول ئېلىشىشقا، يىرتقۇچلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇلاردىن تېز يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ جىسمىنى ساغلام، ھەتتا يىمىرىلمەس قىلىپ تاۋلىدى. باللارنىڭ تېنىمۇ تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئاتىسىنىڭكىدەك ساغلام بولاتتى، شۇنداقلا ئاتىسىنىڭكىگە ئوخشاش ئۇسۇلدا چىنىقتۇرۇلاتتى. بۇ ھال ئىنسانلارنى ئېرىشكىلى بولىدىغان بارلىق ھاياتىي كۈچتىن بەھرىمەن قىلدى. تەبىئەت ئۇلارغا نىسبەتەن گويا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ باللىرىغا يۈزلەنگەن سىپارتا قانۇنىدەك ئىدى. جۈملىدىن، ساغلام ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتتى ئۇرغۇپ تۇرغان باللار تەمبەل كىشىلەرگە ئايلىنىپ، ئاجىز باللار ئۇدۇللۇق ئۆلۈپ كېتەتتى. بۇ نۇقتا نۆۋەتتىكى جەمئىيىتىمىزدىن پەرقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، جەمئىيىتىمىزدە بالا ئاتىنىڭ يۈكى سانىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بوۋاقلار تۇغۇلۇشىدىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ بىجىرىم ياكى زەئىپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قارا ـ قويۇق ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ.

بەدەۋىلەر(野蛮人)نىڭ تېنى ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قورالى





ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاشۇ قورالدىن تولۇق پايدىلىنىشنى بىلەتتى. ئەمما، جىسمىمىز تاۋلىنىشتىن مەھرۇم قالغانلىقى سەۋەبلىك، ئاشۇ قورالنى تولۇق ئىشقا سېلىشقا قادىر ئەمەسمىز. بەدەۋىلەرنىڭ ھاياتلىق مۇھىتى تەقەززا قىلغان شۇ زامانلاردىكى كۈچ-قۇدرەت ۋە چەبدەسلىك ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە قورال-سايمانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئاللىقاياقلارغا يوقالدى. مىسالەن، بىراۋ بۇرۇنلا پالتا ئىشلەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بېغىشلىرى مەزمۇت دەرەخ شاخلىرىنى ”قارس“سىدە ئۈشتىيالامتى؟ ئۇ ئاللىبۇرۇنلا سالغا* ئىشلىتىشكە كۆنگەن بولسا، شۇنچە ماھىرلىق بىلەن تاش ئاتالامتى؟ ئۇ بۇرۇنلا شوتا ئىشلىتىشنى بىلگەن بولسا، دەرەخكە چەبدەسلىك بىلەن يامىشىپ چىقالامتى؟ ئۇ بۇرۇنلا ئات مىنىشنى بىلىۋالغان بولسا، يەنە ئوقتەك يۈگۈرەلەمتى؟

ناۋادا بىر مەدەنىي ئادەمنىڭ قورال-سايمانلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىشقا رۇخسەت قىلساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قارشى تەرەپتىكى بەدەۋىنى كۈچمەيلا يېڭىۋالالىشىدا گەپ يوق. ئەمما، كۈچ-قۇدرەتتە بەكلا پەرقلىنىدىغان ئىككى ئادەمنى ئاندىن تۇغما ۋە قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق ھالەتتە دۇئېلغا سالساقچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇلاردىن ھەرقانداق تاسادىپىيلىققا تەييارلىقى بار، بارلىق كۈچ-قۇدرىتىنى جىسمىغا مۇجەسسەملىيەلەيدىغان، جىسمىدىكى كۈچ-قۇدرىتىنى تولۇق ئىشقا سالالايدىغان بىرسىنىڭ نەقەدەر ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا بايقايسەن(F).

توماس خوببېس**نىڭ قارىشىچە، ئادەمزات ئەسلىدىنلا قورقۇمسىز بولغاچقا، ھۇجۇم ۋە ئۇرۇشقا ئىنتىلىپلا تۇرىدۇ. ئەمما، يەنە بىر

---

* سالغا (投石器) ئالقانچىلىك پۇختا بۇلغار ياكى تاسمىنىڭ ئىككى ئۇچىغا بىر غولاچ كېلىدىغان مۇستەھكەم شوينا بېكىتىلگەن، يىراققا تاش ئېتىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ــ تەرجىماندىن.

** توماس خوببېس(1588 ~ 1679) ئەنگلىيەلىك سىياسىيشۇناس، پەيلاسوپ، ئەنگلىيە ئىدراكىي (راتسىيونالىستىك) ئەنئەنىسىنىڭ ئاساسچىسى، يېقىنقى دەۋردە تەبىئەت قانۇنى ئاساسىدا دۆلەت توختامى تەلىماتىنى سىستېمىلىق راۋاجلاندۇرغان بۇرژۇئا مەرىپەتچى مۇتەپەككۇر، بەيدۇ تورىدىن ئېلىندى ــ تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


Discourse on Inequality

مەشھۇر پەيلاسوپنىڭ قارىشى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ( كانبىرلاندىرس* ۋە پۇفېندورف**مۇ شۇنداق دەيدۇ): "ئەسلىيەت قويندىكى ئىنسان ھەممىدىن قورقۇنچاق كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرگەن ئەڭ نازۇك سادالار ياكى كۆزىگە چېلىققان ئەڭ ئاجىز شەپىلەرمۇ ئۇنى غال-غال تىترىتىپ، بەدەر تىكىۋېتىشكە ئۈندەيدۇ." ئەسلىيەت قوينىدىكى ئىنسانىنىڭ ناتونۇش شەيئىلەر ئالدىدا ئاشۇنداق قىلىشى ئەلۋەتتە مۇمكىن. شۇنىڭدىن گۇمانلانمايمەنكى، ئەسلىيەت قوينىدىكى ئىنسان غەلىتە ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە، يەنە كېلىپ ئاشۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئاتقىرالماي قالغىنىدا، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ تەن قۇۋۋىتى بىلەن دۇچ كەلگەن خەۋپ-خەتەرنى ئۆزئارا تەڭلەشتۇرۇپ بېقىشقا قادىر بولالمىغان ئەھۋالدا، ھەتتا قورقۇپ ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق ئىش ئەسلىيەت رامكىسىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئەسلىيەت رامكىسىدىكى ھەرقانداق مەۋجۇدىيەت تەرتىپلىك ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، زېمىندىمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى شەھۋانىي نەپس ۋە خاھىشانە ئەمەللەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۇيۇقسىز ۋە ئىزچىل ئۆزگىرىشلەر ئاز ئۇچرايدۇ. يىرتقۇچلار ئارىسىدا تارقاق ياشىغان ئىنسانلار ئاللىبۇرۇنلا ئۆزىنى ئاشۇ يىرتقۇچلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ماھارەتتىكى ئەۋزەللىكى بىلەن جىسمىيەتتە ئۈستۈن تۇرىدىغان يىرتقۇچتىن ھالقىيالايدىغانلىقىنى ھەش-پەش دېگۈچە تونۇپ يېتىپ، ئۇنداق يىرتقۇچتىن قورقمايدىغان بولغانىدى. ناۋادا ئېيىق ياكى بۆرە بىلەن كۈچ-قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، چەبدەس، جەسۇر (بەدەۋىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق) ھەم تاش ۋە پوختا كالتەك بىلەن قوراللانغان بەدەۋى ئېلىشسا، ئىككى تەرەپنىڭ ئوخشاشلا ئاز-

* كانبىرلاندىرس( 1631 ــ 1718) ئەنگلىيەلىك ئېپىسكوپ، «تەبىئەت قانۇنى ئۈستىدە پەلسەپەۋى مۇتالىئە» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى، بەيدۇ توردىن ئېلىندى ــ تەرجىماندىن.

** پۇفېندورف 17-ئەسىرلەردە گېرمانىيەدە ئۆتكەن قانۇنشۇناس، تارىخشۇناس ۋە تەبىئىيەت قانۇنى تەرغىباتىدا داڭ چىقارغان ئالىم، بەيدۇ توردىن ئېلىندى ــ تەرجىماندىن.





تولا خەۋپسىرەيدىغانلىقىنى سېزىسەن. ئاشۇنداق نۇرغۇن توقۇنۇشلار يىرتقۇچلارغا ئىنسانلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ۋەھشىي كېلىدىغانلىقىنى تونۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار گويا نەسلداشلىرىغا چېقىلىشنى خالىمىغاندەك، ئىنسانلارغا ھۇجۇم قىلىشقىمۇ رايى بارمايدۇ. بەزى ھايۋانلارنىڭ كۈچ-قۇدرەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئادەمزاتنىڭ ماھارەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا ئادەمزات ئاجىز ھايۋانلارغا ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇنداق ھايۋانلارنىڭ ھاياتلىقى شۇ ۋەجىدىن ئۆزۈلۈپمۇ قالمايدۇ. ئىنسان شۇنداق ئارتۇقچىلىققا ئىگىكى، ئۇ باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش ئۇچقاندەك يۈگۈرەلەيدۇ؛ ھەرقانداق دەرەخنىڭ ئۈستىدىن پاناھگاھ تېپىپ، شۇ ئارقىلىق بىر قېتىملىق ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلىدۇ ياكى ئېلىششقا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھايۋانلار زىيادە ئېچىرقاپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالمىغانلا بولسا، ئىنسانلار بىلەن ئىستىخىيەلىك ئېلىشمايدۇ. يەنە كېلىپ ھايۋانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئادەمزاتقا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچمۇ ئەمەس. ناۋادا "ئۆچلۈك قىلىدۇ" دېيىلسە، ئۇنىڭغا مەلۇم بىر خىل مەۋجۇدىيەت ئۈستىگە سىڭىپ كەتكەن "پالانى ھايۋاننىڭ ئوزۇقى" دېگەن ئەن سەۋەب بولىدۇ*.

باللىق، قېرىلىق ۋە ئاغرىق-سىزلاق ... دېگەندەك فىزىيولوگىيەلىك ئاجىزلىقلار ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھەم توسقۇنسىز، ھەم قورقۇنچلۇق دۈشمەن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ھەم بىز ئىنسانلاردىكى ئاجىزلىقنىڭ پاجىئەلىك ئىپادىسىدۇر. ئۇلاردىن ئالدىنقى ئىككىسى ھايۋانلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان. كېيىنكىسى ئاساسلىقى ئىنسانىيەتكە تەۋە ئاجىزلىق. چۈنكى، ئادەم جەمئىيەتتە ياشايدۇ.

* قارا تەنلىكلەر ۋە بەدەۋىلەرنىڭ ئورمانلىقلاردا ئۇچراپ قالغان يىرتقۇچلاردىن قورقمايدىغانلىقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. بولۇپمۇ، ۋېنېزۇئېلادىكى كاربىلار(加勒比人) ئاشۇنداق ياشايدۇ. جۈملىدىن ئۇلار ئاشۇنداق ھايات قويندا ئۆزلىرىنى ئارامخۇدا ۋە بىمالال سېزىدۇ. فىرانسوۋا گىرېئېن مۇنداق دېگەنىكەن: "ئۇلار گەرچە ئانىدىن تۇغما، ئوقيادىن ئۆزگە ياراقسىز بولسىمۇ، ئەمما ئورمانلىقلارنى يۈرەكلىك كېزەلەيدۇ، يەنە كېلىپ ھازىرغىچە ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق.



مىسالەن، باللىق مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بايقىشىمچە ئادەمزاتنىڭ ئانىسى بالىسىنى ئۆزى نەگە بارسا شۇ يەرگە ئېلىپ بارالايدۇ ھەم ئۇنىڭ بالىسىنى ئېمىتمىكى باشقا نۇرغۇن ئانا ھايۋاننىڭكىدىن ئاسان. چۈنكى، ئانا ھايۋانلار ھېرىپ- چارچىغىنىغا قارىماي، ھېلى يېمەكلىك ئىزدىسە، ھېلى بالىسىنى ئېمىتىپ ياكى ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئىككى ئارىلىقتا توختىماي قاترايدۇ. دۇرۇس، ئادەمزاتنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بالىسىمۇ ئانىسىنىڭ كەينىدىن ئۆلۈپ كېتىش خەۋپىگە قالىدۇ. ئەمما، بۇ خىل خەۋپ يۈزلىگەن- مىڭلىغان ھايۋان ئۇچۇنمۇ ئورتاق. چۈنكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھايۋانلارنىڭ باللىرىمۇ كىچىك چېغىدا ئۆزى يېمەكلىك تېپىپ يېيەلمەيدۇ. گەرچە ئىنساننىڭ باللىق ۋاقتى ئۇزۇنراق(G) بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆمرىمۇ باشقا ھايۋانلارنىڭكىگە قارىغاندا ئۇزۇن بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق نەرسە بۇ جەھەتتە ئازدۇر- كۆپتۇر باراۋەر بولسا كېرەك. ئۆسۈپ يېتىلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقى ياكى بالىنىڭ ئاز- كۆپلۈكىگە(H) باشقا ئامىللار سەۋەب بولسىمۇ، ئەمما بۇ بىزنىڭ مۇھاكىمە تېمىمىزغا مۇناسىۋەتسىز. قېرىلىق مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئادەمزات قېرىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىش- ھەرىكەت قىلىپ تەر ئاققۇزۇش پۇرسىتى ئازىيىدۇ. يېمەكلىككە بولغان ئېھتىياجى، يېمەكلىككە ئېرىشىش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي سۇسلاپ كېتىدۇ. ئادەمزاتنىڭ بەدەۋىلەرچە ھاياتى ئۇلارنى رېماتىزم ۋە بوغۇم ياللۇغىدىن خالاس قىلغان. ئەمما، ئادەمزات بىقۇۋۋەللىقلىرى ئىچىدە ھەممىدىن يامىنى ـــ قېرىلىق. مىسالەن، بەدەۋىلەردىن بىرەرسى قېرىپ ئۇن- تىنسىز ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنى باشقىلارلا ئەمەس، ھەتتا ئۆز قوۋمدىكىلەرمۇ بىلمەيلا قالىدۇ.

ئاغرىق- سىزلاق مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن ھېلىقىدەك مېدىتسىناغا قارشى تۇتۇرۇقسىز گەپلەرنى تەكرارلىماقچى ئەمەسمەن. يەنە كېلىپ ئۇنداق گەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساغلام ئادەملەرنىڭ



ئاغزىدىن چىققان. ئەمما، مۇنداق يەكۈننى مۇستەھكەم پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولامدۇ-يوق؟ دېگەن نۇقتىنى ئىنقلىماقچىمەن: مېدىتسىنا بەكمۇ ئارقىدا قالغان ئەلدىكى پۇقرالارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى مېدىتسىنا پەنلىرى ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىنىدىغان ئەللەر پۇقرالىرىنىڭكىدىن كوتا كېلىدۇ. ناۋادا ئۆزىمىز پەيدا قىلغان كېسەللىكلەر مېدىتسىنادا داۋالىغىلى بولىدىغان كېسەللىكلەردىن ئارتىپ كەتسە، قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقار؟ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزدىكى تەڭسىزلىك ھەقىقەتەن ئېغىر: مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ كۈنى زىيادە بىكارچىلىقتا ئۆتىدۇ؛ يەنە بەزىلەرنىڭ كۈنى ئۆتە ھارغىنلىقتا. ئىشتىھايىمىز بىلەن ھېس-تۇيغۇمىز ئاسان قوزغىلىپ، ئاسان تۇتۇلىدۇ. دۆلەتمەنلەرنىڭ تۇجۇپىلىك نازۇ نېمەتلىرى ئۇلارنىڭ تېنىگە قۇۋۋەت بېغىشلاش بىلەن بىرگە ئاشقازىنىنى بۇزىدۇ. يوقسۇللار گاھىدا ھەتتا قاتتىق-قۇرۇق يېمەكلىكلەرگىمۇ زار بولۇپ كېتىدىغان بولغاچقا، تويغۇدەك يېيىش پۇرستى كەلگەن چاغلاردا ئاچ كۆزلۈك بىلەن بولۇشىغا يەۋالىدۇ. ئۇيقۇسىز كېچىلەر، چەكتىن ئاشقان بىھۇدە ئىشلار، تىزگىنسىز ھېسسىياتلار، تەننىڭ ھالسىراشلىرى بىلەن روھنىڭ چاڭقاشلىرى، خىلمۇخىل تەبىقىدىكىلەر دۇچ كېلىۋاتقان سان-ساناقسىز ھەسرەت-نادامەت بىلەن غەم-ئەندىشە ئىنسان روھىنىڭ ئەمىنلىكىنى بەربات قىلماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان بەختسىزلىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى، شۇنداقلا ئاشۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋاتقانلىقى، ناۋادا ئاددىي-ساددا، ھەشەمەتسىز ۋە يېگانە ياشىيالىغان بولساق، ئۇنىڭدىن تامامەن ساقلىنالايدىغانلىقىمىزنىڭ جانلىق دەلىلى. ناۋادا تەبىئەت پېشانىمىزگە بېجىرىملىكنى پۈتۈۋەتكەن بولسا، شۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئىنساننىڭ سەۋەنلىكلىرى ئۇستىدە ئويلىنىشى ئەسلىيەتكە مۇخالىپ بولغان بولىدۇ، شۇنداقلا خىيالىي تىرەنلىككە چۆككەن ئادەم چۇشكۈن ھايۋانغا ئايلانغان بولىدۇ. بەدەۋىلەرنىڭ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى







يەنى زەھەردەك شارابلىرىمىز جىسمىنى كاردىن چىقىرىۋەتمىگەن بەدەۋىلەرنىڭ بىجىرىم تېنى خۇسۇسىدا ئىزدەنگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ جاراھەتلىنىش ۋە قېرىلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەرقانداق ئاغرىق-سىزلاقتىن خالىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. شۇنىڭدەك، مەدەنىي جەمئىيەت تارىخىنى بويلاپ ماڭساقلا، ئىنسانلارنىڭ كېسەللىك تارىخىنى بىزىپ چىقالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمىز. ئەپلاتون بوداللىرى بىلەن ماكاۋىن تىرۇۋا(Truva) شەھىرى قورشاۋدا قالغان چاغدا ئىشلەتكەن ياكى تەرپىلگەن دورىلار ئاساسىدا: ”ئاشۇ دورىلار پەيدا قىلىدىغان خىلمۇخىل كېسەللىكلەر ئەينى زامان كىشىلىرىگە يات ئىدى“* دېگەن يەكۈننى چىقارغانىكەن.

ئەسلىيەت قوينىدىكى ئادەملەر ئارىسىدا ئاغرىق-سىزلاقنىڭ مەنبەسى يوق دېيەرلىك ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇلار ئۈچۈن دورا-دەرمەك بىلەن ھەكىم-تېۋىپ ئاساسەن بىھاجەت، دېگەن گەپ. قىسقىسى، ئىنسانلار بۇ جەھەتتە باشقا ھايۋانلاردىن قېلىشمايدۇ. بۇ نۇقتىنى بىز ئوۋچىلارنىڭ ئورمانلىقلاردا يارىدار ھايۋانلارنى ئۇچراتقان-ئۇچراتمىغانلىقىغا قاراپلا ئىسپاتلىيالايمىز. ئوۋچىلار ئېغىر يارىلانغان جۇملىدىن سۆڭىكى سۇنغان، ھەتتا مۇچىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئالللىقاچان سەللىمازا ساقايغان ھايۋانلارنى جىق ئۇچراتقان. شۈبھىسىزكى، ئۇ ھايۋانلارنىڭ يارىلىرى قانداقتۇر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ھىممىتى بىلەن ئەمەس، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، باشقا پەرۋىش-كۈتۈنۈشلەر بىلەن ئەمەس، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەرىكەت-چېلىشلار بىلەن ساقايغان، ئەلۋەتتە. ئۇ تەلەيلىكلەر ئوپېراتسىيەنىڭ جەبىر-ئازابلىرى، دورا-دەرمەكلەرنىڭ زەھەرلىرى ۋە ”گالنى يېغىش“نىڭ زىيان-زەخمەتلىرىگە ئۇچرىماي تۇرۇپمۇ، يارا-شىراقلىرىنى سەللىمازا ساقايتىشقا مۇشەررەپ بولالىدى.

* پاراسىللىرس: ”ئاز تاماق يېيىش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىنى يۇنانلىق مەشھۇر ھەكىم ئىپوكرات ئىختىرا قىلغان؛ ئۇ ئۇسۇل ھازىرقى كىشىلەر ئۇچۇنمۇ ئىنتايىن زۆرۈردۇر“ دېگەنىكەن.





قىسقىسى، ئېسىل دورا ـ دەرمەكلەر بىز ئۈچۈن ئاجايىپ شىپالىق. ئەمما كېيىپ ئېيتالايمىزكى، بىتابلانغان بەدەۋىلەر تەبىئەتتىن ئۆزگە ھېچنېمىگە ئۈمىد باغلىمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ كېسەللىك ـ بىتابلىقتىن باشقا ھېچنېمىدىن غېمى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تېنىنى بىزنىڭكىدىن بېجىرىم قىلغان.

شۇڭا، ماقالىمىزدە قەيت قىلىنىۋاتقان "بەدەۋىلەر"نى كۆز ئالدىمىزدىكى ئادەملەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. تەبىئەت ئۆز ھىمايىسىدىكى ھايۋانلارنى كۆيۈم بىلەن باغرىغا باسىدۇ. بۇ خىل كۆيۈمنى ھەتتا تەبىئەتنىڭ ئۆز قوينىدىكى بارلىق ھايۋانلارغا ھەممەت يەتكۈزۈش ھوقۇقىنى قانچىلىق قەدىرلەيدىغانلىقىنىڭ نامايەندىسى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئورمانلىقلاردا ياشايدىغان ئات، مۈشۈك، بۇقا، ئېشەك ... قاتارلىق جان ـ جانىۋارلارنىڭ كۆپ قىسمى، ھەتتا ھەممىسى دېگۈدەك جىسمىي قۇۋۋەت، زېھنىي قۇدرەت ۋە غەيرەت ـ شىجائەت ... قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆيدە باققان ھايۋانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، بىز ئاشۇ ھايۋانلاردىكى ئەزەلىي ئەۋزەللىكلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنى، ئۇلارنى قولغا كۆندۈرۈش داۋامىدا بەربات قىلىپ تۈگەتتۇق. ئىشقىلىپ ئادەملەر ئاشۇ ھايۋانلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنى بېقىش داۋامىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنىڭ نەسلىنى چېكىندۈرۈۋەتكەنلىكىنى تەن ئېلىشماقتا. بۇ نۇقتىنى ئىنسانلارغا تەتبىقلاشقىمۇ بولىدۇ. جۈملىدىن ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئادەم ۋە قۇلغا ئايلىنىش داۋامىدا بارا ـ بارا زەئىپلىشىپ ۋە جاسارىتىنى يوقىتىپ، ئاخىر تەسلىمچى بولۇپ كەتتى، يەنى تۇرمۇشتىكى بوشاڭلىق ۋە مىسكىنلىق ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە غەيرەت ـ جاسارىتىنى بەربات قىلىۋەتتى. يەنە كېلىپ تەبىئەت ئىنسانلار بىلەن يىرتقۇچلارغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولغاچقا، بەدەۋىلەر بىلەن ھازىرقى مەدەنىيلەر(文明人) ئارىسىدىكى پەرق ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئۆي ھايۋانلىرى ئارىسىدىكى پەرقتىن خېلىلا چوڭكېيىپ





كەتتى. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئۆزگە يەتكۈزۈۋاتقان ھەممەت ـ شەپقىتى ئۆي ھايۋانلىرىغا قىلىۋاتقان ساخاۋىتىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. ئىنسانلار نەسلىنىڭ تېخىمۇ روشەن چېكىنىۋاتقانلىقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان كىيىم ـ كېچەك، ئىسسىق ئۆي ... دېگەندەك نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىش ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن "ئاھ" سىنىپ كەتكۈدەك بەختسىزلىكلەردىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك يۇقىرىقى جەھەتلەردىكى يوقسۇزلۇق ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قوغدىنىشىغا ئانچە بەك دەخلى يەتكۈزۈپمۇ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ تېنىنى تۈك بېسىپ كەتمىگەنلىكى، ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىكى ھاۋا كىلىماتىدا تۈك ـ مويلارغا ئورنىسىپ يۈرۈش زۆرۈر تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ناۋادا ئۇلار سوغۇق رايونلاردا ياشىغان بولسا ئىدى، ئۆزلىرى ئۆۋلىغان ئېيىقنىڭ تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ كىيىۋېلىشنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان بولاتتى. مۇبادا ئۇلار ئەزەلدىن ئىككى پۇتى بىلەن يۈگۈرۈشكىلا ئادەتلەنگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئىككى قولى ئۆزىنى قوغداش ۋە تۇرلۇك ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان بولاتتى. باللىرىنىڭ ئايىغى تەستىرەك چىقسىمۇ ھەمدە بىمالال ماڭالمىسىمۇ، ئەمما ئانىلىرىنىڭ باللىرىنى ئېلىپ يۈرمىكى ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنى بۇ جەھەتتە باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە، دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، يىرتقۇچلارغا دۈچ كېلىپ قالغان چىشى ھايۋانلار، ئادەتتە باللىرىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاستا ماڭىدىغان گەپ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئەمدى تىلغا ئېلىنىدىغان تېپىلغۇسىز ۋە تاسادىپەن ئەھۋالاتلارنى (ئۇنداق ئەھۋالاتلار ئەسلا كۆرۈلۈپ باقماسلىقىمۇ مۇمكىن) نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتسەك، كۆز ئالدىمىزدا ئۆزگە كىيىم تىكىپ، ئۆي ياسىغان تۇنجى ئادەم نامايان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە كىيىم بىلەن ئۆي





ئاشۇ ئادەم ئۇچۇن ئىنتايىن لازىملىق نەرسىلەردىنمۇ ئەمەس، خالاس. چۈنكى، ئاشۇ ئادەم ئىلگىرى ئاشۇ نەرسىلەرسىزمۇ ئوخشاشلا جان ساقلىيالىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز يەنە، ئاشۇ ئادەمنىڭ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن باللىقىدا چىدىغان جەبىرلىك تۇرمۇشقا ئەمدىلىكتە پايلىماس بولۇپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتقانلىقىمىزنى بايقايمىز.

ھەمىشە خەۋپ-خەتەرگە ئۇچراپ تۇرىدىغان غېرىبانە ۋە بىكارچى بەدەۋىلەرنىڭ ئۇيقۇغا ئامراق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش ھە دېسىلا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق. يەنە كېلىپ، بەدەۋىلەر ناھايىتى ئاز پىكىر يۈرگۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئوي-پىكىردىن خالىي چاغلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بەدەۋىلەر ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى — ئامان-ئېسەن كۈن ئېلىش. ئۇلاردىكى ئەڭ يېتۈك قابىلىيەت*نىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە قوغدىنىشنى نىشان قىلغان ئىقتىدار ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇنداق ئىقتىدار ئۇلارنى بىر بولسا ھايۋانلارنى ئولجا ئېلىشقا نېسىپ قىلىدۇ؛ بىر بولسا باشقا ھايۋانلارغا يەم بولۇپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلاردىكى ھۇزۇر ۋە شەھۋەت تۇيغۇسىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئويغىنىدىغان ئەزالار ئىپتىدائىي ھالەتتە بولۇپ، ئازراقمۇ يېتىلمىگەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ بەش ئەزاسىنىڭ تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان مۇنداق ئىككى خىل ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بايقاش مۇمكىن: ئۇلارنىڭ تەن سېزىمى بىلەن تەم سېزىمى ناھايىتى گال؛ ئەمما كۆزى، قۇلىقى ۋە بۇرنى زىيادە سەزگۈر كېلىدۇ. بۇنىڭ ھايۋانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك تۈپكى ھالەت ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك مۇتلەق كۆپ ساندىكى بەدەۋىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق بولىدىغانلىقى

* بۇ مەسىلە خۇسۇسىدا باشقىچىرەك مىسال ئېلىش مۇمكىن. يەنى نىكاراگۇئادا ئۆزى تۈلكىگە، پۇتى ئادەمنىڭ قولىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ھايۋان بارمىش. كوررېرا(柯勒阿)نىڭ خاتىرىلىشىچە، ئۇ ھايۋاننىڭ قورسىقىنىڭ ئاستى تەرىپىدە خالتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەزاسى بولۇپ، قېچىشقا توغرا كەلگەندە بالىسىنى ئاشۇ خالتىغا سېلىپلا يۈگۈرەيدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







سەيياھلارنىڭ پۈتۈكلىرىدىن ئايان. شۇڭا، كۆزى ئۆتكۈر خوتتېنتوتلار*نىڭ گوللاندىيەلىكلەر دۇربۇن بىلەن ئاران ئىلغا قىلالايدىغان دېڭىزدىكى كېمىلەرنى مۇنداق قاراپلا پەرق ئېتەلەيدىغانلىقىغا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بەدەۋىلەرنىڭ ئىسپانلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى گويا ئوۋ ئىتلىرىدەك پۇراپ بىلىۋالالايدىغانلىقىغا، بەزىبىر زىيادە ياۋايى مىللەتلەرنىڭ قىپيالىڭاچ يۈرسىمۇ قىلچە بىئارام بولمايدىغانلىقىغا، مۇچ بىلەن تەم سەزگۈسىنى غىدىقلايدىغانلىقىغا شۇنداقلا ياۋروپالىقلارنىڭ زەھەردەك هاراقلىرىنى گويا سۇ ئىچكەندەك ئىچەلەيدىغانلىقىغا ھەيران قالمايمىز.

ھازىرغىچە بىز ئىنسانلارنى فىزىيولوگىيە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ باقتۇق. ئەمدى مېتافىزىكا ۋە ئېتىكا نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ باقايلى.

نەزەرىمدە ھەرقانداق ھايۋان سەرخىل ياسالغان ماشىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تەبىئەت ھايۋانلارنىڭ خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشى ۋە جانغا تىكىلىپ كەلگەن ياكى دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن قوغدىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىر قىسىم سەزگۈ ئەزالارنى ھەممەت قىلغان. مېنىڭچە، ئادەم تېنىدىن ئىبارەت بۇ ”ماشىنا“مۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئەمما، ئۇنىڭ بىردىنبىر پەرقى شۇكى، تەبىئەت دۇنياسى يىرتقۇچلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ تۇرغان مەزگىلدە، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئەركىن سۇبيېكتلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىشتىراك قىلىدۇ. تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، يىرتقۇچلار تەبىئىي تۇيغۇسىغا، ئىنسانلار ئەركىن ئىرادىسىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ ھال يىرتقۇچلارنىڭ ھەرقانچە ئازدۇرسىمۇ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلالمايدىغانلىقىدىن، ئەمما ئادەمزاتنىڭ زىيان - زەخمەتكە دۇرۇس

* ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىرقلار گۇرۇھى؛ ئۇلار ئۆزلىرىنى ”كىخوي - كىخويلار“ دەپمۇ ئاتايدۇ. نامىبىيە، بوتسۋانا ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدا ماكانلاشقان خوتتېنتوتلار ئادەتتە قارا تەنلىكلەر ئىرقىنىڭ كىخويسان تىپىغا تەۋە دەپ قارالسىمۇ، ئەمما يىراق قەدىمكى موڭغۇل ئىرقىنىڭ قالدۇقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بەيدۇ توردىن ئېلىندى ــ تەرجىماندىن.





يۈزلىنىش بىلەن بىرگە تەبىئەت قانۇنىيىتىنى بۇزىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ھەم نېمە ئۈچۈن كەپتەرنىڭ لىقمۇلىق گۆش سېلىنغان تاۋاقنىڭ يېنىدا، مۈشۈكنىڭ بىر دۆۋە مېۋە-چېۋە ياكى بۇغداي-قوناقنىڭ يېنىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا بېرىلگەن شەرھىي جاۋابتۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى ئاشۇ قەدىرسىز ئاش-ئوزۇق بىلەن جېنىنى ساقلاپ قالالىشى تامامەن مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما تەبىئەت ئۇلارغا ئاشۇ ئاش-ئوزۇقتىن بەھرىلىنىشنى ئۆگەتمىگەن. دەل مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، تۇرمۇشتا شاللاق كىشىلەر ئادەمنى ئاغرىق-سىزلاق، ھەتتا ئۆلۈم-يېتىمگە جۆنەيدىغان زىيادە ئەيش-ئىشرەتكە بېشچىلاپ كىرىپلا كېتىۋاتىدۇ. بۇ دەل ئىرادىنىڭ كىشى سەزگۈلىرىنى بەربات قىلغانلىقىدىندۇر. يەنى ئادەمزاتتىكى تەبىئىي ئېھتىياج قېنىپ بولغان بولسىمۇ، ئىرادىنىڭ تەلپى توختاۋسىز داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈندۇر.

ھەرقانداق ھايۋان سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردا ئاڭ بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇلار سەزگۈ ئەزالىرى ئاپىرىدە قىلغان ئاشۇ يەككە ئاڭلارنى بىر-بىرىگە باغلىيالايدۇ. ئادەمزات بىلەن يىرتقۇچلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەرقى پەقەت ئاشۇ ئاڭنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىدىلا ئىپادىلىنىدۇ. بەزى پەيلاسوپلار ھەتتا: ”ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەرقى بەزىدە يىرتقۇچ بىلەن ئادەمنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ؛ شۇڭا، ئادەمزاتنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تۈپكى خۇسۇسىيىتى قانداقتۇر ئۇنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئەركىن سۇبيېكتلىق قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدە“ دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بارلىق ھايۋانلارنى تەبىئەت دۇنياسى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. يىرتقۇچلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بۇيرۇق-ئەمرلىرىگە ھەر ۋاقىت ئەمەل قىلىدۇ. ئىنسانلارمۇ ئاشۇ بۇيرۇق-ئەمرلەرنى ئاڭلايدۇ-يۇ، ئەمما: ”تەبىئەتنىڭ ئۇنداق بۇيرۇق-ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ياكى ئۇنىڭغا ئۆكتە قوپۇش ئىختىيارىمەدىكى ئىش“ دەپ قارايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئىنسان ئۆزىدە ئەركىن ئىرادىنىڭ ھازىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى زېھىن ـ زەكىي ئۆزىنى نامايان قىلالىغان. فىزىكىلار سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە ئاڭنى شەكىللەندۈرۈش فۇنكسىيەسىنى مەلۇم دەرىجىدە شەرھلەشكە قادىر بولسىمۇ، ئەمما ئادەمزاتنىڭ ئىرادىسىنى ياكى تاللاش ئەركىنى، شۇنداقلا مۇشۇ خىل ئىقتىدار خۇسۇسىدىكى تۇيغۇسىنى شەرھلەشكە ئامالسىز. چۈنكى، بىزنىڭ كۆرۈپ ھېس قىلالايدىغىنىمىز پەقەت مەنىۋى ھەرىكەتلا، خالاس. ئۇنداق ھەرىكەتنى مېخانىكا ئىلمى پىرىنسىپلىرى بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس.

ئەمما، مۇشۇ مەسىلىلەر خۇسۇسىدا يەنە نۇرغۇن سوئال تۇرۇپتۇ. ئۇ سوئاللار ئادەمزات بىلەن يىرتقۇچنىڭ پەرقى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلەرنى تەقەززا قىلغان. بۇ يەردە ئادەمزاتنىڭ مۇنداق بىر مۇتلەق خاراكتېرى يەنىلا مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ بېرىش ئىقتىدارى، شۇنداقلا ئۆزىدىكى بارلىق قابىلىيەتنى تاشقى مۇھىتنىڭ ھىماتىدا تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ بېرىش ئىقتىدارىدۇر. بۇ خىل ئىقتىدار پۈتكۈل ئىنسانلار توپى بىلەن ھەربىر ئادەمدە ئوخشاشلا مەۋجۇت. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، يىرتقۇچلار بىر نەچچە ئايلىق يېتىلىش ئارقىلىقلا تۇراقلىق ھالەتكە قەدەم قويىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئۇنىڭ قالغان ئۆمرى شۇ ھالەتتە ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ تۈر توپى ئۆزگەرمەي شۇ پېتى تۇرۇپ قالىدۇ. ئارىدىن مىڭ يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ئۇ يىرتقۇچنىڭ ئومۇمىيىتىدە زەررىچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا پەقەت ئىنسانلارلا چېكىنىشكە قاراپ يۈزلەندىمۇ؟ ئۇلار ئاشۇنداق چېكىنىش جەريانىدا بارا ـ بارا ئەسلىيىتىگە قايتامدۇ؟ يىرتقۇچلار بۇ جەريانىدا ئېرىشىشكە ناقىسلىقى ۋە قولدىن بەرمەسلىككە قادىرلىقى بىلەن ئۆز تەبىئىتىنى

ساقلاپ قالالىغانمۇ؟ ھالبۇكى، ئىنسانلار زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ياكى باشقا تاسادىپىيلىقلار ۋەجىدىن ئىلگىرى ئۆز-ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئاخىر ھەتتا يىرتقۇچلاردىنمۇ بەتتەر ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانمۇ؟ بۇلاردىن بەختسىزلىكلىرىمىزنىڭ دەل ئىنسانىيەتكە خاس يېتۈك ۋە چەكسىز ئىقتىدارنى مەنبە قىلىدىغانلىقىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇرمىز. چۈنكى، دەل ئاشۇ ئىقتىدار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانىيەتنى ئىلگىرىكى تىنچ ۋە ساپ ئەسلىيەتتىن مەھرۇم قىلدى؛ دەل ئاشۇ ئىقتىدار ئىنسانلارنى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن سەۋەنلىك-خاتالىقلىرىنى، رەزىللىكلىرى بىلەن ئالىيجانابلىقىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر ئۆزى ۋە تەبىئەتكە ھاكىملىق قىلىدىغان زالىم ھۆكۈمرانغا ئايلاندۇردى(I). ناۋادا بوۋاقلارنىڭ ماڭلىيىنى تۇزلەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قىسمەن سەممىي سادىدىللىقى بىلەن ئەڭ دەسلەپكى شادلىقلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ئورىنوكو دەرياسى قىرغىقىدىكى ئاھالىلەرنى تەرىپلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالساق، ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىش بولغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز-ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۆزى ۋە تەبىئەتكە ھاكىملىق قىلىشقا ئىنتىلىدىغانلاردۇر.

تەبىئەتنىڭ ھاكىملىقىدىكى بەدەۋىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇغما قابىلىيىتىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئوچۇقراقىنى ئېيتساق، تەبىئەت دۇنياسى ئىنسانلارنىڭ تۇغما قابىلىيىتىدىكى بەزىبىر كەمتۈكلۈكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا بىر قىسىم ئىقتىدار-كارامەتلەرنى ھىممەت قىلدى. ئاشۇ ئىقتىدار-كارامەتلەر دەسلەپتە ئىنسانلارنى تاكامۇللاشتۇرغاندى؛ كېيىن، بارا-بارا ئىنسانلاردىكى تۇغما قابىلىيەتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتتى. دېمەك، بەدەۋىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كارامىتىنى پۈتۈنلەي ھايۋانىيلىق دېيىشكە بولىدۇ(J). بەدەۋىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۇغما قابىلىيەتلىرىدىن بولمىش كۆرۈش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



سېزىمى بىلەن تۇيغۇ، باشقا ھايۋانلار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى ئومۇملاشقان. رايىشلىق بىلەن بويۇنتاۋلىق، ئىستەك بىلەن تەشۋىش بەدەۋىلەر روھىيىتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى، شۇنداقلا يېگانە ئىدراك سۈپىتىدە تاكى يېڭى مۇھىت ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى يېڭىچە كامالەتكە يېتەكلىگۈچە داۋام ئەتتى.

ئېتىكاشۇناسلار ئىنسانلاردىكى بىلىش قابىلىيىتىنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك ھېس-تۇيغۇغا بېقىنىدىغانلىقىنى ھەرقانچە تەشەببۇس قىلسىمۇ، ئەمما ئەل-جامائەت ھېس-تۇيغۇمۇ ئاساسەن دېگۈدەك بىلىش قابىلىيىتىگە بېقىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. جۈملىدىن بىزدىكى ئەقلىيلىك ھېسسىي ھەرىكەتلەر داۋامىدا ئۆز-ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ. بىز ئادەتتە ھالاۋەتكە ئىنتىلگەن چاغلىرىمىزدىلا ئاندىن ئىلىم ئىزدەشكە تەرەددۇتلىنىمىز. شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئىستەك-ئىنتىلىش ۋە تەھلىكە-تەشۋىش دېگەنلەردىن مۇستەسنا بىراۋنىڭ كاللىسىنى ئۇپرىتىپ توختاۋسىز پىكىر يۈرگۈزۈشى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىش. ئەكسىچە، بىزدىكى ئېھتىياج ۋە بىلىشنىڭ كامالىتىمۇ ھېس-تۇيغۇنى مەنبە قىلىدۇ. چۈنكى، ھېس-تۇيغۇلىرى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تۈرتكىسىگىلا تايانمايدىغان بىراۋنىڭ كاللىسىدا مەلۇم بىر شەيئى ھەققىدە چۈشەنچە پەيدا بولسا، ئاندىن ئىستەك-ئىنتىلىش ۋە تەھلىكە-تەشۋىش دېگەنلەر بىخلىنىدۇ. بارلىق ئەقىل-پاراستىدىن مەھرۇم قىلىنغان بەدەۋىلەر، ھېس-تۇيغۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھاياجانلىق تەبىئىي ھېسسىيات ئاساسىدا چۈشىنىپ يېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشلىرى فىزىيولوگىيەلىك ھاجىتىنى قاندۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ(K). ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئالەمدىكى يېگانە ئەزگۈلۈك — ئاش-ئوزۇق، يات جىنسلىقلار ۋە ھاردۇق چىقىرىش؛ ئۇلارنى ساراسىمىگە سالىدىغان يېگانە تەھلىكە — ئاغرىق-سىزلاق ۋە ئاچ-زېرىنلىق. بۇ يەردە شۇنىڭ ئۈچۈن ”ئۆلۈم“نى ئەمەس، بەلكى ”ئاغرىق-سىزلاق“نى





تىلغا ئالدىمكى، ھايۋانلارنىڭ قىياسىدا ”ئۆلۈم“ ئۇقۇمى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، ئادەمزاتنىڭ ئۆلۈمنى بىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ۋەھىمىسىرىشى ئىنسانىيەتنىڭ ھايۋانىيلىقتىن قۇتۇلغان زامانلاردىكى ئەڭ دەسلەپكى ”ھاسىلات“لىرىدىندۇر.

ناۋادا زۆرۈر تېپىلسا، تۆۋەندىكى چۈشەنچىلەرنى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن تەھقىقلەش ۋە نامايان قىلىش، مەن ئۈچۈن قىيىن ئەمەس: دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەقىل-پاراسەتتىكى كامالىتى بىلەن ئۇلاردىكى ئېھتىياج ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. بۇ خىل ئېھتىياجنى ياكى ئۇلار تەبىئەت قوينىدىن بايقىغان ياكى ھاياتلىق مۇھىتى ئۇلارغا مەجبۇرەن يۈكلىگەن. دېمەك، ئەقىل پاراسەتنىڭ كامالىتى بىلەن ئىنسانلارنى ئۆز ھاجىتىنى قاندۇرۇشقا دالالەت قىلىدىغان ھېس-تۇيغۇمۇ ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. سەنئەتنىڭ مىسىردا قانداق پەيدا بولۇپ، نىل دەرياسىنىڭ تاشقىنلىرىغا ئەگىشىپ قانداق تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى، سەنئەتنىڭ كامالەت مەنزىلىدىكى ئىزلارنى قوغلاپ يۇنانىستان(گرېتسىيە)غا بېرىشنى خالايمەن. چۈنكى، سەنئەت ئاتتىكادىكى قۇملۇق ساھىللار ۋە قىيا تاشلارنىڭ قىسلچاقلىرىدا بىخ سۈرۈپ ۋە يىلتىز تارتىپ، تەڭداشسىز يۈكسەلگەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئوروتاس دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى مۇنبەت تۇپراقتا بىخ سۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۆزىتىشىمچە، ئادەتتە شىماللىقلار جەنۇبلۇقلارغا قارىغاندا تېخىمۇ زېرەك كېلىدىكەن. چۈنكى، ئاشۇنداق زېرەك تۇرمىسا، شىمالدا جان ساقلىماق تەسكە چۈشىدۇ. قارىغاندا، تەبىئەت مەۋجۇداتلارنى ئەتەي تەڭلىككە جۆنەپ، بەزى جايلاردا زېمىنغا بېرىلمىگەن مەمۇرچىلىقنى شۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ روھىغا بەخشەندە قىلىۋەتكەن ئوخشايدۇ.

ناۋادا تارىختىكى توغرىدەك كۆرۈنىدىغان خاتا پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلمىساق، بەدەۋىلەرنىڭ مەيلى يۈكسىلىش مۇددىئاسىدا بولسۇن ياكى ئاشۇ يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇسۇلىدا بولسۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى







ھەممە نەرسىنىڭ ئۇلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلىۋاتقانلىقىنى ئەجەبا كۆرۈپ يېتەلمەسمىزمۇ؟! بەدەۋىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرى ھېچقانداق ئۇقۇمنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قادىر ئەمەس؛ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ھېچقانداق ئارزۇ ـ ئىستەكمۇ مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ چەكلىك تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشى ناھايىتى ئاسان بولسىمۇ، ئەمما بىلىش قابىلىيىتى تېخىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىش تەقەززاسىنى ھاسىل قىلىشتىن يىراق. شۇڭا، ئۇلاردا نە تەسەۋۋۇر، نە ھېرىسمەنلىك بولمايدۇ. تەبىئەت دۇنياسى بەدەۋىلەرگە بەش قولدەك تونۇش بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلارغا قىلچە يېڭىلىق تۇيۇلمايدۇ. بەدەۋىلەرنىڭ نەزەرىدە كۆللى مەۋجۇداتلارنىڭ تەرتىپى ۋە پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى بىر قېلىپتا قوزغاندەكلا. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەقلى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۆجىزىلەردىن ھەيران قېلىشقىمۇ يەتمەيدۇ. شۇڭا، بەدەۋىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن پەيلاسوپلارنىڭ نەزەرىدىكى ئادەم بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ھېسابلىنىدىغان، شۇنداقلا ئادەملەرنى كۆندە ئۇچراتقان شەيئىلەرگە ئېتىبار بىلەن قاراشقا دالالەت قىلىدىغان ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىزدەش — بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، خالاس. چۈنكى، بەدەۋىلەرنىڭ پاك روھى پەقەت كۆز ئالدىدىكى مەۋجۇدىيەتنى ھېس قىلىشقىلا قادىر. ئۇنىڭدا ناھايىتى يېقىن كەلگۈسى ھەققىدىكى زەررىچە ئاڭنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بەدەۋىلەرنىڭ پەرەز ـ پىلانلىرىمۇ گويا ئۇلارنىڭ كەچتە يۈز بېرىدىغان ئىشنى ئەتىگەنكى پەرەز قىلالمايدىغان نەزەر دائىرىسىدەكلا چەكلىك. مەسىلەن، كارىب دېڭىزى قىرغىقىدىكى ھىندىلار*نىڭ تەسەۋۋۇرى ھازىرمۇ ئاشۇنداق چەكلىكمىش، يەنى ئۇلار ئەدناسى يوتقىنىنىڭ كەچتە يەنە لازىم بولىدىغانلىقىنىمۇ ئالدىن ھېس قىلالمايدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئەتىگەنلىكى سېتىۋېتىپ، كەچتە يەنە يىغلاپ ـ قاقشاپ يۈرۈپ

* بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى ئىندىيانلار. ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى بايقالغاندىن كېيىن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر بۇ يەرلىك ئاھالىلەرنى خاتا ھالدا ھىندىلار، دەپ ئاتىغان، — مۇھەررىردىن.





سىتىۋالارمىش.

بۇ مەسىلىنى قانچە ئىچكىرىلەپ ئانالىز قىلغانسېرى، ساپ تۇيغۇ بىلەن ئەڭ ئاددىي ساۋاتلار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ھاڭنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى شۇنچە ھېس قىلىمىز. بىراۋنىڭ ئاشۇ چوڭقۇر ھاڭدىن باشقىلارنىڭ ياردىمى ۋە ھاجىتىنىڭ تۈرتكىسىدىن مۇستەسنا ھالدا يەككە-يېگانە ھالقىپ ئۆتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئادەمزاتنىڭ كۆكتە چاقماقتىن ئۆزگە ئوتنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىگە تالاي ئەسىرلەر كەتتىغۇ! ئىنسانلار ئوتتىن پايدىلىنىشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن، قانچىلىغان تاسادىپىي ۋەقەلەرگە مۇراجىئەت قىلمىدى؟! ئۇلار ئوت يېقىشنىڭ ئەلمى-تەلمىنى كۆيۈۋاتقان ئوتنى تالاي قېتىم قاراپ تۇرۇپ ئۆچۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۆگەنگەن ئەمەسمىدى؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سىر ئۇنى بايقىغۇچىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن تالاي قېتىملاپ غايىب بولغان ئەمەسمىدى؟! ئۇنداقتا، دېھقانچىلىق ھەققىدە يەنە نېمە دېگۈلۈك؟ دېھقانچىلىق — نۇرغۇن ئەمگەك ۋە تەسەۋۋۇرنى تەلەپ قىلىدىغان، شۇنداقلا باشقا ھۈنەر-ماھارەتلەرگە تايىنىدىغان تېخنىكا. دېمەك، شۇ نۇقتا ئايانكى، كىشىلەر پەقەت جەمئىيەتتىلا، ياكى ھېچبولمىغاندا جەمئىيەت شەكىللىنىشكە باشلىغان ماكاندىلا ئاندىن ئاشۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا قادىر بولالايدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ خىل تېخنىكىدىن پايدىلىنىشتىكى مۇددىئايىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسى — تېرىمىسىمۇ ئۆزى ئۈنۈپ چىقىدىغان زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئاغزىمىزغا تېتىغۇدەك ئاش-ئوزۇق ئېلىش، خالاس. ئەگەرچەندە، ئىنسانلار ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتكەچكە، تەبئەت نېمەتلىرى ئۇلارنى بېقىشقا يەتمەي قالدى، دەپ(توغرا كېلىپ قالغاندا دەپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، بۇ قىياس ئەينى زاماندىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىنسانلارغا نەقەدەر پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىيالايدۇ) پەرەز قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭدىن يەنە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر تارقىتىلىشى







تۆۋەندىكىلەرنى ھاسلىي قىياس قىلىشقا بولىدۇ: ئۇ زامانلاردا تۆمۈر تاۋلاش ۋە قورال ـ جابدۇق ياساش زاۋۇتلىرى بولمىغاچقا، بەدەۋىلەرگە لازىملىق تىرىكچىلىق سايمانلىرى بېھىشتىن چۈشتى ھەمدە ئۇلار ئادەمزاتنىڭ تۆگىمەس مېھنەتتىن نەپرەتلىنىشتەك تۇغما تەبىئىتىگە خاتىمە بەردى؛ ئۇلار كەلگۈسىدىكى ئېھتىياج ـ ھاجەتلىرىنى ئالدىن دەگسەشنى شۇنداقلا تىرىكچىلىق ۋە ئورمانچىلىقنىڭ ئېپى ـ جېپىنى قىياسەن بىلىۋالدى؛ ئۇلار ئۇن تارتىش ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئېچىتىش ھۈنىرىنى بايقىدى. بەدەۋىلەرنىڭ يۇقىرىقى ھۈنەر ـ ماھارەتلىرىنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، "ئۇلارغا پەرۋەردىگار ئۆگەتكەن" دەپ كېسىپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ناۋادا ئاشۇ بەدەۋىلەرنىڭ مېھنەت مېۋىسىنى ئۇلارنىڭ يېنىدىن تاسادىپەن ئۆتۈپ قالغان تۇنجى ئادەم ياكى تۇنجى يىرتقۇچ بۇلاپ كەتكەن بولسا، ئۇلار يەر تېرىيدىغان ئۇنداق جاپالىق مېھنەتكە يەنە ئەخمەقلەرچە ئۆزىنى ئاتارمىدى؟! ئادەم ناۋادا مېھنەت مېۋىسىگە قانچىكى ئىنتىلگەنسېرى، ئاشۇ مېھنەت مېۋىسىدىن كەلگۈسىدە ھامان مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى شۇنچە چوڭقۇر ھېس قىلىشقا قادىر بولالىغان بولسا، ئۇ چاغدا كىممۇ تىرىكچىلىقتەك مەززىسىز مېھنەت ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرەتتى، دېيىسەن؟ قىسقىسى، ئىنسانلارنى يەر تەقسىم قىلىنىشتىن، جۈملىدىن ئەسلىيتىنى يوقىتىشتىن ئىلگىرى رازىمەنلىك بىلەن يەر تېرىشقا دالالەت قىلىشنىڭ چارىسى زادى بارمىدى؟

بىز بەدەۋىلەرنى پەيلاسوپلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىدىكىدەك تەپەككۇر سەنئىتىگە كامىل ئادەملەر، دەپ پەرەز قىلىشتۇق ياكى ئەڭ يۈكسەك ھەقىقەتنى بايقايدىغان شۇنداقلا ئەڭ ئابستراكت ئەقلىي خۇلاسىلەر ۋە سۆيگۈ پىرىنسىپلىرىدىن ياكى ياراتقۇچىسىنىڭ تەقدىر ـ ئىرادىسىدىن ھەققانىيەت ۋە ئىدراك ئۇچقۇنلىرى چاقناق ھېكمەت دۇردانىلىرىنى تاۋلايدىغان پەيلاسوپلاردىن، دەپ بىلدۇق. قىسقىسى، قىياسىمىزدىكى

كاللىسى كۆللى ئەقىل ۋە پاراسەت بىلەن تولغان ئاشۇ بەدەۋىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە شۇ قەدەر ھاماقەت ۋە ئەقىلسىز ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، دەپ پەرەز قىلايلى. خوش، بۇنداق مېتافىزىكىنىڭ پىكرىي مۇلاقاتتىن بىخەۋەر ئۇنداق جانلىقلار ئۈچۈن يەنە نېمە رولى بولسۇن؟ ئۇنداق ھېكمەت دۇردانىلىرى ئىختىراچىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭلا غايىب بولىدۇ. ئورمانلىقلاردا يىرتقۇچلار بىلەن بىللە ياشايدىغان ئادەمزاتتا قانچىلىك ئىلگىرىلەش بولسۇن؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ نە ياشايدىغان مۇقىم تۇرالغۇسى يوق؛ نە بىر-بىرىگە ھاجىتىمۇ چۈشمەيدۇ. شۇڭا، ئۆمرىدە بىر-بىرى بىلەن جىق بولسا ئىككى قېتىم ئۇچرىشىپ قالىدۇ؛ ئىشقىلىپ، ئۇلار بىر-بىرىنى تونۇمىغاچقا، ئۇلاردا ئۆز ئارا پىكىرلىشىش دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. بەدەۋىلەرنىڭ ئاشۇنداق ئەھۋالدا ئۆز-ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئەقىل ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولالىشى مۇمكىنمۇ؟!

تىلنىڭ ئاڭنى شەكىللەندۈرۈشتە، گىراماتىكىنىڭ مېڭىنى تاۋلاپ چېنىقتۇرۇشتا نەقەدەر كۈچلۈك رول ئوينىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئىنسانلارنىڭ تىلى چىققان دەسلەپكى زامانلاردا زۇۋانىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە سەرپ قىلغان ۋاقتىنىڭ نەقەدەر ئۇزۇنلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن. بۇ ئامىللار بىلەن يۇقىرىقى تەھلىللەرنى بىرىكتۈرۈپ قارايدىغان بولساق شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئادەمزات مېڭىسىنى ھازىرقىدەك مەنىۋى پائالىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، كۆرمىڭ ئەسىرلەر كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئادەمزات تىلىنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم قىيىن مەسىلىلەر ھەققىدە ئازراق توختىلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىلەر. مېنىڭچە بۇنىڭغا كاندىياك پوپنىڭ مەزكۇر مەسىلە ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىدىن نەقىل ئالساق ياكى ئۇنى قايتا بايان قىلساقلا كۇپايە. بۇلار پىكىر-قاراشلىرىمنى تولۇق ئىسپاتلاپلا قالماي، مۇھىمى



يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىمىنىڭ مەنبەسىنى ئاپىرىدە قىلغان. ھالبۇكى، بۇ پەيلاسوپ*نىڭ يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە ئۆزىگە قويغان قىيىن سوئالغا جاۋاب تېپىش خۇسۇسىدىكى ئامال ـ چارىلىرىدىن ئايانكى، ئۇ مەن مۇئەييەنلەشتۈرگەن مەسىلىنى قىياسەن شەرت قىلىپ تۇرۇپ، ”تىل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، مەلۇم شەكىلدىكى جەمئىيەت فورمىسى مەۋجۇت ئىدى“ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. شۇڭا، ئوخشاش مەسىلىنى ئۆزۈمنىڭ كۆز قارىشى نۇقتىسىدىن ئىزاھلىشىمغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، كاندىياك پوپنىڭ قاراشلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە ئۆزۈمنىڭ قاراشلىرىنى سىڭدۈرىمەن، ئەلۋەتتە. ”تەسەۋۋۇر تىلى قانداقلارچە ئادەمزاتنىڭ ھاجەتلىرىدىن بولۇپ قالغان؟“ دېگەن سوئال ــ مەن تۈنجى يولۇققان قىيىن مەسىلە. چۈنكى، بەدەۋىلەر ئارا پىكىرلىشىش مەۋجۇت ئەمەس؛ ھەم بەدەۋىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجىمۇ يوق. شۇڭا، تىل بەدەۋىلەر ئۈچۈن مۇتلەق زۆرۈرىيەتلەردىن ھېسابلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەدەۋىلەر ئارىسىدىكى مۇھىملىقى ۋە ئىمكانىيىتىنى بايقاش مۇمكىن ئەمەس. جۈملىدىن، باشقا نۇرغۇن كىشىگە ئوخشاش: ”تىل ئاتا، ئانا ۋە بالا ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئائىلىۋى مۇناسىۋەت داۋامىدا بارلىققا كېلىدۇ“ دېيەلەيمەن. ئەمما، بۇ بىرەر مەسىلىگە جاۋاب بولالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭدا ئەسلىيەت، يەنى تەبىئىي ھالەتتە كۆرۈلگەن سەۋەنلىك مەدەنىي جەمئىيەتتىكە خاس ئىدىيەۋى قاراشنى تەكرارلاش يولى بىلەن شەرھلەنگەن. تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى: بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرەر ئۆيگە جەم بولالىغاندىلا، ئاندىن ئۆزلىرى ئارىسىدا جەمئىيەتتىكى ئائىلىلەرنى ئۆملەشتۈرۈۋاتقان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئوخشاش بىر خىل ئەبەدىي يېقىنچىلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئائىلىدىكى ساناپ تۈگەتكۈسىز ئورتاق مەنپەئەتنىڭ ئۇلارنى چەمبەرچاس باغلاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

* كاندىياك پوپنى دېمەكچى ــ تەرجىماندىن.



www.uyghurkitap.com



ئەمما، ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئادەمزاتنىڭ ئۆيى ۋە مال-مۈلكى تۇگۈل، ھەتتا كەپىسىمۇ بولمايتتى؛ ئۇلار نەدە كۈن كەچ بولسا شۇ يەردە تۈنەيتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يەردە پەقەت بىر كېچىلا ئۆتكۈزەتتى. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ يات جىنسلىقلار بىلەن ئۇچرىشىشى ناھايىتى تاسادىپىي بولاتتى، يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قېلىش ياكى تەلەي-پېشانىسى ۋە ياكى ئىككى تەرەپنىڭ خاھىشى ۋەجىدىن بىرگە بولاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئايرىلمىقىمۇ شۇنداق ئاسان ئىدى(L). ئۇ زامانلاردا ئانىلارنىڭ بالىسىنى بېقىشى، دەسلەپتە پەقەت ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئىدى. كېيىن، ئۇ ئادەت ئانىلارنى بالىسىغا بارا-بارا ئىچىكتۈرۈپ قويىدى. بۇنىڭ بىلەن ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئېمىتىپ باقىدىغان بولدى. شۇڭا، بالىلار ئۆزى بىرەر نەرسە تېپىپ يېيەلىگۈدەك بولغان ھامان، ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئانىسىدىن ئايرىلاتتى. يەنە كېلىپ، بالىلار ئانىسىنىڭ كۆزىدىن يىتكەن ھامان، ئانا-بالىنىڭ قايتا ئۇچرىشالىشى، ئۇچراشقان تەقدىردىمۇ بىر-بىرىنى تونۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق بىر نۇقتا باركى، ئادەتتە بالا ئۆزىنىڭ بارلىق ھاجەتلىرىنى ئانىسىغا بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، بالىنىڭ ئانىسىغا دېمەكچى بولغان گەپلىرى، ئانىنىڭ بالىسىغا دېمەكچى بولغانلىرىدىن كۆپ بولىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن تىلنىڭ يارىتىلىشىدا بالىنىڭ نەقەدەر زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ، بالىلار قوللانغان تىلنىڭ مۇتلەق كۆپىنى بالىلار ئۆزلىرى ئىختىرا قىلىدۇ. شۇڭا، ئاشۇ زامانلاردا ئۆز ئالدىغا گەپ قىلالىغان يەككە-يەككە سۇبيېكتلار قانچە بولغان بولسا، كېيىن شۇنچە خىل تىل پەيدا بولغان، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زامانلاردىكى تەرەپ-تەرەپكە قاتراپ يۈرىدىغان سەرسان ھايات ھېچقانداق تىلغا تۇرغۇنلىشىش ئىمكانىيىتىنى بەرمىگەنىدى. بۇ ھال تىللاردىكى خىلمۇ

www.uyghurkitap.com







خەلقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دېمەك، ئانا بالىسىغا ماۋۇ ياكى ئاۋۇ نەرسىگە ئېرىشىش ئىستىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز-ئىبارىلەرنى ئۆگەتتى. بۇ ھال ئادەمزاتنىڭ شەكىللىنىپ بولغان تىلىنى قانداق ئۆگىنىدىغانلىقىنىلا ئىسپاتلايدۇكى، ئەمما تىلنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى شەرھلەپ بېرەلمەيدۇ.

ئەمدى بىز بىرىنچى قىيىن مەسىلە ھەل بولۇپ بولدى، دەپ پەرەز قىلىش بىلەن بىرگە، ساپ ئەسلىيەت بىلەن ئىنسانلارنىڭ تىلغا چۈشكەن ئېھتىياجى ئارىسىدىكى چەكسىز زاماندىن ۋاقتىنىچە ھالقىپ، تىلنى زۆرۈر ئالدىنقى شەرت(M) دەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپتە زادى قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى. بۇنىڭدا بىز ھەتتا ئالدىنقىسىدىنمۇ بەكرەك قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز. جۈملىدىن ناۋادا ئادەمزات راستتىنلا پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىش ۋەجىدىن تىلغا ئېھتىياجلىق بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار تىلدىن ئىبارەت بۇ سەنئەتنى بايقاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قانداق پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىشكە تېخىمۇ موھتاج بولغان. يەنە كېلىپ، تاۋۇشنىڭ ئۇقۇمنى يەتكۈزۈشتىكى ئەنئەنىۋى قوراللىق رولىنى قانداق ئوينىغانلىقىنى چۈشەنسەكمۇ، ئەمما شەرھلەشكە تېگىشلىك يەنە مۇنداق بىر مەسىلە بار: ئىنسانلار قول ئىشارىسى ياكى تاۋۇش بىلەن ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمايدىغان يۈكسەك ئابستراكت ئۇقۇملارنى قانداق قورالدا يەتكۈزگەن بولغىيدى؟ قىسقىسى، ئوي-پىكىرنى يەتكۈزۈش بىلەن روھنى شەكىللەندۈرۈشنى ئۆزئارا باغلايدىغان سەنئەت بولمىش تىلنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى خۇسۇسىدا چويلىدا توختىغۇدەك ھېچقانداق قىياسنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئاساسەن دېگۈدەك ئامالسىزمىز. تىل — مەنبەسىدىن بەكلا يىراقلاپ كەتكەن يۈكسەك سەنئەت. ھالبۇكى، پەيلاسوپلار ئۇنىڭ مۇكەممەللىشىپ بېرىش جەريانىنى دەل باشتىن-ئاياغ ئاشۇنداق يىراقتىن كۆزىتىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ۋاقىت بىنەھقىق پەيدا قىلغان ئۆزگىرىشلەر تىلنىڭ پەيدا بولۇشىغا ھېچقانداق





تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، ئىلىم ساھەسىنىڭ تىل ھەققىدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلىرى پۈتۈنلەي غايىب بولغان ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىنىۋېتىلگەن، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆز ھاياتىنى بۇ مۇشكۈل مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن توختاۋسىز ۋە خالىسانە بېغىشلاۋاتقىنىغا نەچچە ئەسىر بولغان بولسىمۇ، ئەمما تىلنىڭ ئاخىرىدا زادى قانداق تاكامۇللاشقانلىقىنى دادىل ھۆكۈملىيەلەيدىغان بىرەرسى چىقمىدى.

ئىنسانلارنىڭ تۇپلىشىپ ياشايدىغانلارغا يول كۆرسىتىشكە لازىملىق سۆز ـ ئىبارىلەردىن پايدىلىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى تىلى، يەنى ئەڭ دەسلەپكى تىلنى ئەڭ ئومۇملاشقان، ئەڭ جانلىق، شۇنداقلا ئىنسانلارغا لازىملىق بېگانە تىل، شۇنىڭدەك ئىنسانلاردىكى تۇغما قابىلىيەتنىڭ ئىنداسى ئىدى، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئىندا، يەنە كېلىپ ئادەم ناھايىتى جىددىي ئەھۋالدا قالغاندا ئاندىن پارتلايدۇ. جۈملىدىن ئىنسانلار ئېغىر خەۋپتە قالغان چاغدىكى ياردەمگە موھتاجلىقىنى ياكى قاتتىق ئاغرىقتىن قۇتۇلۇش ئىستىكىنى ئاشۇنداق ئىندا ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى كۆپىنچە ھاللاردا كۆڭۈللۈك ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىندانى ئىشقا سالىدىغان چاغلىرى ئانچە كۆپ بولمايدۇ. ئىنسانلار پىكرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان تېخىمۇ نۇرغۇن بەلگىلەرنى جۈملىدىن كەڭ دائىرىلىك تىلنى ئىزدەشكە باشلىدى. نەتىجىدە ئۇلار ئاۋازنى خىلمۇخىل شەكىلگە كىرگۈزۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا قول ئىشارىسىنى قوشتى. دېمىسىمۇ، قول ئىشارىسى ئىپادىلەش كۈچىگە باي، تىلغا قارىغاندا ئالدىن ئويلىنىۋالمىسىمۇ بولىدىغان ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار كۆرگىلى بولىدىغان، ھەرىكەتچان شەيئىلەرنى قول ئىشارىسى بىلەن، ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولىدىغان شەيئىلەرنى ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى دوراش ئارقىلىق



ئىپادىلىگەنىدى. ئەمما، قول ئىشارىسىنىڭ رولى پەقەت رېئال ياكى تەسۋىرلەشكە ئەپلىك شەيئىلەرنى ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئەدناسى، قاراڭغۇ ياكى بىرەر توسۇقنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندا، قول ئىشارىسىنىڭ رولىدىن دېگەندەك پايدىلانغىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئىنسانلار ئاخىر قول ئىشارىسىنىڭ ئورنىدا ئاۋازدىن پايدىلىنىش ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئاۋازنىڭ گەرچە مۇئەييەن ئىدىيە بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىبارە ياكى ئادەتلەنگەن بەلگە سۈپىتىدە ئىدىيەۋى پىكرنى ئىپادىلەشكە تېخىمۇ ماس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئاۋازنى قول ئىشارىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش جامائەتنىڭ بىردەك ماقۇللۇقى بىلەن ئاندىن ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىش ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇ تاۋۇش ئەزالىرى تېخى تەرەققىي قىلمىغانلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىيىن ئىش ئىدى. ھالبۇكى، ئاۋاز قول ئىشارىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن دەسلەپكى چاغلاردا زادى قانداق ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، جامائەتنىڭ بىردەك ماقۇللۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇ ھەقتىكى تەشەببۇسنى بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇنداق تەشەببۇسنىڭ بايان قىلىنىشى تىل ئىشلىتىش قائىدىلىرىنى بېكىتىشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا تىل ئالللىقاچان مۇتلەق زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ.

شۇڭا، يۇقىرىقى بايانلارنى شۇنداق يىغىنچاقلايمىزكى، ئەڭ دەسلەپتە ئىشلىتىلگەن ئىبارىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ كاللىسىدىكى مەنىسى، تىلدا ئەمەلىي قوللىنىلغانلىرىنىڭكىدىن كەڭرى ئىدى. ئۇ زامانلاردا، ئىنسانلار تىلنى جۈملە بۆلەكلىرىگە ئايرىشنى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىر مۇستەقىل ئىبارىنىڭ مەنىسى مۇكەممەل جۈملىگە باراۋەر ئىدى. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ جۈملىدىكى ئىگە بىلەن تولدۇرغۇچىنى، پېئىل بىلەن ئىسىمنى پەرقلەندۇرۇش خۇسۇسىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى دانىشانە تىرىشچانلىق، دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ.



www.uyghurkitap.com





ئەڭ دەسلەپتە سۈپەت نۇرغۇن خاس ئىسىمدىن تەركىب تاپاتتى؛ پېئىلنىڭ پەقەت ھازىرقى زامان شەكلىلا بار ئىدى. سۈپەت مۇئەييەن خاسلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈش بەسىي مۈشكۈل، ئەلۋەتتە. سۈپەتنىڭ ئۆزى ئابستراكت ئىبارە. يەنە كېلىپ، ئابستراكت ئۇقۇم ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش — ئادەمنى زورۇقتۇرىدىغان ئازابلىق ئىش.

ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە ھەرقانداق شەيئىنىڭ تۈر تەۋەلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرمەي، ئۇنى مۇئەييەن نام بىلەنلا ئاتىغانىدى. چۈنكى، ئاشۇ تىلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىختىراچىلىرىدا شەيئىلەرنىڭ تەۋەلىكى ۋە نەسلىزاتىنى پەرقلەندۈرگۈدەك ئىقتىدار يوق ئىدى. ھەرقانداق ئوبيېكت ئادەمزاتنىڭ مېڭىسىدە گويا تەبىئەتنىڭ بۈيۈك كارتىنىسىدىكى يەككە-يەككە كۆرۈنۈشلەرگە ئوخشاش مۇستەقىل مەۋجۇدىيەت ئىدى. مىسالەن، ئاشۇ ئىنسانلار بىر تۈپ دۇب دەرىخىنى "ئا" دەپ ئاتىغان بولسا، ئىككىنچى تۈپ دۇب دەرىخىنى "ب" دەپ ئاتايتتى*. ئەمما، ئىبارىلەردە ئىپادىلىنىدىغان مەزمۇن قانچىكى چەكلىك بولسا، ئادەمنىڭ مېڭىسىدىكى سۆزلۈك شۇنچە بېيىپ بارىدۇ. دۇرۇس، شەيئىلەرگە ئات قويۇشتىكى شۇ خىل قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئاسان ئەمەس. چۈنكى، ئوخشاشمىغان شەيئىلەرگە ئوخشاش بىر خىل تۈر نامىنى قويۇش ئۈچۈن، كىشىلەر ئاشۇ شەيئىلەرنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ خاسلىقى بىلەن ئورتاقلىقىنى دۇرۇس تەبىرلىيەلىشى شەرت. جۈملىدىن ئادەملەرنىڭ تەبىئەت تارىخى ۋە مېتافىزىكا جەھەتتىكى بىلىمى ئاشۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولۇشى لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئومۇملاشتۇرۇلغان يىغىنچاق ئۇقۇملارنى كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا قاچىلاشتا پەقەت سۆزلۈككىلا مۇراجىئەت

* ئىككى خىل شەيئىنى كۆزەتكەن ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئەڭ بۇرۇن "بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىكەن" دېگەن ئۇقۇم بىۋاستە شەكىللىنىدۇ. ئۇ ئىككى خىل شەيئى ئارىسىدىكى ئورتاقلىقنى بايقاش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com







قىلىمىز. ئەمما، ئاشۇ يىغىنچاق ئۇقۇملارنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشتە جۈملىگە تايىنىدىغان گەپ. ھايۋانلارنىڭ ئاشۇنداق ئاڭنى شەكىللەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا قادىر بولالمايۋاتقانلىقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. چۈنكى، ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزلۈك تاكامۇللۇقى سۆز ۋە جۈملىنىڭ ياردىمىدە ئىشقا ئاشىدۇ؛ ھالبۇكى، ھايۋانلار ئۇنداق قابىلىيەتتىن مەھرۇم. مەسىلەن، قولىدىكى مېۋىنى ھېچ ئىككىلەنمەيلا تاشلىۋېتىپ، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش مېۋىدىن يەنە بىرنى قولىغا ئالغان مايمۇننى "مېۋىلەرنىڭ تۈرىنى بىلىدىكەن" دېگىلى بولارمۇ؟ ياكى "مېۋىلەرنى شەكىل جەھەتتىن سېلىشتۇرالايدىكەن" دەپ قاراشقا بولارمۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە بولمايدۇ. ئەمما، ئۇ مايمۇن ئاشۇ مېۋىنى ئۇچراتقىنىدا، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر تال مېۋە ئىلگىرى ئۇنىڭ مېڭىسىدە پەيدا قىلغان تۇيغۇنى دەرھال ئېسىگە ئالالايدۇ. يەنى، مايمۇن مەلۇم بىر ئوبرازنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا ئاشۇ شەيئىنىڭ پۇرىقى ياكى تەمى ئەكس ئەتكەندەك بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇلغان يىغىنچاق ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئابستراكت كېلىدۇ. ئۇنى ئەڭ ئۇششاق بىرلىكلەر نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندىلا، ئابستراكت ئۇقۇم ئاندىن كونكرېتلىشىپ بارىدۇ. مەسىلەن، كاللىڭدا ئادەتتىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ سۈرىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى سىناپ باق. ئەمما، ئىشەن ياكى ئىشەنمىگىن، بۇنىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىڭ ئەبەدىي مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، دەرەخنىڭ چوڭى بولىدۇ، كىچىكى بولىدۇ؛ تاقىرلىرى بولىدۇ، باراقسانلىرى بولىدۇ؛ ئاچ رەڭلىكلىرى بولىدۇ، قېنىق رەڭلىكلىرى بولىدۇ. ناۋادا، سەن: "بارلىق دەرەخلەرگە ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرۈپ يەتتىم" دەپ قارىساڭ، ئۇنداقتا كاللاڭدا ئەكس ئەتكىنى قانداقتۇر بىر تۈپ دەرەخنىڭ سىماسى ئەمەس. كىشىلەر نوقۇل ئابستراكت سۇبيېكتلارنى دەل مۇشۇنداق ئۇسۇلدا تونۇغان ياكى سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ياردىمىدە





تەسەۋۋۇر قىلالىغان. كىشىلەر ئۈچ بۇلۇڭ ھەققىدىكى توغرا چۈشەنچىگە پەقەت ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئېنىقلىما ئارقىلىق ئاندىن ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما، ئۇنى ئۆز كاللاڭدىلا تەسەۋۋۇر قىلىۋەرسەڭ، ئۇ شۇ ھامان باشقا ئۈچ بۇلۇڭلار قاتارىدا چۈشىنىشكە بولمايدىغان ئۆزگىچە ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، تەسەۋۋۇرۇڭدا ئۇنىڭ سىزىقلىرىنى سىزىپ، ھەتتا رەڭلىرىنى بېرىپ بولغان بولىسەن. بۇ ھال مۇنداق بىر ھۆكۈمنى تەقەززا قىلىدۇ: ئومۇملاشتۇرۇلغان يىغىنچاق ئۇقۇمنى شەكىللەندۇرۇش ئۈچۈن تىلغا مۇراجىئەت قىلماي بولمايدۇ. چۈنكى، تەسەۋۋۇرىمىز پەرۋازدىن توختىغان ھامان، مېڭىمىز پەقەت تىلنىڭ ياردىمىدە ئاندىن ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىنى داۋام ئېتەلەيدۇ. دېمەك، تىلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىختىراچىلىرى ئىنسان مېڭىسىدە پەيدا بولغان ئاشۇ ئۇقۇملارغا ئات قويالىغان بولسا، ئۇنىڭ دەل ئەڭ بۇرۇنقى خاس ئىسىملاردىن ئىكەنلىكى ئېنىق، ئەلۋەتتە.

ئەمما، يېڭى گىراماتىكىلىرىمىز چۈشەنچىلىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ۋە سۆزلۈكلەرنى يىغىنچاقلاشتا بىزگە ناتونۇش ئۇسۇلنى قوللانغان بولسا، ئۇنداق ئىختىراچىلارنىڭ ھاماقەتلىكى ئۇقۇمنى يىغىنچاقلاشتا تىلدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلنى ئىنتايىن تار دائىرىدە چەكلەپ قويغان بولىدۇ. بۇ گويا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتە شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تۈرلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى چەكلىك بولغاچقا، يەككە ناملار ھەققىدىكى سۆزلۈكلەرنى كۆپەيتىۋەتكىنىگە، شەيئىلەرنىڭ خاسلىقلىرىنى پەرقلەندۈرۈشكە ناقىس بولغاچقا، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تۈرلىرىنى تولۇق بايقاشقا قادىر بولالمىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى بولساق، ئۇ چاغدا ئاشۇ گىراماتىكلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك بىلىم ۋە تەجرىبە جۇغلاشقا، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تاللىشىدىكىدىنمۇ كۆپرەك تەتقىقات ۋە مېھنەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ھەر كۈنى بايقاۋاتقان يېڭى تۈرلەر ھازىرغىچە بارلىق كۆزەتكۈچىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com





نەزەرىدىن ساقىت بولۇپ كېتىۋاتقان يەردە، ئەينى زاماندىكى قانچىلىغان تۈرلەر پەقەت تۇنجى كۆرگەن چاغدىكى تەسىراتىغا ئاساسلىنىپلا ھۆكۈم قىلىدىغان ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ كەتمىگەن، دەيسەن؟! ئۇنداق ئىپتىدائىي تۈرلەر ۋە يىغىنچاق ئۇقۇملار ھەققىدە كۆپ توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىشقىلىپ نۇرغۇن تۈرلەرنىڭ كۆزەتكۈچىلەرنىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق. پەيلاسوپلار ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى قوللىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما شۇلارنىڭ ئۆزىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشتە يەنىلا نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقان ”شەيئى“، ”روھ“، ”ماددا“، ”ئەندىزە“، ”ئوبراز“، ”ھەرىكەت“ دېگەندەك تېرمىنلارنى ئىپتىدائىي ئادەملەر قانداق تەسەۋۋۇر قىلغان ياكى قانداق چۈشەنگەن بولغىيدى؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەبىئەت دۇنياسىدىن نوقۇل مېتافىزىكىلىق ئاڭنى ئىپادىلەيدىغان يۇقىرىقى تېرمىنلارغا تەگلەشتۇرگۈدەك ئۆرنەك تاپقىلى بولمايدۇ.

ئەمدى مۇلاھىزەمنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ تۇراي. تەنقىدچىلەرمۇ كۆزىنى سەل ـ پەل ئارام ئالدۇرۇۋالغاي. بۇنىڭدىن مەقسەت ــ كىشىلەر باغلىنىشچان شەكىللەر ئارقىلىق ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغۇچە، شۇنداقلا تىل ئاممىۋى سورۇنلاردا قوللىنىلىپ، جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسەتەلىگۈدەك بولغۇچە زادى قانچىلىك زامانلارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، تىلنىڭ ئەڭ ئاسان ئىختىرا قىلغىلى بولىدىغان بۆلىكى، يەنى شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار ئاساسىدا ھۆكۈملەپ بېقىشنى تەنقىدچىلەر ئويلاپ باققاي: ئادەمزات سان(N)، ئابستراكت سۆزلۈكلەر، ئۆتكەن زامان، پېئىلنىڭ بارلىق راي ـ مەيىللىرى، ئۇلانمىلار(小品词)، گىراماتىكا، ئالدى ياردەمچى سۆزنى ئۇلاش ئۇسۇلى، ئەقلىي خۇلاسىنىڭ شەكىللىرى ۋە تىلدىكى بارلىق مەنتىقە ... دېگەنلەرنى بايقاشقا قانچىلىك ۋاقىت ۋە ئەقلىنى سەرپ قىلغاندۇ ـ ھە؟! ھەتتا ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتساممۇ،





بۇنىڭدىكى مۇشكۇلاتنىڭ بارا - بارا ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپمۇ قالدىم. ئەمما، ”تىل پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ئاساسىدا يارىتىلىدۇ“ دېگەن قىياسنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىغا، جۈملىدىن كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكىنى پەقەت ئىسپاتلىغىلى بولمايدىغان ئىشنىڭ روياپقا چىقىپ بولغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمەلىيەتتە، تۆۋەندىكى مۇشكۇل مەسىلىنى ئۇنىڭغا قىزىقىدىغانلارنىڭ مۇتالىئە قىلىپ بېقىشىغا قالدۇرىمەن: شەكىللىنىپ بولغان جەمئىيەتنىڭ تىل ئىختىراسىدا ئوينايدىغان رولى بىلەن شەكىللىنىپ بولغان تىلنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلۇشىدا ئوينايدىغان رولىنىڭ قايسىسى بەكرەك زۆرۈر؟

لېكىن، جەمئىيەت بىلەن تىلنىڭ مەنبەسى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچبولمىغاندا تەبىئەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا موھتاجلىقى ئاساسىدىكى بىرلىشىشىگە ئانچە ئېرەنشىمەيدىغانلىقى بىلەن تىلنىڭ قوللىنىلىشىغا ئانچە تۆرتكە بولمايدىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئىنسانلار بىرلىكى بىلەن تىلنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشقا قىلغان ھەممىتىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئىنسانلار بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە بەكلا يېتەرسىزلىك قىلغانلىقىنى بايقايمىز. دەرۋەقە، ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەم ئالدىدىكى موھتاجلىقىنىڭ بىر مايمۇن ياكى بىر بۆرىنىڭ يەنە بىر مايمۇن ياكى يەنە بىر بۆرە ئالدىدىكى موھتاجلىقىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. بۇنداق موھتاجلىقنى راستىنلا ھازىر بولدى، دەپ قىياس قىلساق، ئۇنداقتا بىراۋنىڭ باشقىلارنىڭ موھتاجلىقىنى قاندۇرۇشىغا زادى قانداق مۇددىئا سەۋەب بولىدۇ؟ بىراۋ باشقىلارنىڭ موھتاجلىقىنى قاندۇرۇشقا ئىختىيار قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىككىيلەن زادى قانداق شەرتلەر بىلەن بىر قارارغا كېلەلىدى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلار. دۇرۇس، بەزىلەر ھەمىشە ماڭا: ”دۇنيادا ئەسلىيەت قوينىدىكى ئادەملەردىنمۇ ئۆتە پاجىئەدە ياشايدىغانلار بولمىسا كېرەك“ دېگەن گەپنى قىلىدۇ. مۇبادا ئۇ گەپ توغرا بولسا،



يۇقىرىدا ئىسپاتلاپ ئۆتكىنىمدەك، مېنىڭچە ئادەمزات ئارىدىن نەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئاشۇنداق ھالەتتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلگەن ھەم قۇتۇلۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. دېمەك، يۇقىرىقى گەپ تەبىئەت ياراتقان ئادەم ئۈستىدىن ئەمەس، بەلكى تەبىئەت ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت. ئەمما، ”پاجىئە“ دېگەن بۇ سۆز ھەققىدىكى توغرا چۈشەنچەم نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتسام، ئۇ بىر بولسا شەك - شۈبھىسىز تىرەمن؛ بىر بولسا ئادەمنى مۇشكۇلاتقا جۆنەيدىغان نامراتلىق ھەمدە ئازابلىق تەن ياكى روھنىڭ تەسۋىرى، خالاس. باشقىلارنىڭ تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى بەكمۇ خالايمەن: كۆڭلى توق، تېنى ساغلام ھۆر ئادەملەر يەنە قانداق پاجىئەلەرگە دۇچ كەلسۇن؟ ھازىرقى زامان مەدەنىي تۇرمۇشى بىلەن ئىپتىدائىي ھالەتتىكى تۇرمۇشنىڭ قايسىسى ئادەمنى بەكرەك قىينايدۇ؟ ئەتراپىمىزدا ھاياتتىن دادلىمايدىغانلار يوق دېيەرلىك. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئىسسىق جېنىدىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ۋاز كېچىۋاتىدۇ. بۇنداق قالايمىقانچىلىقلارنى توسۇشقا، ئىلاھىي قانۇنلار بىلەن دەھرىي قانۇنلارمۇ پايلىمايۋاتىدۇ. ھۆر ياشايدىغان بىرەر بەدەۋىنىڭ ئۆز ھاياتىدىن زارلانغانلىقىنى ياكى ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئاڭلىغانلار بارمۇ؟ دېمەك، بىز غۇرۇرىمىزغا ئېلىپ بەكلا غادىيىۋالماي، ھەقىقىي پاجىئەنىڭ زادى نەگە يوشۇرۇنغانلىقىغا ئادىل ھۆكۈم قىلىپ باقايلى. دۇنيادا بەدەۋىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت ئۈچۈن باش قاتۇرۇشىدىن، شەھۋەت ۋەسۋەسىسىگە ئەسىر بولۇپ قېلىشىدىن، ئۆزگە قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئىشلار خۇسۇسىدا تالاش - تارتىش قىلىشىدىن ئۆزگە پاجىئە بولمىسا كېرەك. ئاقىلانە پەرۋەردىگارغا شۈكرانىلەر بولغايكى، ئۇ ئادەمزاتنى يوشۇرۇن ئىقتىدارغا نائىل قىلدى. ئۇنداق يوشۇرۇن ئىقتىدار پەقەت ئىنسانلار ئۇنى ئىشقا سېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىلا ئاندىن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىشقا سېلىنىشتىن ئىلگىرى ئىنسانغا ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالمايدۇ؛





شۇنداقلا لازىم بولغاندا كامالەت پەيتىگە كېچىكىپ ئېرىشكەنلىكى سەۋەبلىك ئۆز رولىنى يوقىتىپمۇ قويمايدۇ، بەدەۋىلەرنىڭ تۇغما تەبىئىتىگە ئەسلىيەت قويىندا ياشاشقا لازىملىق ئىقتىدار ـ كارامەتلەرنىڭ ھەممىسى يۇغۇرۇلغان. شۇنىڭدەك ئۇ ئەقلىيىتىنىڭ تەدرىجىي راۋاجلىنىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زۆرۈر ھاجەت ـ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا قادىر بولالايدۇ.

بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، ئەسلىيەت قويىنىدىكى ئىنسانلار ئارا ھەرقانداق شەكىلدىكى ئەخلاق مۇناسىۋىتى ياكى بىر بىلىدىغان بۇرچ، مەجبۇرىيەت دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، ئۇلارنى ئاق كۆڭۈل دېگىلىمۇ، رەزىل دېگىلىمۇ بولمايدۇ. جۈملىدىن ئۇلارغا رەزىل قىلمىشلار ياكى ئەزگۈ ئەتىمىشلەر بىھاجەت. ئەمما، يۇقىرىقى ئېرمىنلارنى فىزىيولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشەنسەك، يەنى ”رەزىللىك“نى شەخسنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشىغا كاشىلا قىلىدىغان خۇلق، ”ئاق كۆڭۈللۈك“نى شەخسنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان خۇلق، دەپ بىلسەك ئۇنىڭ يولى بۆلەك. بۇنداق ئەھۋالدا، تەبىئەتكە ئۆكتە قوپۇش تۈيغۇسى ناھايىتى ئاجىزلارنى ”ئەڭ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر“ دەپ تەبىرلەشكە مەجبۇر بولىمىز. ئەمما، مۇبادا يۇقىرىقى ئېرمىنلارنىڭ ئادەتتىكى مەنىسىنى يادرو قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا ھەم ئۆزىمىزنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشىغا مەپتۇن بولۇپ كەتمەسلىكىمىز، ھەم ئاشۇ قاراش ئاساسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز، ئەكسىچە قولىمىزدىكى تارازا بىلەن شۇنى دەڭسەپ كۆرۈشىمىز لازىم: مەدەنىيلەر ئارىسىدا رەزىللەر كۆپمۇ ياكى ئاق كۆڭۈللەر كۆپمۇ؟ مەدەنىيلەرنىڭ ئەخلاق ۋەجىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلىرى، رەزىللىكى ۋەجىدىن ئۇچرىغان زىيان ـ زەخمىتىدىن كۆپمۇ؟ ئۇلار بىر ـ بىرىگە خەيرخاھلىق قىلىشقا تەدرىجىي ئادەتلەنگەندىن كېيىن، بۇ جەھەتتىكى بىلىدىغانلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر ـ بىرىگە يەتكۈزگەن زىيان ـ زەخمىتىنىڭ ئورنىنى





تولدۇرالدىمۇ ـ يوق؟ ياكى ئۇلار ناۋادا ھەرقانداق رەزىللىكنىڭ ۋەھىمىلىرىدىن، شۇنداقلا باشقىلار خەير ـ ئېھسان قىلىپ قويارمىكىن، دېگەن تەمەدىن خالىي ياشاۋاتقان بولسا، ئۇلارنى باشقىلارغا تايىنىپ ياشاشقا ۋە تەڭسىز ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى چەمبىرىكى(بىرى ھەممىگە شەرتسىز ماقۇل دەيدىغان، يەنە بىرى باشقىلارغا ھىممەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلىك مۇناسىۋەت چەمبىرىكى) ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتقانلاردىن بەختلىك دېيىشكە بولارمۇ؟

بىز خوببېسنىڭ بولۇپمۇ تۆۋەندىكى يەكۈنىگە ناقايىل: "ئىنسانلار ئاق كۆڭۈللۈككە ياتلىقى بىلەن يارالمىشىدىنلا رەزىلدۇر؛ ئەزگۈ پەزىل ھەققىدىكى بىلىملەرگە ناقىسلىقى بىلەن يارالمىشىدىنلا چۈشكۈن ۋە رەسۋادۇر؛ ئۆزگىلەر ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى تونۇماسلىقى بىلەن يارالمىشىدىنلا باشقىلار ئۈچۈن ھىممەت قىلىشقا قارشىدۇر؛ ھاجەتلىرىنى جاكارلاشقا ھوقۇقلۇق بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىنى كۈللى ئالەمنىڭ يېگانە ھەقدارى ھېسابلايدىغان ھاماقەتتۇر!" دەرۋەقە، خوببېس بارلىق تەبىئىي ھوقۇققا بېرىلگەن يېڭى ئېنىقلىمىلاردىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئېنىقلىمىلىرى ئاساسىدا چىقارغان يەكۈنىدىن ئايانكى، ئۇمۇ تەبىئىي ھوقۇق ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدە پىرىنسىپ جەھەتتىن ئوخشاشلا كەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. شۇڭا خوببېس ئېتىراپ قىلىشى كېرەككى، ئەسلىيەت قوينىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش خۇسۇسىدىكى ئەتمىشلىرى باشقىلارنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشىغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا، ئەسلىيەت تىنچلىقنى ساقلاشقا پايدىلىق، ئىنسانىيەتكە ئەڭ باب كېلىدىغان ھاياتلىق ھالىتىدۇر. لېكىن، خوببېس بۇنىڭ ئەكسىچە يەكۈن چىقىرىپتۇ. چۈنكى، ئۇ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى قاندۇرۇش تەلىپىنى قانداقتۇر مەنتىقىگە خىلاپ ھالدا بەدەۋىلەرنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش خۇسۇسىدىكى ئىنتىلىشلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. يەنە كېلىپ





ئۇنداق ئارزۇ-ئىستەكلەر زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، قانۇنچىلىقنىڭ زۆرۈر شەرتى، خالاس. خوببېس ئىلگىرى: "بەدەۋىلەر تىمەن بالىنىڭ ئۆزى" دېگەنىكەن. ئەسلىيەت قويىندىكى ئىنسانلار راستىنلا تىمەن بالىغا ئوخشامدۇ-يوق؟ بۇنى يەنىمۇ كۆزىتىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. خوببېسنىڭ "بەدەۋىلەر تىمەن بالىنىڭ ئۆزى" دېگەن گېپىگە "ھەئە، شۇنداق!" دەپمۇ تۇرايلى، ئۇنداقتا بۇنىڭدىن قانداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن؟ ئويلاپ كۆرەيلى: ناۋادا بىراۋ كۈسمەستەك تەمبەل تۇرۇپمۇ، گويا ئاجىز-زەئىپلەردەك باشقىلارغا تايىنىپ كۈن ئالسا، دېمەك ئۇ ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلالايدۇ، دېگەن گەپ. مەسىلەن، ئۇ ۋاقتىدا ئېمەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئانىسىغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن؛ "يولۇمنى توسىۋالدىڭ" دېگەن باھانە بىلەن ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى، ئۇنىڭغا دەخلى قىلغان ياكى ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلارنى چىشلىۋېلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ يەردە بىر-بىرىگە زىت مۇنداق ئىككى خىل قىياس مەۋجۇت. ئۇنىڭ بىرى، ئەسلىيەت قويىندىكى ئىنسانلار تىمەن كېلىدۇ دېگەن قىياس؛ يەنە بىرى، ئەسلىيەت قويىندىكى ئىنسانلار باشقىلارغا تايىنىدۇ دېگەن قىياس. خوببېس بۇ يەردە مۇنداق بىر نۇقتىنى ھېس قىلالمىغان: ھوقۇقشۇناسلارنىڭ نەزەرىدىكى بەدەۋىلەرنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان سەۋەب دەل خوببېسنىڭ نەزەرىدىكى بەدەۋىلەرنىڭ ئۆز كارامىتىنى كەلسە-كەلمەس ئىشقا سېلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان سەۋەبنىڭ ئۆزىدۇر. شۇڭا، بەدەۋىلەر نېمىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى قەتئىي بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، رەزىللىكتىنمۇ بىخەۋەر، ئەلۋەتتە. دېمەك، بۇ يەردە بەدەۋىلەرنى يامانلىقتىن توسقىنى قانداقتۇر كامالەتكە يۈزلەنگەن ئەقىل-پاراسەت ئەمەس، قانۇنىي چەكلىمىلەرمۇ ئەمەس، بەلكى ئىنسان تۇيغۇسىدىكى ئارامخۇدالىق ۋە ئۇلارنىڭ رەزىللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى







بىلمىگەنلىكى*. ئۇنىڭدىن باشقا خوببېس مۇنداق بىر پىرىنسىپنى چۈشۈرۈپ قويغاندەكمۇ قىلىدۇ: پەرۋەردىگار ئىنسانغا ئازاب تارتتۇاتقان يەنە بىر ئىنساننى كۆرگەن هامان، ئۇنىڭدىن بىزار بولىدىغان بىر خىل تۇغما خاراكتېرنى سىڭدۈرگەن. بۇنداق بىزارلىق ئالاھىدە ئەھۋالدا ئاشۇ كىشىنىڭ غۇرۇرىنى ئاز-تولا پەسكويغا چۈشۈرۈش ياكى ئۇنىڭ غۇرۇر شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىكى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئىستىكىنى ئاز-تولا پەسەيتىش ئارقىلىق، ئاشۇ كىشىنىڭ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش شىجائىتىگە چەك قويالايدۇ. ”نەسلداشلىرىغا ئىچ ئاغرىتىش ئىنساننىڭ بىردىنبىر تەبىئىي ئەخلاقىدۇر“ دېگەن پىكىرنى ھەتتا ئەڭ جاھىل تەنقىدچىلەرنىڭمۇ رەت قىلالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇڭا، بۇ جەھەتتە تەنە، تەنقىد دېگەنلەردىن ئەندىشە قىلىپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق. يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن ”ھېسداشلىق“ بىزدەك ئاجىز ھەم نۇرغۇن ئاغرىق-سىزلاقنىڭ دەردىنى تارتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان جانلىق ئۈچۈن ئىنتايىن باب كېلىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇشتۇر. دېمەك، ئىنسانلاردا ئەقىل يېتىلىشتىن ئىلگىرىلا ئىپادىلىنىشكە باشلىغان ئەڭ تۈپكى ئەزگۈ پەزىل بولمىش ھېسداشلىق، ئادەمزات ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئىدى. ھېسداشلىق ئاشۇنداق تەبىئىي ئەزگۈ پەزىل بولغانىكەن، ئۇنىڭغا ئادەمزاتلا ئەمەس، ھەتتا گاھىدا ھايۋانلارمۇ مايىل كېلىدۇ. مەسىلەن، چىشى يىرتقۇچنىڭ بالىسىغا نەقەدەر مېھرىبان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بالىسىنى قوغداش ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر خېيىم-خەتەرلەرگە ئۆزىنى ئاتىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز؛ ئاتلارنىڭ ئۇششاق جانلىقلارنى دەسسىۋەتمەي دەپ، ئاتلاپ ئۆتىدىغانلىقىنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ھەرقانداق ھايۋان نەسلداشلىرىدىن بىرەرسىنىڭ جەسىتىنى يانداپ ئۆتكىنىدە،

* ”سكوتىيالارنىڭ رەزىللىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئېرىشكەنلىرى يۇنانلىقلارنىڭ ئەزگۈ پەزىلنى تونۇغانلىقى سەۋەبلىك ئېرىشكەنلىرىدىن كۆپ ئىدى“؛ يۇۋستەيىن: «تارىختىن قىسقىچە توپلام» 2-جىلد 3-باب.





كۆپىنچە ئازاب ۋە ھەسرەتلىرىنى باسالماي قالىدۇ؛ بەزى ھايۋانلار ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن نەسلداشلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىچە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ؛ قۇشخانىغا ئېلىپ كىرىلگەن كالا چىغىدا ئازابلىق ھۆركىرەيدۇ. دېمەك، بۇلار ھايۋانلارنىڭمۇ ساراسىمىگە چۈشكەندە ئاجايىپ بىر خىل ھېس- تۇيغۇغا كېلىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. «ھەسەل ھەرىسى» ناملىق مەسەلنى يازغان ئاپتورنىڭمۇ ئادەمزاتنىڭ كۆڭلى يۇمشاق ۋە ھېسسىياتلىق ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى خۇشاللىق ئىچىدە كۆرۈپ يەتتۇق. ئۇ بۇرۇنقىدەك تاڭسۇق ۋە لولى ئۇسلۇبتىن خالىي تەسۋىرلىرىدە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدىغان مۇنداق مەنزىرىنى نامايان قىلىدۇ: قاماقتىكى بىرەيلەن قەپەسنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، يىرتقۇچنىڭ بىر ئانىنىڭ باغرىدىكى بالىسىنى تارتىپ ئېلىپ، دەرمانسىز بالىغا ئېغىز سالغانلىقىنى ۋە ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن بالىنىڭ ئىچ- باغرىنى يىرىپ تاشلىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. بۇ ئىش ئۇ ئادەمنىڭ مەنپەئەتىگە قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاشۇ مەنزىرىنى كۆرگەن دەقىقىلەردە يۈرەك- باغرى ئۆرتەنگەندۇ؟! ئاشۇ پاجىئەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ھوشىدىن كەتكەن ئانا بىلەن سەكراتتىكى بالىغا ياردەم قولىنى سۇنالمىغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلانغاندۇ؟!

بۇنىڭ ئۆزى تەبىئىي ئۇرغۇغان، شۇنداقلا ھەرقانداق پىكىر- مۇلاھىزىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ھاياجان. تەبىئىي ھېسداشلىقتىن بالقىپ چىقىدىغان بۇنداق كۈچ- قۇدرەتنى، ھەتتا ئەڭ ئېغىر ئەخلاقىي چىركىنلىكمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ. شۇڭا، بىز تىياتىرخانىدا كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم شور پېشانىلەر دۇچ كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتلەردىن يۈرىكى ئېزىلگەنلىكىنى، ھەتتا كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز يېشى قىلىشقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز.





بېرنارد ماندېۋىل* شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنكى، ئادەمزات ھەرقانداق ئەزگۈ پەزىلىنىڭ ساھىبى قىلىپ يارىتىلغىنى بىلەن، ناۋادا پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئەقلىيەتكە مەدەتكار ھېسداشلىقنى ھىممەت قىلمىغان بولسا، ئادەمزات يىرتقۇچلاردىن پەرقلەنمىگەن بولار ئىدى. ئەمما، بېرنارد ماندېۋىل ئۆزى ئېتىراپ قىلمىغان بارلىق ئىجتىمائىي ئەزگۈ پەزىلىنىڭ دەل ھېسداشلىقتىن ئىبارەت بۇ مەنئۇيەتنى مەنبە قىلىدىغانلىقىنى بايقىيالمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئاجىزلار، جىنايەتچىلەر ۋە بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەن ھېسداشلىقتىن ئۆزگە ھىممەت، شەپقەت ۋە مۇھەببەت بولسۇنمۇ؟! غەمخورلۇق، ھەتتا دوستلۇق ... دېگەنلەرنى چىن مەنىسىدىن چۈشىنىپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ پەقەت پەۋقۇلئاددە شەيئىلەرگە بولغان مەڭگۈلۈك شەپقەتتىن تۇغۇلغانلىقىنى بايقايمىز. چۈنكى، بىراۋغا ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن خالىي ئېسەنلىك تىلەشنىڭ ئۆزى سائادەت تىلىگەنلىك ئەمەسمۇ؟! ھېسداشلىق ئۆزىمىزنى ئوقۇبەتتە قالغانلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ باققان چاغدىكى بىر خىل تۇيغۇ(بۇنداق تۇيغۇ بەدەۋىلەردە نائېنىق، ئەمما كۈچلۈك؛ مەدەنىيلەردە ئېنىق، ئەمما ئاجىز بولىدۇ) بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پىكىر ـ قاراشلىرىمىزنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئۆزگە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ئەمەلىيەتتە ياندا قاراپ تۇرغان ھايۋان ئوقۇبەتتە قالغان ھايۋاننىڭ دادىغا قانچىكى جور بولالىسا، ئۇنىڭ ھېسداشلىقى شۇنچە كۈچىيىدۇ. دەرۋەقە، ئەسلىيەت قويىندىكى ھېسداشلىق ئەقلىيەت قويىندىكى ھېسداشلىققا قارىغاندا نەچچە تۈمەن ھەسسە چىن ۋە كۈچلۈك كېلىدۇ. ئەقلىيەت يەنى ئىدراك كىشى

---

* يېقىنقى زامان ياۋروپا تارىخىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان مۇتەپەككۇر؛ «ھەسەل ھەرىسى» ناملىق مەسەلنىڭ ئاپتورى. بۇ ئەسەر 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەنگلىيەدە تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىغان. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپا مۇتەپەككۇرلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر بېرنارد ماندېۋىلنى ”خۇلق ـ مىجەزى چىركىن ئەبلەخ“ دەپ تەنقىدلەپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان؛ 1723 ـ يىلى بۇ ئەسەر ئۈچىنچى قېتىم نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئەنگلىيەدىكى مەلۇم بىر يەرلىك سوت مەھكىمىسى ئاشۇ ئەسەر ھەققىدە مەخسۇس دېلو تۇرغۇزۇپ، بۇ ئەسەرگە: ”جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن ئىجتىمائىي ئاپەت“ دېگەن گۇناھنى ئارتقان، بەيدۇ تورىدىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.





كۆڭلىدە غۇرۇرنى بىخلاندۇرىدۇ؛ ھالبۇكى، غۇرۇر پىكىر - مۇلاھىزە نەتىجىسىدە كۈچىيىپ بارىدۇ. ئەقلىيەت ئادەمنى قوغدىنىشقا ئىنتىلدۇرىدۇ؛ پىكىر - مۇلاھىزە ئادەمنى ئاۋارىچىلىك ياكى دەخلىگە ئۇچرىتىدىغان ئەتىمشلەردىن يىراق تۇرۇشقا دالالەت قىلىدۇ. پەلسەپە ئادەملەر بىلەن دۇنيانى ئايرىپ، كىشىلەرنى ئوقۇبەت چېكىۋاتقانلارنى كۆرگىنىدە: "ئۆلگۈڭ كەلگەن بولسا ئۆلمەمسەن، مەن ئامان قالساملا بولدى!" دەپ پىچىرلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئورتاق خېيىم - خەتەردىن باشقا ھېچقانداق نەرسە پەيلاسوپلارنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتالمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭ دېرىزىسىنىڭ تۈۋىدىلا نەسىلداشلىرىنى ھېيىقماستىن ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇنداق دانىشلار بىقوۋۇل - بىچارىلەرگە بولغان ئىخلاسەن ھېسداشلىقىغا ئىككى قولىقىنى ئېتىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى بىر نەچچە ئېغىز ئاقلاش يولى بىلەن توسۇق سالالايدۇ. ئەمما، بەدەۋىلەر ئۇنداق قابىل قىلارلىق ئىقتىداردىن مەھرۇم. چۈنكى، ئۇلاردا ئەقىل ۋە پاراسەت كەمچىل بولغىنى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتكە خاس ھېس - تۇيغۇغا ئويلانماي تۇرۇپلا رايىشلىق قىلىۋېرىدۇ. مىسالەن، كوچا - كويدا مالىمانچىلىق ياكى جەڭگى - جېدەل بولۇپ قالسا، ئاۋام پۇقرا چۇمۇلىدەك ئولىشىدۇ-يۇ، ئېھتىياتچانلار دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ؛ ياقا سىقىشىۋاتقانلارنى ئاجرىتىدىغان، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى قان تۆكۈشتىن توسىدىغان ئىش دەل تەربىيە كۆرمىگەن لۈكچەكلەر بىلەن كوچا خوتۇنلىرىغا قالىدۇ.

شۇڭا، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، تەبىئىي تۇيغۇدىن بولمىش ھېسداشلىق شەخسنىڭ مەنپەئەتخورلۇقىغا چەك قويۇش ئارقىلىق، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ئارا ھامىيلىق ئاساسىدىكى بىر پۈتۈن مەۋجۇتلۇقىغا تۈرتكە بولالايدۇ. ھېسداشلىق بىزنى بىراۋنىڭ مۇشەققەتتە قالغىنىنى كۆرگىنىمىزدە ئۇنىڭغا ھېچ ئىككىلەنمەيلا ھىممەت قولىمىزنى سۇنۇشقا دالالەت قىلىدۇ؛ ھېسداشلىق پەۋقۇلئاددە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى







ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئەسلىيەت قوينىدىكى ھاياتلىقتا قانۇن، ئەخلاق ۋە ئەزگۈ پەزىلەتلەرنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. جۈملىدىن ھېسداشلىقنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۆزگىچىلىكى، ئۇنىڭ يېقىملىق ساداسىغا ھەرقانداق ئادەمنىڭ رايىشلىق بىلدۈرەلەيدىغانلىقىدا. ئۇ تىمەن بەۋەدىلەرنى باشقا جايدىن ئولجا تېپىش ئىمكانىيىتى بولسىلا، نارەسىدىلەر بىلەن ئاجىز قېرىلارنىڭ ئىلكىدىكى مىلىك تەستە قولغا كەلگەن ئولجىغا كۆز ئالايتماسلىققا دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەقلىيەت ۋە ھەققانىيەت مەنىسىگە باي "پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە!" دېگەن ئىبارىنىڭ ئورنىغا ئادەمزاتنىڭ تەبئىي خاراكتېرىگە تازا باب كېلىدىغان "ئۆز مەنپەئەتىڭنى دەپ باشقىلارغا زەخمەت يەتكۈزمە!" دېگەن ئىبارىنى دەسسىتىپ، ئۇ ئارقىلىق كۆڭلى ئىنسانغا ئىلھام بەخش ئەتتى. بۇ ئىبارىلەرنىڭ ئالدىنقىسى كېيىنكىسىدەك كەم-كوتىسىز بولمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا كارغا كېلىدۇ. قىسقىسى، رەزىللەر گەرچە تەلىم-تەربىيە ھەققىدىكى ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن قىلچە خەۋەرسىز بولسىمۇ، ئەمما ئادەملەرنىڭ رەزىللىك قىلغانلىقىدا نېمە ئۈچۈن ئۆكۈنىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سىرلىق تالاش-تارتىشلاردىن ئەمەس، بەلكى يۇقىرىقىدەك تەبئىي تۇيغۇدىن ئىزدىگەن تۈزۈك. سوقرات ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر تەبىقىدىكىلەرنىڭ نەزەرىدە ئەزگۈ پەزىلىنى ئەقلىيەت ئارقىلىق يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشتا شەخسلەرنىڭ ئەقلىي خۇلاسىسىگىلا تايانغان بولسا، ئىنسانىيەت ئاللىقاچان ئۇرۇقىدىن قۇرۇپ كەتكەن بولاتتى.

ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ شەھۋىتى شۇقەدەر ئاجىز ھەم ھېسداشلىقنىڭ چەكلىمىسىدە تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى رەزىل دېگەندىن كۆرە، قىلىقسىز دېگەن تۈزۈك؛ ئۇلارنى باشقىلارغا قەستەن زەخمەت يەتكۈزىدۇ دېگەندىن كۆرە، ئاڭلىق رەۋىشتە زىيان-زەخمەتتىن قوغدىنىدۇ، دېگەن تۈزۈك. دېمەك، ئىپتىدائىي ئادەملەر ئارىسىدا ناھايىتى خەتەرلىك جەڭگى-جېدەللەر ئاسانلىقچە





كۆرۈلمەيدۇ. ئۇلار باشقىلار بىلەن ھېچقانداق باردى-كەلدى قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن، "شۆھرەتپەرەسلىك"، "قەدىر-قىممەت"، "ھۆرمەت-ئېھتىرام" ياكى "تەكەببۇرلۇق" ... دېگەنلەرنى ئەمەلدە كۆرسىتىش پۇرستى بولمايدۇ. ئۇلاردا "سېنىڭ"، "مېنىڭ" دېگەن ئۇقۇمۇ، ھەقىقىي ئادىللىق ئۇقۇممۇ مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار كەلگۈسى ھۇجۇمنى جان تىكىپ يۇيۇشقا تېگىشلىك نومۇس دەپ ئەمەس، بەلكى ئانچىكى بىر زىيان-زەخمەت دەپلا بىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلاردا گويا ئىتنىڭ باشقىلار ئاتقان تاشنى يۇگۈرۈپ بېرىپ چىشلەپ قويغىنىدەك، تەبىئىي تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا قارشىلىق بىلدۈرگەندىن باشقا، ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئاش-ئوزۇق جەڭگى-جېدەل پەيدا قىلغان نىشاندىنمۇ جەلپكار. شۇڭا، ئۇلار ئارىسىدا قانلىق پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدىغان جەڭگى-جېدەل ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئەمما، ئۇلار ئارىسىدىكى يەنە بىر تۈرلۈك جېدەل-ماجىرانى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمدەك قىلىدۇ.

كىشى كۆڭلىنى لەرزىگە سالىدىغان شەھۋەت ۋەسۋەسىسىنىڭ ئەر ۋە ئايال ئىككىسى بىر-بىرىگە تەقەززا بولغان چاغدىكىسى ئەڭ قىزغىن، ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئادەمنى ھەرقانداق خېيىم-خەتەرگە ئۆزىنى ئېتىشقا، ھەرقانداق توسۇقلارنى بۆسۈشكە دالالەت قىلىدىغان قورقۇنچلۇق ئىستەك. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇددىئاسى ئەۋلاد قالدۇرۇش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قىيامىغا يەتسە، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىۋېتەلەيدۇ. ناۋادا ئادەمزات ئاشۇنداق ئەسەبىي، ۋەھشىيانە، نومۇسسىز ۋە تىزگىنسىز شەھۋەتنىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئەسىر بولۇپ قالسا، كىشىلەر ئاشنا تالىشىپ ھەر كۈنى قان تۆكىدىغان گەپ. ئۇنداقتا ئادەملەر نېمىگە ئايلىنىپ قالار؟!

دېمەك، شەھۋەت ۋەسۋەسىسى قانچە كۈچەيگەنسېرى، ئۇنى قانۇن ئارقىلىق تىزگىنلەشنىڭ شۇنچە زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com







قىلماي بولمايدۇ. ئەمما، شەھۋەت ۋەسۋەسىسى سەۋەبلىك ھەر كۈنى يۈز بېرىۋاتقان مالىمانچىلىق ۋە جىنايى قىلمىشلار قانۇننىڭ ئۇنى تىزگىنلەشكە قادىر ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىر مەسىلە بار: ناۋادا قانۇن بولمىسا ئاشۇنداق مالىمانچىلىقلار كۆپچىيىپ كېتەرمىدى ياكى ئازىيىپ قالارمىدى؟ دەرۋەقە، قانۇننىڭ مالىمانچىلىقلارغا چەك قويالايدىغانلىقى راست. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن قانۇنغا "ئاشۇ مالىمانچىلىقلارغا دۇملەنگەن رەزىللىكنى تۈگەتكىن!" دېسەك، قانۇن ئالدىدا بىر سىنىقتا ئەررىمەيدىغان تەلەپنى قويغان بولىمىز.

ئەمدى بىز "سۆيگۈ"دىن ئىبارەت بۇ تۇيغۇنى مەنىۋى ۋە فىزىيولوگىيە جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈپ باقايلى. فىزىيولوگىيەلىك سۆيگۈ ــ كىشىنىڭ يات جىنسلىقلار بىلەن بولغان جىنسىي مۇلاقات ئىستىكىنى كۆچەيتىدىغان تۈپكى شەھۋانىي نەپس. مەنىۋى سۆيگۈدە بولسا، يۇقىرىقىدەك ھەۋەس ئالدى بىلەن تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، نىشان باشقىلارنى يەكلەش ۋاستىسى بىلەن مەلۇم بىر ئوبيېكتقا مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ؛ ياكى ھېچ بولمىغاندا ئاشۇ نىشانىي ئوبيېكتقا بولغان سۆيگۈ كۈچلۈك تۇيغۇ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن، مەنىۋى سۆيگۈنىڭ ئىجتىمائىي ئادەت ۋاستىسى بىلەن كېيىن شەكىللەنگەن سۈنئىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرىمىز. بۇنداق تۇيغۇنى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ بىرلەمچى ئىستەك - ئارزۇسى بىلەن پەرۋىشلەپ يېتىلدۈرىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەرلەر ئالدىدا نوپۇز تىكلەپ، ئاخىر ئۆزلىرى بويسۇنىدىغان ئەرلەرگە ھاكىملىق قىلىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ خىل تۇيغۇ "ئاق كۆڭۈللۈك" بىلەن "چىراي - تۇرق"تىن ئىبارەت يوقۇلئاددە ئۇقۇم ۋە ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئەمما، بەدەۋىلەردە بۇنداق ئۇقۇمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ ھەم ئۇلارنى سېلىشتۇرۇشنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلاردا يۇقىرىقىدەك تۇيغۇنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن





ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ مېڭىسى ”تەكشۈكلۈك“، ”نىسبەت“ دېگەندەك ئوخشاش ئابستراكت ئۇقۇملارنى شەكىللەندۈرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، يۈرىكىمۇ سۆيگۈ ۋە ئاشىقلىققا ياتىدىغان تۇيغۇنى ھېس قىلالمايدۇ. ئادەتتە سېزەلمىگىنىمىز بىلەن، سۆيگۈ ۋە ئاشىقلىقمۇ دەل ”ئاق كۆڭۈللۈك“ بىلەن ”چىراي-تۇرق“تىن ئىبارەت پەۋقۇلئاددە ئۇقۇمنى قوللىنىش مابەينىدە بىخ سۈرىدۇ. بەدەۋىلەر ئادەتتە ئۆزلىرى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان ئامراقلىق-ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىغا ئەمەس، بەلكى تەبىئەت ئاتا قىلغان بىقارارلىق(躁动)قا ئىتائەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇچۇن ئاياللارنىڭ ھەممىسى لايىق كېلىۋېرىدۇ.

فىزىيولوگىيەلىك سۆيگۈنىلا بىلىدىغان بەدەۋىلەر نېمىدېگەن بەختلىك-ھە! چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىش بىلەن بىرگە ئاشۇ نەپسىنى قاندۇرۇشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدىغان ھېرىسمەنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قىلچە ئۇقمايدۇ. شۇڭا، ئۇلاردىكى ھاياجانلىق تۇيغۇنىڭ قايتا-قايتا ۋە كۈچلۈك بولۇشى ناتايىن. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇلار ئارىسىدىكى جەڭگى-جېدەلمۇ كۆپ ۋە دەھشەتلىك بولمايدۇ. بىزنى ئېغىر دىلخەستىلىكلەرگە مۇپتىلا قىلىۋاتقان تەسەۋۋۇر بەدەۋىلەرنىڭ مەنئۇيىتىگە ئەسلا بۆسۈپ كىرىپ باققان ئەمەس. شۇڭا، ئۇلار ئادەتتە ئۆزلۈكىدىن ئۇرغۇيدىغان ھاياجانلىق تۇيغۇنى ئۈن-تىنسىز كۈتىدۇ ۋە ئاشۇ تەبىئىي تۇيغۇ پارتلىغان ھامان، يات جىنسلىقنىڭ ھەرقانداقىغا ئۆزىنى ئېتىۋېرىدۇ. بەدەۋىلەر فىزىيولوگىيەلىك ئارزۇسىغا يەتكەن ھامان، قۇترىغان ئىستەكلىرى لاسسىدە بوشايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى بۇ جەھەتتە ئەسەبىي دېگەندىن كۆرە، شادىمان دېگەن تۈزۈك.

دېمەك، سۆيگۈ ۋە ھەرقانداق شەھۋەت پەقەت جەمئىيەت قوينىدىلا تەلۋىلەرچە كۈچىيەلەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىداق تەلۋىلىكنىڭ ھەتتا ئەجەللىك بالا-قازا ئېلىپ كېلىدىغانلىقى قىل سىغمايدىغان

www.uyghurkitap.com







پاكىت. شۇڭا، بەدەۋىلەرنى ”ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي شەھۋىتى ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى توختىماي قەتلىئام قىلىدۇ“ دەپ تەسۋىرلەش ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىك. چۈنكى، رىئاللىق ئۇنداق تەسەۋۋۇرنىڭ ئەكسىچە. كارىبلار ھازىرغىچە دىگۈدەك ئەسلىيىتىگە ئەڭ يېقىن ھالەتتە ياشاپ كەلگەن مىللەت. ئۇلار ئىسسىق بەلباغدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، شۇنداقلا ئىسسىق بەلباغ ئىقلىمى شەھۋەتنى كۈچەيتىدۇ دەپ قارالسىمۇ، ئەمما كارىبلارنىڭ سۆيگۈ تۇرمۇشى ھەسەتتىن خالىي، ناھايىتى مۇلايىم ئۆتىدۇ.

نۇرغۇن جانىۋارنىڭ ئەركەكلىرى چىشىسىنى تالىشىپ توختىماي ئېلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، قۇش فېرمىسىدا تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قان ئىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ؛ ياكى بولۇپمۇ ئەتىياز كۈنلىرى يۇتكۇل ئورمانلىقنى قۇشلارنىڭ جورا تالاشقان چاغدىكى قىقاس ـ سۈرەنلىرى قاپلاپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ ھەقتە بىرەر ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشتىن ئىلگىرى، يۇقىرىقىدەك ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، غايىبىي قۇدرەت ئادەمزاتنىڭ ئەركەك ـ چىشىسىنى ئىقتىدار جەھەتتىن ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان نىسبەتتە ياراتقان. شۇڭا، خورازلارنىڭ سوقۇشۇشلىرى، ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئەقلىي خۇلاسىنىڭ دەلىلى بولالمايدۇ. ئەركەك، چىشىلىرىنىڭ نىسبىتى قۇشلارغا قارىغاندا تەڭپۇڭراق جانلىقلار ئارىسىدىكى جەڭگى ـ جېدەلگە، چىشىلىرىنىڭ ئەركەكلىرىدىن ئاز ئىكەنلىكى ياكى چىشىلىرىنىڭ ئەركەكلىرىنىڭ يېقىنچىلىقىنى رەت قىلغانلىقى سەۋەب بولىدۇ، يەنە كېلىپ چىشىلىرىنىڭ ئەركەكلىرىنى رەت قىلىشىمۇ دەل چىشىلىرىنىڭ ئەركەكلىرىدىن ئازراق ئىكەنلىكى ئۈچۈندۇر. ناۋادا ھەربىر چىشى جانىۋارنىڭ ئەركىكىنى قوبۇل كۆرىدىغان ۋاقتى پەقەت ئىككى ئايلا بولسا، بۇ ئەمەلىيەتتە چىشى جانىۋار سانىنىڭ ئالتىدىن بەشى ئازىيىپ كەتكەنگە باراۋەر. ھالبۇكى، بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ ھېچقايسىسى

ئادەمزاتقا باب كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاياللارنىڭ سانى ئادەتتە ئەرلەرنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ. ھالبۇكى، ھەتتا بەدەۋىلەر ئارىسىدىمۇ ئاياللارنىڭ باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش جىنسىيەتتە پەۋقۇلئاددە ئەسەبىيلىشىش ياكى ئەرلەرنى يەكلەش مەزگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىقى بايانىمىزدىكى جورا تالىشىپ قىقاس-چۇقان كۆتۈرىدىغان، ھەتتا جەڭگى-جېدەل قىلىدىغان جانلىقلارنىڭ بەزىلىرى ئومۇمىيۇزلۇك كۈيلەش مەزگىلىگە كىرگەندە ئاندىن ئاشۇنداق ئەسەبىيلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئادەمزات شەھۋىتىنىڭ مۇددىتى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئىنسانلار ئارىسىدا ئەسلا كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا، ئالاھىدە ھايۋانلار ئارىسىدا كۆرۈلىدىغان جورا تالىشىش جېدەللىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپلا، ئەسلىيەت قويىنىدىكى ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ. دەرۋەقە، بۇنىڭدىن ئىنسانلار ئارىسىدىكى جەڭگى-جېدەللەر ئىنسانلارنى باشقا جانلىقلاردەك بىراقلا گۇمران قىلىپ باققىنى يوق دېگەن خۇلاسىگە كېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنداق جەڭگى-جېدەللەرنى ئىنسانلارنىڭ قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق جەڭگى-جېدەللەرنىڭ ئەسلىيەت قويىنىدىكى ھاياتلىققا كەلتۈرىدىغان بۇزغۇنچىلىقى ئىجتىمائىيەتنىڭ-كىدىن ئاز ئىكەنلىكى ئېنىق. بولۇپمۇ ئۇنداق زىيان-زەخمەتلەر، ئەخلاقنىڭ ئېتىبارى بار ئەللەردىكى ئىنسانلار پەيدا قىلىۋاتقان بالا-قازالاردىنمۇ ئاز. ئۇنداق ئەللەردە ئاشىنىلارنىڭ ھەسەت-كۈنداشلىقلىرى ۋە ئەرلەرنىڭ قىساسخورلۇقلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك دوئېل، قاتىللىق، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قەبىھ ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭدەك ئەر-ئاياللىڭ بىر-بىرىگە ئەبەدىي سادىق بولۇش مەجبۇرىيىتى ئاخىر زىناخورلۇققا، ۋاپا-ئېپەت ۋە شان-شەرەپنى تەكىتلەيدىغان قانۇن بۇزۇقچىلىق ۋە ھامىلە قىردۇرۇشنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com







بۇنىڭدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىمىز: ئۇ زامانلاردىكى بەدەۋىلەر ئورمانلىقلاردا مېھمانسىز، تىلسىز، ئۆي ـ ماكانسىز ھالەتتە سەرسان، ئەمما ئۇرۇش ـ تالاشتىن خالىي ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن، نەسلداشلىرىغا ھېچقانداق ھاجىتى چۈشمەيتتى؛ باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈش مۇددىئاسىمۇ بولمايتتى، ھەتتا بىر ـ بىرىنى تونۇمايتتى. ئۇلاردىكى شەھۋەت ئىستىكى شۇ قەدەر ئاجىز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ ئىستەككە لايىق تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىلەر بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ھېس قىلىدىغانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ھاجىتى بىلەن، كۆرىدىغانلىرى ئۆزلىرى كۆرۈشنى زۆرۈر بىلگەن جىسمىيەتلەر بىلەن چەكلىنەتتى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئەقلىي كۈچى تەسەۋۋۇرىغا قارىغاندا ئانچە راۋاج تاپمىغاندى. ئۇلار قىسمەن شەيئىلەرنى تاسادىپەن بايقىيالىغان تەقدىردىمۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ بالىسىنىمۇ تونۇيالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ بايقاشلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمىدى. شۇڭا، ئۇ زامانلاردىكى ھەرقانداق ھۈنەر، ئىختىراچىسىنىڭ قازاسى بىلەن تەڭلا غايىب بولاتتى. تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئىلگىرىلەشتىن مەھرۇم ئىنسانلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەھمىيەتسىز كۆپىيىۋەردى، يەنە كېلىپ ھەربىر ئەۋلادنىڭ ھاياتى ئوخشاشلا نۆلدىن باشلىناتتى. دېمەك، نەچچە ئەسىرلىك جەريان ئىپتىدائىي دەۋرنىڭ تۇرغۇنلۇقلىرى ئىچىدە غايىب بولۇپ كەتتى. قىسقىسى، ئىنسانلار ئاشۇ خىل ھالەتتە ناھايىتى قەدىمكى مەۋجۇدىيەتلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بالىلىقىدىن قۇتۇلالمىدى.

دەقيانۇستىن قالغان خاتا چۈشەنچە ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى تۈگىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىم خۇسۇسىدا ئۇزۇن گەپ ساتتىم. مېنىڭچە، بۇ نۇقتىدا مەسىلىنى تۈپ نېگىزىدىن ئىنقىلاپ، ئىپتىدائىي ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسىنى يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئادالەتسىزلىكنى، ھەتتا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئارىسىدىكى





تەڭسىزلىكنى نامايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يازغۇچىلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەڭسىزلىك خۇسۇسىدا يازغانلىرىنى ئىشەنچلىك ۋە تەسىرچان پاكىتلار، دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى بەزىبىر ئوخشاشماسلىقلار، تەبىئىي پەرقلەر دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنداق پەرقلەر جەمئىيەت ئەزالىرى تاللىغان خىلمۇخىل تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، بىراۋنىڭ تېنىنىڭ ساغلام ياكى زەئىپلىكى، كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ تۇغما تەن ساپاسىنىڭ قانداقلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. ئىنسانلار ئەقلىدىكى پەرقلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. جۈملىدىن، تەلىم-تەربىيە ئوقۇغانلار بىلەن ساۋاتسىزلار ئارىسىدا مۇئەييەن پەرقنى شەكىللەندۈرۈپ قالماي، بەلكى ئۇ كۈچەيگەنسېرى يۇقىرىقىدەك پەرقمۇ زورىيىپ بارىدۇ. بۇ گويا پالۋان بىلەن توخۇ يۈرەك تەڭ يولغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما پالۋاننىڭ ھەر بىر قەدىمى ئۇنىڭ توخۇ يۈرەككە سېلىشتۇرغاندىكى ئەۋزەللىكىنى ئۈدۈللۈك ئاشۇرۇپ بارغانغا ئوخشايدۇ. ناۋادا ھازىرقى مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى پەرقلىق تەلىم-تەربىيە ۋە پەرقلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ھاسىلاتلىرىدىن بولمىش ھەيران قالارلىق رەڭدارلىق بىلەن يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ ۋە يۈرۈش-تۇرۇشتا قىلچە پەرقسىز ھايۋانلار، شۇنداقلا بەدەۋىلەرنىڭ ئاددىي-ساددا ۋە بىردەك تۇرمۇشىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئەسلىيەت قوينىدىكى ئىنسانلار ئارا پەرقنىڭ نېمە سەۋەبتىن مەدەنىي جەمئىيەتتىكى ئادەملەر ئارا پەرققە قارىغاندا يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىنسانلار ئارا تەبىئىي تەڭسىزلىكنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار ئۆز قولى بىلەن پەيدا قىلغان تەڭسىزلىك ۋەجىدىن زورىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى







يېتىمىز.

خۇددى كىشىلەر ئېيتقاندەك، غايىبىي قۇدرەت تۇغما تالانتنى تەقسىم قىلغاندا ئالەمشۇمۇل تەڭسىزلىككە يول قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئەسلىيەت قوينىدىكى ئۆز ئارا مۇلاقاتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ئادەملەرگە كۆرە ئېيتقاندا، بىراۋنىڭ تەلىيى ئۇلاردىن كېلىپ نېسىپ بولۇپ قالغان نەپ-پايدىسى باشقىلارغا يەنە نېمە زىيان-زەخمەت يەتكۈزسۇن؟ سۆيگۈدىن مەھرۇم جايدا گۈلچېھرىنىڭ يەنە نېمە كېرىكى بولسۇن؟ مۇلاقاتتىن مەھرۇم ئادەملەرگە ئەقىل-پاراسەتنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟ مەنپەئەت مۇئامىلىسىدىن مەھرۇم ئادەملەرگە مەككارلىقنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟ بەزىلەرنىڭ: "كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ئېزىدۇ!" دېگىنىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. ئەمما، بىراۋ ماڭا "ئېزىش" كەلىمىسىنىڭ زادى نېمە مەنىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويىسىكەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن. بۇ ئەجەبا بەزىلەرنىڭ باشقىلارغا زوراۋانلىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقى، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ خاھىشانە ئەتمىشلىرى دەستىدىن ئىڭراۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ بۇنداق ئەھۋاللارنى ئارىمىزدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەمما، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتنىڭ بەدەۋىلەر ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن ھەيرانمەن. چۈنكى، ئۇلار "قۇل قىلىش"، "ھۆكۈمرانلىق" دېگەنلەردىن ئەسلا بىخەۋەر. بەدەۋىلەر باشقىلارنىڭ قولىدىكى مېۋە-چېۋە ياكى ئولجىلارنى زورىغا تارتىۋالىدىغان، باشقىلارغا تەئەللۇق ئۆڭكۈرنى پاناھگاھ قىلىش ئۈچۈن مەجبۇرىي ئىگىلىۋالىدىغان تۇرسا، ئۇلار ئارىسىدا يەنە قانداقلارچە ئىتائەتچانلىق مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ ئاقلۇۋەتكەن پىيازدەك يوقسۇللار ئارىسىدا قانداق شەكىلدىكى ئىتائەتچانلىق زەنجىرى شەكىللىنەر؟ بەدەۋىلەردىن بىرەرسى بىر تۈپ دەرەخ ئۈستىدىن قوغلىۋېتىلسە، ئۇ ئىختىيارىي بىرىپ باشقا بىر تۈپ دەرەخنى ماكان ئېتەلەيدۇغۇ؟! ئىلگىرىكى ماكانىدا پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان



بەدەۋىلەرنىڭ باشقا يەرگە بەخىرامان كۆچۈپ كېتىشىنى كىم توسۇپ قالالايتتى؟ تەمەن بەدەۋىلەر چۈشكۈن، يالقاۋ ۋە ۋەھشىيلىكى سەۋەبلىك ئۆزىدىن ئاجىزلارغا ئاش ـ ئوزۇق سېلىقى سېلىپ، ئۆزى لەلەڭشىپ يۈرەلىسۇنمۇ؟! بەدەۋىلەر ئارىسىدا راستىنلا ئاشۇنداق ئادەم بار دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇ ئىسكەنجىسىدىكى ئاجىزلارنىڭ قېچىپ كېتىشى ياكى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ھېزى بولۇشى، جۈملىدىن ھەتتا ئۇخلايدىغان چاغلاردىمۇ ھوشيار تۇرۇشى شەرت. ئەمما، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزى ئېھتىيات قىلماقچى بولغان ئاۋارىچىلىكتىنمۇ نۇرغۇن دىشۋارچىلىققا قالىدۇ.

ئۇ ھەرقانچە ھوشيار تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىققىتى ئازراقلا چېچىلغان ياكى تۇيۇقسىز كەلگەن بىرەر شەپىدىن چۆچۈپ، باشقا ياققا قارىغان ھامان ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىكى ئاجىز بەندە "پەرت"تىدە قېچىپ ئورمانلىققا كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسكەنجىدىن قۇتۇلىدۇ؛ ھېلىقى زوراۋان بەدەۋى ئۇنى ئىككىنچىلەپ ئۇچرىتالمايدۇ.

يۇقىرىقى تەپسىلاتلار ھەققىدە ئارتۇقچە ئەزۋەيلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەممىمىزگە ئايانكى، ئىنسانلار ئۆزئارا ھاجەت ۋەجىدىن بىر ـ بىرىگە باغلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، قۇللۇقنىڭ ئاسارىتىمۇ دەل كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە يۆلىنىشى ۋە ئۆزئارا تەقەززاسى سەۋەبلىك شەكىللىنىدۇ. قىسقىسى، ناۋادا بىراۋ يەنە بىرەيلەندىن ئايرىلغان ھامان ياشىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپلا قالمىسا، ئۇ ئەبەدىي قۇل بولمايدۇ، يەنە كېلىپ بۇ ھال ئەسلىيەت قوينىدىكى ئىنسانلار ئارا مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، ئەسلىيەت قوينىدىكى ھەرقانداق ئىنسان ئاسارەتتىن مۇستەسنا بولغىنى ئۈچۈن، ھەتتا ئەڭ كۈچلۈك ئادەم بارلىق قۇدرىتىنى ئىشقا سالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئالالمايدۇ.

يۇقىرىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئارا تەڭسىزلىكنى ئۇچراتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، تەڭسىزلىك ئاسارەتلىرىنىڭ ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئۆتتۇم. ئەمدى تەڭسىزلىكنىڭ ئىنسانلار ئەقىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تور بېتى







ـ پاراستىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغانلىقى ۋە ئەدەپ كەتكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىمەن. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قابىلىيىتى، ئىجتىمائىي ئەزگۈ پەزىللەر ۋە ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا نىسىپ بولغان باشقا ئىقتىدارلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن يېتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار نۇرغۇن تاشقى ئامىلنىڭ تاسادىپىي ماسلىششىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنداق ئامىللار ئەبەدىي ھازىر بولماسلىقى، شۇ ۋەجىدىن ئىنسانلار ئىپتىدائىي ھالەتتە ئەبەدىي تۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ئۇنداق خىلمۇ خىل تاسادىپىيلىقلارنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ تەھقىقلەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ تاسادىپىيلىقلار ئادەمزات ئەقلىنى ئىزچىل مۇكەممەللەشتۇرەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بۇلغىۋەتتى؛ ئاشۇ تاسادىپىيلىقلار كىشىلەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرالىغان بولسىمۇ، ئەمما ئادەملەرنى رەزىللەشتۈرۈۋەتتى. ئاشۇ تاسادىپىيلىقلار ئىنسانلار بىلەن دۇنيانى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەسلىيىتىدىن بەزدۈرۈپ، ھازىرقى ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

مەن بايان قىلماقچى بولغان بۇ ۋەقەلەر خىلمۇ خىل شەكىلدە كۆرۈلۈشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇلار ئىچىدىن ئىمكانىيەتلىك، دەپ قارىغانلىرىمنى قىياسەن تاللاشقا مەجبۇرمەن. ناۋادا ئاشۇ قىياسلاردا شەيئىلەر ھازىرەتلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئاشۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى نۇقتىسىدىن ھۆكۈملەنگەن، شۇنداقلا قىياس ھەقىقەتنى بايقاشتا بىردىنبىر ۋاستە قىلىنغان بولسا، ئاشۇ قىياس بارا ـ بارا ئەقلىيەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، قىياسلىرىم ئاساسىدا چىقىرىدىغان خۇلاسەممۇ تەخمىنىي يەكۈنلەردىن بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، يۇقىرىقى قىياسلىرىمغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىر تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان باشقا تەلىماتتىن مېنىڭكىدەك يەكۈن چىقىرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئىنچىكە شەرھلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز:



ئۈچقۇر يىللار ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىشلارنىمۇ رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدۇ؛ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى سەۋەبلەر ئىزچىل داۋاملىشىۋەرسە، ئاخىر ھەيران قىلارلىق كۈچ ـ قۇدرەتنى ئاپىرىدە قىلىدۇ؛ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىشلار بىر تەرەپتىن، مۇئەييەن قىياسنى يوققا چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قىياستا مۇقىملاشتۇرۇلغان پاكىتنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاشۇ قىياسقا ھەمدەم بولىدۇ. توغرا ھېسابلانغان ئىككى پاكىت نامەلۇم ياكى نامەلۇم دەپ قارالغان بىر يۈرۈش ۋاستىچى ھادىسىلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ناۋادا تارىخنىڭ ئىلغا قىلغۇدەك ئىزناسى بولمىسا، تارىخقا سوڭدىشىپ يۈرۈپ، ئاشۇ گىرەلەشمە ھادىسىلەرنى ئىزدەيمىز؛ ناۋادا تارىخنىڭ ئىلغا قىلغۇدەك ئىزناسى بولسا، ئاشۇ ئىككى ئىشنى ئۆز ئارا باغلىغان ۋاستىچى ھادىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە پەلسەپەگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىمىز. ئاخىرىدا ھادىسىگە كۆرە ئېيتقاندا، شەيئىلەر ئوخشاشلىقىنىڭ خىلمۇ خىل پاكىتلارغا خاس تۈر ئايرىمىسىنى قانداقلارچە تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ بەكرەك ئاددىيلاشتۇرۇ ـ ۋەتكەنلىكىنى مۇتالىئە قىلىپ يۈرۈش ھاجەتسىز. ئۆزۈمگە كۆرە ئېيتسام، بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزەرىگە سۇنالىساملا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلىرىم ئۇ نۇقتىلارنى مۇلاھىزە قىلىپ يۈرمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ، شۇڭا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنى يۇقىرىقىدەك تىزىپ قويساملا ئىش تامام، ۋەسسالام.



www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى بۆلۈم

كىمدىكىم بىر پارچە يەرنىڭ چۆرىسىنى چىتلاپلا ئۇنى "بۇ يەر مېنىڭ!" دېيەلىسە ھەمدە ساددىلىقتا يېتىپ ئاشىدىغان بىر ئوچۇم ياۋاشنى ئاشۇ گېپىگە ئىشەندۈرەلىسە، مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي ئاساسچىسى شۇ، دېگەن گەپ. ناۋادا بىرسى چىقىپ قېقىلغان قوزۇقلارنى يۇلۇپ تاشلاپ، سۇقۇلغان قىرلارنى تۈزلىۋېتىپ، باشقىلارغا: "ئۇنداق ئالدامچىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭلار! يەردىن چىققان ھوسۇل ھەممە ئادەمگە تەئەللۇق بولغىنى بىلەن، يەرنىڭ ھېچكىمگە تەۋە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭلار — پەرۋەردىگارنىڭ ئۇرغىنى!" دېيەلىگەن بولسا، ئىنسانىيەت قانچىلىغان جىنايەت، ئۇرۇش-تالاش، قاتىللىق، ئازاب-ئوقۇبەت ۋە ۋەھىمە-تەشۋىش ... دېگەنلەردىن ئامان قالار بولغىيدى؟! ئەمما، ئۇ چاغدا ھەممىلا نەرسە بۇزۇلۇپ، ئۆكشىغلى بولمايدىغان يەرگە بېرىپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئېڭىنىڭ ئادەمزات مېڭىسىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇ پەقەت ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئىجادىي پىكىر-قاراشلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىدا تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار ئەسلىيەتنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا سەمەرىلىك ئىلگىرىلەشلىرى ئارقىلىق ماھارەت ۋە بىلىم ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ، ئۇنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇدۇم قالدۇرغان ۋە توختاۋسىز كامال تاپقۇزغانىدى. شۇڭا، ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشكە قايتا نەزەر تاشلاپ، تەستە راۋاجلانغان ئاشۇ مەۋجۇدىيەتلەر

ۋە ئۇزۇلمەي قولغا كەلگەن ئىلىم مېۋىلىرىنى ئوخشاش بىر نۇقتىدىن ئەڭ تەبىئىي تەرتىپ بويىچە ئەسلەپ ئۆتۈشكە مەجبۇرمىز.

ئادەمزاتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۇيغۇسى — ھاياتلىق تۇيغۇسى، ئەڭ دەسلەپكى غېمى — جېنىنى ئامان - ئېسەن ساقلاش غېمى ئىدى. يەردىن چىقىدىغان ھوسۇل ئۇلارنىڭ ھاجىتىگە تەق ئىدى؛ ئۇلار ئاشۇ ھوسۇللاردىن ئۆزلىرىدىكى تۇغما قابىلىيەتنىڭ ياردىمىدە پايدىلىناتتى. ئاچ - زېرىنلىك بىلەن باشقا ئارزۇ - ئىستەكلەر ئادەمزاتنىڭ خىلمۇخىل ھاياتلىق كەچمىشلىرىنى باشتىن كەچۈرۈشكە تۈرتكە بولغان بولسا، شەھۋەت تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇپ، نەسلىداشلىرىنى كۆپەيتىشكە ئىمكانىيەت ياراتتى. ئەمما، ئۇ يۈرەكتىن قايناپ چىققان تاتلىق ھېسسىياتنىڭ ئەمەس، بەلكى قارىغۇلارچە قوزغىغان ھاياجاننىڭ مەھسۇلى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى پەقەت ”ھايۋانىي قىلىق“ دېيىشكىلا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار شەھۋىتىنى قاندۇرغان ھامان، بىر - بىرىنى تونۇمايدۇ، ھەتتا بالىسى ئانىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل جان ساقلىغۇدەك بولغان ھامان، ئۇنىڭ ئانىسى ئالدىدا قىلچە كېرىكى قالمايدۇ - دە، بىر - بىرىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ.

مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتى شۇنداقلا سەزگۈ ئەزالىرى بولسىمۇ، ئەمما تەبىئەت ئاتا قىلغان زېھىن - زەكىيدىن قانداق پايدىلىنىش ۋە تەبىئەت قويىندىن نېمىگە ئېرىشىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان ھايۋان كەبى ھاياتىدۇر. ئەمما، ھەش - پەش دېگۈچە كەلگەن جەبىر - جاپا ئۇلارنى ئاشۇ مۇشەققەتلەرنى قانداق يېڭىشنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىدى. جۈملىدىن ئاسمان - پەلەك دەرەخلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يېيىشىگە كاشىلا قىلدى؛ ئوزۇق ئىزدەپ چىققان يىرتقۇچلار ئۇلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سالدى؛ يىرتقۇچلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ جېنىغا تەھدىت بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى تاۋلىنىشقا دالالەت قىلدى. شۇنداق، ئىپتىدائىي ئىنسانلار سەزگۈر، يۈگۈرۈك ۋە جەڭگىۋار



بولۇشى شەرت. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار شاخ ـ شۇمبا، تاش ـ تۇپراق ... دېگەندەك تەبىئىي قۇراللار بىلەن جابدۇندى: تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كاشىلىلىرىنى يېڭىشنى، گېزى كەلگەندە يىرتقۇچلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشنى، باشقىلاردىن ئاش ـ ئوزۇق تالىشىشنى، شۇنداقلا كۈچلۈكلەرگە تارتقۇزۇپ قويغان ئولجىلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدى.

ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار دۇچ كېلىدىغان جەبىر ـ جاپامۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. تۇپراق، كىلىمات ۋە پەسىلدىكى خىلمۇخىللىقلار ئۇلارنى پەرقلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللاشقا مەجبۇر قىلدى. بىر تال دان چاغلىق ھوسۇل چىقمىغان قەھەتچىلىك يىللار، ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەن زىمىستان قىشلار، چىدىغۇسىز تومۇزلار ... ھەممىنى ۋەيران قىلاتتى. بۇ ھال ئادەمزاتنى يېڭى ھۈنەر ـ كاراماتلەرنى ئىگىلەشكە تەقەززا قىلدى. دېڭىز ساھىلى ۋە دەريا بويىدىكى ئىنسانلار قارماقنى ئىختىرا قىلدى؛ بۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلار ۋە بېلىق گۆشى بىلەن جان ساقلايدىغان قوۋملار پەيدا بولدى. ئورمانلىقتىكىلەر ئوقيا ياساشنى ئۆگىنىۋالدى نەتىجىدە ئوۋچىلار بىلەن پالۋانلار مەيدانغا كەلدى. سوغۇق رايونلاردىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار بارا ـ بارا ئۆۋلانغان يىرتقۇچلارنىڭ تېرىسىنى يېپىنچا قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇلار چاقماق چېقىش، يانار تاغ پارتلاش ۋە تاسادىپىي كۆرۈلگەن باشقا ھادىسىلەردىن سوغۇققا تاقابىل تۇرىدىغان كۈچ ـ قۇدرەت ـــ ئوتنى بايقىدى. شۇنىڭدەك، ئالدى بىلەن ئوتنى ساقلاشنى، ئاندىن ئوت قالاشنى، ئاخىردا ئىلگىرى خاملا يەيدىغان گۆشلەرنى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇپ يېيىشنى ئۆگەندى.

ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ۋە ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ قايتا ـ قايتا ئۇچرىشىشى ئادەمزاتنىڭ مېڭىسىدە ”سېلىشتۇرما مۇناسىۋەت“ ئۇقۇمىنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاشۇنداق ئۇقۇملارنى ”چوڭ“، ”كىچىك“، ”كۈچلۈك“، ”ئاجىز“، ”تېز“، ”ئاستا“،







”جەسۇر“، ”بوزەك“ ... دېگەندەك ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بولدى. ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىكى ئۇنداق ئۇقۇملار گېپى كەلگەندە ئاساسەن دېگۇدەك ئاڭسىز سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. ئاخىردا ئۇ ئۇقۇملار ئادەمزاتنىڭ مېڭىسىدە بىر خىل تەپەككۇرنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا بىر تۈرلۈك ئاڭسىز ئېھتىيات-چانلىقنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ خىل ئاڭ يەنە كېلىپ ئۇلارنى ئامان-ئېسەنلىك ئۈچۈن، زۆرۈر ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا دالالەت قىلىدۇ.

بۇنداق تەرەققىيات جەريانىدا جۇغلانغان بىلىملەر ئادەمزاتنىڭ باشقا ھايۋانلار ئالدىدىكى ئەۋزەللىكىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ئاشۇ ئەۋزەللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار يىرتقۇچلارغا قىلتاق قۇرۇپ باقىدىغان، تۈرلۈك ئامال-چارىلەر بىلەن ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ باقىدىغان بولدى. نۇرغۇن ھايۋان قۇدرەت ۋە سۈرئەتتە ئادەمزاتتىن ئېشىپ كېتەلىسىمۇ، ئەمما ئىنسانلار ئاستا-ئاستا ئاشۇ ھايۋانلارنى ئىشقا سالالايدىغان خوجايىنغا ۋە ئۆزىگە زەخمەت يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بار ھايۋانلارنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ، ئادەمزات تۇنجى قېتىم ئۆزىنى سىنچىلاپ كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئەڭ دەسلەپكى غۇرۇر تۇيغۇسى پەيدا بولدى.دېمەك، ئىنسان ”دەرىجە“ پەرقى دېگەنلەر ھەققىدە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز زامانلاردا، ئۆزىنى ”جانلىقلارنىڭ سەرخىلى“ دەپ جاكارلىدى.

ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. جۈملىدىن ئىپتىدائىي ئادەملەر نەسلداشلىرى بىلەن گويا باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش ئاز باردى-كەلدى قىلىسىمۇ، ئەمما نەسلداشلىرىنى كۆزىتىشنى بىلەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ۋە ئادەملەر بىلەن ئۇلارنىڭ جورىلىرى ئارىسىدا ئوخشاشلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com







ئوخشاشلىقلار ئىپتىدائىي ئادەملەرنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى تېخى بايقالمىغان باشقا ئورتاقلىقلار ئۈستىدە ئويلىنىشقا يېتەكلىدى. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئوخشاش ئەھۋالدا باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى بايقاپ ئۈگەندى: ”باشقىلارنىڭ پىكىر-خىيالى ۋە تۇيغۇسى مېنىڭكى بىلەن ئوپئوخشاشكەن“ دېگەن يەكۈننى چىقاردى. بۇنداق مۇھىم ھەقىقەت ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ مېڭىسىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ھامان ئىپتىدائىي ئادەملەرنى باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىدە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلىغا ئوخشاشلا قىممەتلىك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۈنۈملۈك بولغان بىۋاستە تۇيغۇ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ۋە بىخەتەرلىكىگە ئەڭ پايدىلىق ھەرىكەت مىزانى بويىچە ئىش كۆرۈشكە دالالەت قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئادەملەر تەجرىبىلەردىن ئۆز بەختىنى ئىزدەشنىڭ ئىنسانلار ھەرىكىتىنىڭ يېگانە تۈرتكىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇنداق ئىككى خىل ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى: بىرى، كەمدىنكەم كۆرۈلىدىغان ئورتاق مەنپەئەت ئۇقۇمى. بۇ ھال ئادەمزاتقا نەسلداشلىرىنىڭ ھىممەت-ياردەملىرىگە ئېرىشىش ئۈمىدى بېغىشلايدۇ. يەنە بىرى، كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان رىقابەت ئۇقۇمى. بۇ ئادەمزاتنى نەسلداشلىرىغا ئىشەنمەس قىلىپ قويىدۇ. بىرىنچى خىل ئەھۋالدا ئۇلار بىر يەرگە جەم بولىدۇ ياكى ھېچكىم چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئەركىن قۇرۇم (توپ) بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا، ھەرقانداق ئادەم ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىنتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەگەر ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى يېتەرلىك بولسا قولىدىكى قورالىغا، يېتەرلىك بولمىسا، قۇۋلۇق-شۇملۇق ۋە ئۇستىلىققا تايىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئادەمزات ئۆزئارا مەجبۇرىيەت ۋە ئاشۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ پايدىسى ھەققىدىكى ئاددىي





چۈشەنچىلەرنى تەدرىجىي ھاسىل قىلدى. ئەمما، ئۇلار ئاشۇ ئاددىي چۈشەنچىلەرگە كۆز ئالدىدىكى مەسىلىلەرنى ھېس قىلىپ يېتىشنىڭ پايدىسى ئۇلارنى جەلپ قىلغاندىلا ئاندىن ئېرىشكەن، خالاس. چۈنكى، ئۇلار ھەرقانداق شەيئىنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى؛ جۈملىدىن يىراق كەلگۈسى ئەمەس، ھەتتا ئەتىسى ئۈستىدىمۇ كاللا قاتۇرمايتتى. مىسالەن، ئۇلار بىرلىشىپ بىر بۇغىنى ئوۋلىغان چېغىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە تەئەللۇق مەجبۇرىيەتنى ئىخلاسەن ئادا قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما، شۇ چاغدا بىرسىنىڭ ئالدىدىن بىرەر توشقان توغرا ئۆتۈپ، ئاشۇ كىشىنىڭ ئوۋچىلىق تەۋەسىگە كىرىپ قالغۇدەك بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ يۇقىرىقىدەك مەجبۇرىيەت ... دېگەنلەرنى شۇ ھامان ئۇنتۇپ، ھېلىقى توشقاننى قوغلاپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۆزىگە تەئەللۇق ئولجىنى قولغا چۈشۈرۈۋالسىلا، ئاشۇنداق باشباشتاقلىقنىڭ نەسلىداشلىرىنىڭ نېسىۋىسىگە كەلتۈرگەن زىيان ـ زەخمىتىگە پەرۋايى پەلەك يۈرۈۋېرىدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەتكە لازىملىق تىلنىڭ ئوخشاشلا توپلىشىپ ياشايدىغان قاغا ياكى مايمۇنلارنىڭ تىلىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، ئاشۇ ئۇزۇن زامانلار مابەينىدىكى ئادەمزاتنىڭ تىلى قانداقتۇر بوغۇمسىز سوزۇق نىدا، قول ئىشارىسى ۋە تەقلىدىي ئاۋازلاردىن تەركىب تاپاتتى. ھەرقايسى ئەللەر ئاشۇ تىللارنى بوغۇملارغا ئايرىش ۋە ئۇنىڭغا بەزىبىر ئالاھىدە تاۋۇشلارنى قوشۇش (يۇقىرىدا تىلنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئاسانلىقچە شەرھلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنمەن) ئارقىلىق، خام ۋە قوپال شېۋىلەرنى ياراتتى. بۇ شېۋىلەر بۇگۈنكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇچراتقىلى بولىدىغان ئۆزگىچە تىلغا باراۋەر كېلىدۇ. دېمەكچى بولغانلىرىم ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچلارغا تەۋە تەرەققىياتى يوقنىڭ ئورنىدا بولغاچقا، ھەتتا ئۇنى ئىلغا قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، پىكىرلىرىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تورى







ناھايىتى قىسقا سەھىپىدە بايان قىلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلىك جەريانىنى بىر دەقىقىگە سىغدۇرايمەن، چۈنكى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى قانچىكى ئۇزۇن بولسا، ئۇنى تەسۋىرلەش شۇنچە ئاددىي بولىدۇ.

زامانىي ئاۋۋالىدىكى ئاشۇنداق ئاستا تەرەققىيات ئاخىرى ئادەمزاتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. جۇملىدىن ئادەملەر ئەقلىدە ئۆتكۈرلىشىپ، ھۈنەر ـ ماھارەتتە تاكامۇللاشتى. يەنى ئۇلار قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى ۋە بىس ـ قىرلىرى خىلمۇخىل تاشلارنى دەرەخ كېسىش، يەر كولاش، شاخ ـ شۇمبىلارنى چاتاپ چەللە ياساشتا تاش پالتا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. كېيىن ئۇلار چەللىنىڭ ئۆگزىسىگە لاي سىلەشنى بىلىۋالدى. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئىسلاھات دەۋرى ئىدى. ئۇ ئۆزگىرىشلەر ئائىلە پەرقى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ئاپىرىدە قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ھەتتا نۇرغۇنلىغان جەڭگى ـ جېدەل ۋە ئۇرۇش ـ تالاشلارمۇ كېلىپ چىقتى. ئەمما، ئەڭ بۇرۇن ئۆزىگە تەئەللۇق چەللە ياسىغان ئادەمنى "ئەڭ كۈچلۈك ئادەم" دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاشۇ چەللىنى ئامان ساقلاشقا كۆزى يەتكەنلىكى ئۈچۈن ياسىغان. بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن: ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنى قوغلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ چەللىسىنى تارتىۋالغانغا قارىغاندا، ئۆز ئالدىغا ياسىسا ھەم تېز، ھەم بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. چەللىكلەرنىڭ ھېچقايسىسى قوشنىلىرىنىڭكىنى تارتىۋالغان ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە قوشنىسىنىڭ چەللىسى ئۇلارغا تەئەللۇق بولمىغان ئەھمىيەتسىز نەرسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنىسىنىڭ چەللىسىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، قوشنىسى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، ئاشۇنداق يېڭى مۇھىتتا ئىنسانلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى يېتىلىش مەنزىلىگە تۇنجى بولۇپ يۈزلەندى. جۇملىدىن ئەر ـ خوتۇن، ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ـ چاقىلار بىر چەللىدە بىللە ياشاش





ئادىتى ئاخىر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ تاتلىق تۇيغۇدىن بولمىش ئەر-خوتۇن سۆيگۈسى ۋە ئاتا-ئانىنىڭ باللىرىغا بولغان سۆيگۈسىنى ئاپىرىدە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ھەربىر ئائىلە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن كىچىك جەمئىيەتنى شەكىللەندۈردى. چۈنكى، ئۆزئارا مېھرىبانلىق ۋە ھۆرلۈك ئاشۇ كىچىك جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان ئۈزۈلمەس رىشتە ئىدى. بۇ باسقۇچتا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئوپئوخشاش تۇرمۇش ئۇسۇلى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئىككى جىنسقا خاس تۇرمۇش پەرقى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئەرلەر سىرتقا ئوزۇق-تۈلۈك ئىزدىگىلى چىققاندا، ئاياللار ئۆي ۋە باللاردىن خەۋەر ئالاتتى. ئەمما، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئىلگىرىكىدىن راھەت تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەنسېرى، بۇرۇنقى جەسۇرلۇقى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى تەدرىجىي يوقىتىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىدىكى يىرتقۇچلارنى يېگانە يېڭىش قابىلىيىتى بارا-بارا تۆۋەنلەپ كەتكىنى بىلەن، ئۇلارغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشتا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئاسان ئۇيۇشالايدىغان بولغانلىقىنى بايقىدى.

ئىنسانلار ئاشۇ يېڭىچە ھەم ئاددىي تۇرمۇش ئەندىزىسىدە بىر-بىرى بىلەن ناھايىتى ئاز باردى-كەلدى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھاجىتى ئىنتايىن چەكلىك بولغاچقا، ئاشۇ ھاجىتى ئۈچۈن ئىختىرا قىلغان قوراللىرىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. دېمەك، ئادەملەرنىڭ ئارامخۇدا ياشايدىغان بوش ۋاقتى جىق ئىدى. ئۇلار ئاشۇ بوش ۋاقىتلىرىدا ئاتا-بوۋىلىرى ئاڭلاپمۇ باقمىغان راھەتنىڭ پەيزىنى سۈرەتتى. ئەمما، بىكارچىلىق ئىچىدىكى ئاشۇ پاراغەت ئىنسانلارنىڭ ئۆز بويىنىغا ئىختىيارسىز سېلىۋالغان تۇنجى بويۇنتۇرۇقىغا، شۇنداقلا ئەۋلاد-ئۇرپاقلىرى ئۈچۈن تەييارلىغان جىنايەتنىڭ تۇنجى مەنبەسىگە ئايلاندى. چۈنكى، ئاشۇ پاراغەت ئىنسانلارنىڭ تېنى بىلەن روھىنى خورىتىپ، جىسمىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، يەنە كېلىپ ئۇلار ئاشۇ راھەتپەرەسلىككە ئادەتلەنگەنسېرى بارا-بارا شادلىقنىڭ كۈچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى







قۇدرىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا پاراغەت ئىنسانلار ھاياتىدىكى ھەقىقىي ئېھتىياجغا ئايلىنىپ قالىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ پاراغەتكە ئېرىشەلمەسلىك ۋەجىدىن ئۇچرىغان پاجىئەسى، ئۇنىڭغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى سائادىتىدىن ئېشىپ كەتتى. مۇھىمى، ئادەملەر ئاشۇ پاراغەتكە ئېرىشسىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئانچە خۇش بولۇپ كەتمەيدىغان، ئەكسىچە ئۇنى قولدىن بېرىپ قويسا ئالەمچە ئازابلىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ يەردە بىز تىل ئىشلىتىشنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى ۋە ئۇنى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قانداقلارچە بىلىپ ـ بىلمەيلا تاكامۇللاشتۇرا ـ لىغانلىقىنى خىلى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ھالبۇكى، كىشىلەر تىل زۆرۈرىيىتىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ، تىل تەرەققىياتىنىڭ كېڭەيگەنلىكى ۋە تېزلەشكەنلىكىنى باشقىچە پەۋقۇلئاددە سەۋەبلەر نۇقتىسىدىن پەرەز قىلىپ بېقىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان بەزى رايونلار كەلكۈن ۋە يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن دېڭىز ـ ئوكيان ياكى چوڭقۇر ھاڭلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى؛ يەر پوستىدىكى ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن بەزى قۇرۇقلۇقلار بېرىلىپ ئاراللارغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇنىڭدىن شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن: يۇقىرىقى سەۋەبلەر ۋەجىدىن بىر يەرگە توپلىشىپ، بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئورتاق تىلنىڭ راۋاجلىنىشى، قۇرۇقلۇقتىكى ئورمانلىقلاردا تارقاق ياشايدىغانلارنىڭكىگە قارىغاندا تېز بولىدۇ. تىل ئىشلىتىش ئاراللاردا ياشايدىغانلارنىڭ تۇنجى دېڭىز سەپىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن بىزگە ئىنئام قىلغان ئىختىراسى بولۇشى مۇمكىن ياكى جەمئىيەت ۋە تىل قۇرۇقلۇقتا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئاراللاردا ئاللىقاچان پەيدا بولۇپ، مۇكەممەللىشىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

خەيرىيەت، ھەرقانداق نەرسە ئۆزگىرىدىكەن. ئىلگىرى ئورمانلىقلاردا تارقاق ياشاشقا كۆنگەن ئىنسانلار، مۇقىم تۇرالغۇسى



بولغاچقا، بارا ـ بارا بىر ـ بىرىگە ئىچكىپ ئاخىر خىلمۇخىل گۇرۇھلارنى پەيدا قىلدى؛ بۇ گۇرۇھلار ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزگىچە مىللەتلەردىن بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلارنى ئاشۇنداق مىللەت قىلىپ شەكىللەندۇرگىنى قانداقتۇر قائىدە ياكى قانۇن ئەمەس، بەلكى ئورتاق تۇرمۇش ئۇسۇلى، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ۋە ئىقلىم قاتارلىقلارنىڭ تۈپكى تەسىرى ئىدى. ئۇزاق مەزگىللىك قوشنىدارچىلىق ئوخشاشمىغان ئائىلىلەر ئارا بەزىبىر مۇناسىۋەتلەرنى شەكىللەندۇردى. مەسىلەن، ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى قوشنا ئائىلىلەردىكى يىگىتلەر بىلەن قىزلارنى ناھايىتى تېزلا بىر ـ بىرىگە ئىچكىتۇرۇپ قويىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئېچىللىقى دائىم دىدارلىشىپ تۇرۇش سەۋەبى بىلەن باشقا بىر خىل مۇناسىۋەت تۇسىنى ئالدى. ئۇ قانداقتۇر ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىكى جىنسىي سۆيگۈدەك شېرىن، ئەمما ئۇنىڭدىن مۇستەھكەم مۇناسىۋەت ئىدى. ئىنسانلار شەيئىلەرنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشقا ئادەتلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا قابىلىيەت ۋە چىراي ـ تۇرق ئۇقۇمى تەدرىجىي پەيدا بولدى؛ بۇ ئۇقۇملار يەنە كېلىپ ئىنسانلاردا مەلۇم شەيئىگە بولغان ھەۋەسنى بىخلاندۇردى. شۇڭا، ئىنسانلاردا دائىم دىدارلىشىپ تۇرىدىغان ھەمراھلىرىنى ئالمادىس ئۇچرىتالماي قالسا ھەسرەت چېكىدىغان ئېچىللىق پەيدا بولدى. قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ يۈرىكىدە بىر خىل يېقىملىق ۋە شېرىن تۇيغۇ ئاستا ـ ئاستا بىخلاندى، شۇنىڭدەك سۆيگۈ ھەسەتكە سەۋەب بولدى. ئاشۇ رەشك ۋە ھەسەت ۋەجىدىن كېلىپ چىققان ئارازلىقلار، گاھىدا بۇ پانىي دۇنيادىكى ئەڭ لەززەتلىك كۆيۈمنى ئەڭ مەززىسىز قان ـ زەردابقا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئۇقۇم بىلەن تۇيغۇنىڭ بىر ـ بىرىنى ئوتۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە قەلب بىلەن روھنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلار بارا ـ بارا تونۇلۇشىپ ھايات كەچۈرۈشكە ئىنتىلىدىغان بولدى. نەتىجىدە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







مۇناسىۋەت تېخىمۇ كېڭەيدى ۋە قويۇقلاشتى. جۇملىدىن، كىشىلەر چەللە ئالدىغا ياكى دەرەخ سايىسىگە يىغىلىشىپ، ناخشا-ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى. ناخشا-ئۇسسۇل بىلەن كۆڭۈل ئېچىش، ئەسلىدە سۆيگۈ ۋە ئارامخۇدالىقنىڭ مەھسۇلى ئىدى. لېكىن ئۇ بارا-بارا بىر يەرگە يىغىلىشىپ، كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىكار تەلەپ ئەر-ئاياللارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئاشۇ جەرياندا ئادەملەر باشقىلارغا سىنچىلاپ قارايدىغان، ھەم باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە كۆز تاشلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولىدى. بۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى ھۆرمەت-ئېھتىرامنىڭ قىممىتى ئاشتى. كىشىلەرمۇ ناخشا-ئۇسسۇلغا ئەڭ ماھىر، ئەڭ قامەتلىك، ئەڭ قاۋۇل، ئەڭ چىچەن ۋە گەپكە ئەڭ ئۇستىلارنى شۇنچە ھۆرمەتلەيدىغان بولىدى. بۇ دەل كىشىلەرنىڭ تەڭسىزلىك، شۇنىڭدەك رەزىللىككە قاراپ باسقان تۇنجى قەدىمى ئىدى. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ بۇ ئەڭ دەسلەپكى ھەۋەسى بىرىنچىدىن، شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن تەكەببۇرلۇقنى، ئىككىنچىدىن، نومۇسچانلىق بىلەن زوق-ھەۋەسنى ئاپىرىدە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، يۇقىرىقى ئامىللار ۋەجىدىن پەيدا بولغان يىغى نەرسىلەر ئاخىرقى ھېسابتا بەختىيار ۋە ساپ كىشىلىك ھاياتنى بەختسىزلىك يولىغا باشلىدى.

كىشىلەر بىر-بىرىگە باھا بېرىشنى ئۆگىنىۋالغان ۋە مېڭىسىدە ھۆرمەت ئۇقۇمى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ھۆرمەتلىنىشكە ھوقۇقلۇق، دەپ تونۇيدىغان بولدى، ھەتتا كىشىلەر باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەسلىكنى نومۇس، دەپ بىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ رەسىم-قائىدە مەجبۇرىيىتى كېلىپ چىقتى. بۇنداق مەجبۇرىيەت ھەتتا بەدەۋىلەر ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى. شۇنداق قىلىپ، قەستەنلىك ئارىلاشقان ھەرقانداق سەۋەنلىك خورلۇق ھېسابلىنىدىغان بولدى. چۈنكى، دەخلىگە ئۇچرىغۇچىنىڭ نەزەرىدە ئۇ ئۇچرىغان خورلۇق تەن يارىسىدىنمۇ ئازابلىق ئىدى. نەتىجىدە







ھەرقانداق ئادەم ئۆزى ئۆچرىغان كەمستىش ۋە جازا بىلەن ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تەڭلەشتۈرۈپ بېقىشنى ئۆگىنىۋالغاچقا، قىساسخورلۇق ئۆتە ئەۋج ئېلىپ، ئادەملەر قانخور ۋە رەھىمسىزلىشىپ كەتتى. بۇ بىز بىلىدىغان كۆپ ساندىكى مىللەتلەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ يەتكەن بۈگۈنكى ھالىتىدۇر. خىلمۇخىل چۈشەنچىلەرنى تولۇق پەرقلەندۈرەلمىگەن، شۇنداقلا ئادەمزاتنىڭ ئەسلىيىتىدىن بەكلا يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن نۇرغۇن يازغۇچى يەڭگىلتەكلىك بىلەن: "ئادەم دېگەن تۇغما رەھىمسىز كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەدەنىي تۈزۈمنىڭ كۆندۈرۈشىگە موھتاج!" دېگەن يەكۈننى چىقىرىشتى. ئەمەلىيەتتە، ئىپتىدائىي دەۋر ئادەمزاتنىڭ ئەڭ مۇلايىم چاغلىرى ئىدى. ئۇ زامانلاردا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئادەمزاتقا ئاتا قىلغان قارارگاھى، بەدەۋىلەرنىڭ ھاماقەتلىكى بىلەن مەدەنىيلەرنىڭ بەتبەخت ئەقىل-پاراستىدىن ئوخشاشلا يىراق ئىدى. شۇڭا، ئادەمزات ئەقلىيەت ۋە تۇغما تەبىئەتنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبلىك ئۆزىنى بەختسىزلىكنىڭ تەھدىتىدىن ساقلاشنىلا بىلەتتى، شۇنىڭدەك ئۆزىدىكى تەبىئىي ھېسداشلىقنىڭ دالالىتى بىلەن، ھەتتا ئۆزى زىيان-زەخمەتكە ئۇچراپ قالغان تەقدىردىمۇ، باشقىلارغا دەخلى يەتكۈزۈشنى راۋا كۆرمەيتتى. شۇڭا، دانىشمەن جون لوك*: "مۈلۈك ھوقۇقى بولمىغان ماكاندا زىيان-زەخمەتمۇ بولمايدۇ" دېگەنىكەن.

ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلماي بولمايدۇكى، رېئال جەمئىيەت ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى خىلمۇخىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ كىشىلەر پەيزىلىتىگە قويۇدىغان تەلىپى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي جىسمىغا بەخشەندە قىلىنغان تۇغما خۇسۇسىيەتتىن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، ئەخلاق ئىنسانىيەت ھەرىكىتىگە سىڭىشكە باشلىدى. قانۇن پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ يېگانە ھۆكۈمدارى ۋە قىساسكارىغا ئايلانغانلىقى

* جون لوك (1632 ~ 1704).ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ، تەجرىبىچىلىكنىڭ ئاساسچىسى، ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي دېموكراتىيە ئىدىيەسىنى ئەتراپلىق شەرھلىگەن مۇتەپەككۇر، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com







ئۇچۇن، ئادەمزاتنىڭ ئەسلىيىتىگە باب كېلىدىغان ئاق كۆڭۈللۈك ئەڭ دەسلەپكى جەمئىيەتكە ماس كەلمەي قالدى. زىيان ـ زەخمەتنىڭ سادىر بولۇش ئېھتىماللىقى ئاشقانسېرى، قىساس ئېلىش ئېڭى كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ زامانلاردا قىساسخورلۇق قانۇن ئىجراسىنىڭ ئورنىدا ئىدى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ سەۋرچانلىقى ئۆلگىرىكىدىن ئاجىزلاپ، ھېسداشلىق ئېڭى سۇسلاپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئىنسانلار ئىقتىدار ـ قابىلىيەتتە كامال تاپقان ئۇ زامانلار ئىپتىدائىي كەڭ ـ كۈشادىلىك ۋە ئادەمزاتنىڭ غۇرۇر ـ ئىپتىخارى بەرقارار تاپقان ئالتۇن دەۋر ئىدى؛ شۇنداقلا، ئەڭ بەختلىك، ئەڭ ئۇزاق دەۋر سۈرگەن زامانلاردىن ئىدى. بۇ نۇقتىدا ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلانغانسېرى، ئۇنداق ھالەتنىڭ ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان، ئىنسانىيەتكە ئەڭ باب كېلىدىغان ھاياتلىق ھالىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز(P). ھالبۇكى، كىشىلەرنىڭ ئۇنداق ھاياتلىق ھالىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقى ئالمادىس كەلگەن بەختسىزلىكلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر. ھەيھات! ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئاشۇ تاسادىپەن ۋەقەلەر ئەسلا كۆرۈلمىگەن بولسىچۇ! بىز بايقىغان بەدەۋىلەر دەل ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاشۇ پەيتلەرگە توغرا كېلىدىغان ئادەمزاتتۇر. ئۇلارغا ئالاقدار پاكىتلار ئىسپاتلايدۇكى، ئىنسانلار پانىي دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بۇيان ئاشۇ خىل ئىپتىدائىي ھالەتتە بەك ئۇزاق تۇردى. چۈنكى، ئۇ ھالەت ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي ياشلىق دەۋرى ئىدى. كېيىنكى ئۆلگىرىلەش، تەرەققىيات دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنى كۆرۈنۈشتە كامال تاپقۇزغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھالاكەتكە جۈنەپ قويدى.

ئىشقىلىپ ئىنسانلار ئەينى زاماندىكى ئاددىي چەللىسى، تىكەن ـ خوخا ياكى بېلىق قاسرىقىنى يىڭنە قىلىپ يىرتقۇچلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىۋالغان ئۈستىباشلىرىغا قانائەت قىلغان، پەي ۋە قۇلۇلە قاپلىرىدىن بىزەك تاقاش، بەدىنىنى رەڭگارەڭ بوياش، ئوقياسىنى ئەتىۋارلاش، شۇنداقلا قىرلىق تاشلاردىن بېلىقچىلىق قولۇقى ۋە چالغۇ ياساش





ئادىتىنى تاشلىمىغان. قىسقىسى، كىشىلەر بىر ئادەم مۇستەقىل تامامىلىيالايدىغان مېھنەت ۋە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان ھۈنەر ـ ماھارەتنى داۋام ئېتەلىگەن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ تۇغما تەبىئىتىنى ئىزچىل ساقلىيالىغان بولسا، بۇ دۇنيادا ئەركىن ـ ئازادە، بىجىرىم ۋە بەختىيار ياشاپ، بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدىغان ھۆر ھاياتنىڭ لەززىتىنى ئىزچىل سۈرگەن بولاتتى. ئەمما، كىشىلەر باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، قانداقتۇر ئارىدىكى باراۋەرلىكنىڭ غايىب بولۇپ، ”مۈلۈك ھوقۇقى“ دېگەن نەرسىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، مېھنەت زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ، پايانسىز ئورمانلىقلارنىڭ ئىنسانىنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە ياشنايدىغان ئېتىزلىقلارغا ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقىدى، ئۇزاق ئۆتمەي كىشىلەر ئارىسىدىكى قۇللۇق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ گويا مايسىلاردەك بىخ سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

مېتالچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك تېخنىكىنىڭ ئىختىراسى بۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ۋاھالەنكى، بۇ ئىككى تۈرلۈك تېخنىكا شائىرلارنىڭ نەزەرىدە ئالتۇن بىلەن كۈمۈشكە، ئەمما پەيلاسوپلارنىڭ نەزەرىدە تۆمۈر بىلەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە مۇجەسسەم ئىدى. قىسقىسى، ئاشۇ تېخنىكىلار ئادەمزاتنى ئالدى بىلەن كامالەتكە، ئاندىن ھالاكەتكە يۈزلەندۈردى. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بەدەۋىلەر مېتالچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقتىن بىخەۋەر بولغاچقا، مەدەنىيلىكتىن مەھرۇم ھالەتتە ئەبەدىي تۇرۇپ قالدى. ھەتتا، ئاشۇ ئىككى تۈرلۈك تېخنىكىنىڭ بىرىنى ئىگىلىيەلىگەن مىللەتلەرمۇ بەدەۋىي پېتى تۇرۇپ قالغاندەك قىلىندۇ. ياۋروپا ئەڭ بالدۇر مەدەنىيلەشكەن ماكان ئەمەس تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇ يەردىكىلەر يۇقىرىقى مىللەتلەرگە قارىغاندا بىرقەدەر سىجىل تەرەققىي قىلىپ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىلەردىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى







تېز مەدەنىيلىشىپ كەتتى؟ بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى، ياۋروپانىڭ دۇنيادا تۆمۈر رودىسى ئەڭ مول، تۇپرىقى ئەڭ مۇنبەت ماكان ئىكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

ئادەمزاتنىڭ تۆمۈرنى قانداق بايقاپ، قانداق ئىشلىتىشكە كىرىشكەنلىكىگە بىر نېمە دېمەك تەس. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ مېھنەت نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى نامەلۇم ئەھۋالدا، قانداقلارچە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ رودىدىن تۆمۈر تاۋلاشنى ئويلاپ يېتەلىگەنلىكىگە، شۇنداقلا تۆمۈر تاۋلاش ئۈچۈن قانداق زورۇر تەييارلىقلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلۋالالىغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىختىراسىنى قانداقتۇر تاسادىپەن ئوت ئاپىتىنىڭ شارائىتى، دېيەلمەيمىز. چۈنكى، قېزىلمىلار ئادەتتە دەل ـ دەرەخ ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۈنمەيدىغان قاقاس جەزىرىلەرنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. شۇڭا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەبىئەت دۇنياسى ئاشۇ بەختسىزلىكنىڭ مەنبەسىنى بىزدىن يىراقراق قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئاشۇنداق يەرنىڭ تېگىگە ئەتەي يوشۇرۇپ قويغان. ئىنسانلار پەقەت ئالمادىس يانار تاغ پارتلىغان چاغلاردىلا، لاۋالار ئارىسىدىكى مېتال ئېرىندىلىرىنى كۆرۈشكە ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىپ بېقىشنى ئويلاشقا مۇشەررەپ بولالىغان. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنى تۆۋەندىكىدەك قىياس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: يانار تاغ پارتلىغانلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىدە ئاشۇ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئۆزىنى ئاتىيالايدىغان جۈرئەت، ئاشۇ تەقلىدچىلىكتىن نەپ ئېلىشنى ئاللىبۇرۇن جەزملىيەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆز بولۇشى شەرت. ئەمما، بۇنىڭغا پەقەت ئەقىل ـ ئىدراكتا خېلى يېتىلگەن ئادەملەرلا قادىركى، ئۇنداق تەسەۋۋۇرنىڭ بەدەۋىلەرنىڭ مېڭىسىدە بىخلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

دېھقانچىلىقنى ئېلىپ ئېيتساق، ئادەمزات ئۇنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى



يەر تېرىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى بىلەتتى. چۈنكى، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋە ـ ئۇرۇقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىپ كېلىۋاتقان كىشىنى ”ئۆسۈملۈكنىڭ قانداق ئۆسىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر“ دېسە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆسۈملۈك تېرىش ئۈچۈن مېھنەت قىلىشقا تۇتۇش قىلغان ۋاقتى بەكلا كېيىن. بۇنىڭغا ئېھتىمال دەل ـ دەرەخ ۋە بېلىقچىلىق ـ ئوۋچىلىقتا ئاتايىن مېھنەت قىلمايمۇ جان ساقلىغىلى بولىدىغانلىقى ياكى كىشىلەرنىڭ دانلىق زىرائەتلەردىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمىگەنلىكى، ياكى ئۇلاردا دانلىق زىرائەت تېرىقچىلىقىغا لازىملىق قورال ـ سايمانلارنىڭ بولمىغانلىقى، ياكى ئەتىكى ھاجەتلىرىنى ئالدىن غەملەش ئېڭى تېخى يېتىلمىگەنلىكى ۋە ياكى ئۆزىنىڭ مېھنەت مېۋىسىنى باشقىلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشىدىن قوغداشنى ئۇقمىغانلىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئېپتىدائىي ئىنسانلار ئازدۇر ـ كۆپتۇر چېۋەرلىكنى ئۆگىنىۋالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چەللىسىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى بىر پارچە يەرنى قىرلىق تاش ۋە قوزۇقلار بىلەن چىتلاپ، ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا كۆكتات تېرىشنى باشلىغاندى. شۇ تەرىقىدىكى ئۇزاق زامانلار مابەينىدە، ئادەمزات دانلىق زىرائەتلەرنى قانداق تېرىشنى بىلىۋالدى ھەمدە كەڭ كۆلەملىك تېرىقچىلىققا لازىملىق قورال ـ سايمانلارغا ئىگە بولدى. شۇنداقلا كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئوبدانراق ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن، كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىش، جىملىدىن پۈتۈن كۈچىنى جاپالىق مېھنەتكە قارىتىپ، يەرگە ئايانمايلا ئۇرۇق سېلىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى. ئەمما، بۇنداق ئالدىن كۆرەرلىك بەدەۋىلەرنىڭ ئەقلىيىتى ئۈچۈن ناتونۇش ئىدى. چۈنكى، يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ تاڭ سەھەردە تۇرۇپ كەچنىڭ غېمىنى قىلىشى مۇشكۈل ئىش ئىدى.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ دېھقانچىلىققا ئۆزىنى ئاتىشى ئۈچۈن، بەزى

www.uyghurkitap.com







تېخنىكىلارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. چۈنكى، بىر قىسىم ئادەم تۆمۈر ئېرىتىش ۋە قۇيمىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولسا، قالغانلار ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك بېرىشى لازىم ئىدى. سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلايدىغانلار ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما قورساقتا ئاش يەيدىغانلار ئازايمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىلەر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە باشقىلاردىن تۆمۈر تېگىشۋالسا، يەنە بەزىلەر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياساشقا لازىملىق قۇيمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆستۈردى. شۇنداق قىلىپ، بىرىنچىدىن، تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ۋە دېھقانچىلىق ئاپىرىدە بولدى؛ ئىككىنچىدىن، مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى.

تېرىقچىلىقنىڭ يەر تەقسىماتىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇقۇمىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەن تەڭ، ھەققانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پىرىنسىپى شەكىللەندى. چۈنكى، مەلۇم بىر نەرسىنى كىشىلەرگە قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلاردىمۇ مەلۇم بىر نەرسىنىڭ بولۇشى شەرت قىلىناتتى. بۇلا ئەمەس، كىشىلەر كەلگۈسىگە ئەھمىيەت بېرىشكە كىرىشىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن كېتىش ئېھتىمالى بار بىر قىسىم نەرسىلەرگە ساھىب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە قىساسقا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتى. تېرىقچىلىقنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە سەۋەب بولىدىغانلىقى تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن. چۈنكى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئۇقۇمىنىڭ ئىنسانلارنىڭ مېھنىتىدىن باشقا يەنە نەدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. بىراۋنىڭ باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. چۈنكى، ئۇ بىرەر نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىشتا،





ئۇنىڭغا ئاشۇ نەرسىگە سىڭدۈرگەن ئەمگەكتىن ئۆزگە يەنە نېمە چويىلىدا تۇرغۇدەك سەۋەب بولالىسۇن؟! تېرىقچىلارنىڭ ئۆزى تېرىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە ئاشۇ زىرائەتلەر تېرىلغان يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى، پەقەت تېرىقچىلىق ئۇچۇن سىڭدۈرۈلگەن ئەمگەكلا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ھيۇگو گىروتىيۇس* مۇنداق دېگەنىكەن: ”ئەجدادلار ئىلاھە كېرېس**قا ’قانۇن چىقارغۇچى‘لىق مەنسىپىنى ئىنئام قىلىپ، ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەنئەنىۋى بايرامنى ئۆزگىچە نام بىلەن ئاتىدى؛ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە يەر تەقسىماتى يېڭى بىر ھوقۇق، يەنى مۈلۈك ھوقۇقىنى ئاپىرىدە قىلدى، ئەمما ئۇ ناتۇرال قانۇندىكىدىن پەرقلىنىدىغان ھوقۇقتۇر.“

بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەر قابىلىيەتتە تەڭ بولالىغان، شۇنداقلا تۆمۈرگە بولغان ئېھتىياج بىلەن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى سەرپىياتىنى باشتىن ـ ئاياغ تەكشۈشلاشتۇرۇپ ماڭالىغان بولسا، ئۇنداقتا كۆللى شەيئىلەر ئارىسىدىكى باراۋەرلىكنىمۇ ساقلىيالىغان بولار ئىدى. ئەمما، ھېچنېمە ئۇنداق تەكشۈلۈكنى ساقلاشقا قادىر بولالمىدى، يەنە كېلىپ خىلمۇخىل سەۋەبلەر ۋەجىدىن بۇ تەكشۈلۈق ناھايىتى تېزلا بۇزۇپ تاشلاندى. جۈملىدىن، تېمەنلەر كۆپرەك ئىشلەش پۇرسىتىگە، چېۋەرلەر قىلغان مېھنىتى بەدىلىگە كۆپرەك نەپ ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئىجادىيەت تالانتى بارلار كۈچ تېجەشنىڭ ئامالىنى تاپتى. قىسقىسى، خىلمۇخىل مېھنەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلارنىڭ تاپاۋىتىمۇ پەرقلىق ئىدى. دېھقانلار تۆمۈرگە، تۆمۈرچىلەر ئاشلىققا ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، ئەمما ئوخشاش ئەمگەك سىڭدۈرۈش شەرتىدە تۆمۈرچىلەر خېلى كۆپ نەپكە ئېرىشەتتى. دېھقانلار بولسا گاھىدا تۇرمۇشىنى قامداشقىمۇ

* ھيۇگو گىروتىيۇس(1583 ~ 1645) قەدىمكى ناتۇرال قانۇنشۇناسلىق ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن، دۇنيا يېقىنقى زامان خەلقئارا قانۇنىنىڭ ئاساسچىسى شۇنداقلا يېقىنقى زامان ناتۇرال قانۇن نەزەرىيەسىنىڭ ياراتقۇچىلىرىدىن بىرى، بەيدۇ توردىن ئېلىندى ــ تەرجىماندىن.

** رىم ئەپسانىلىرىدىكى دانلىق زىرائەتلەر ئىلاھەسى.

www.uyghurkitap.com







ئامالسىز قالاتتى. شۇنداق قىلىپ تەبىئىي تەڭسىزلىكنىڭ تەبىقىلەر ئارا تەڭسىزلىككە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئىنسانلار بىلمەيلا قالدى. بۇنىڭ بىلەن مۇھىت پەرقى ۋەجىدىن گەۋدىلەنگەن كىشىلەر ئارىسىدىكى پەرق تېخىمۇ چوڭىيىپ ۋە ئۇزۇن داۋاملىشىپ، ئاخىر شەخسلەرنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە يۈزلەندى.

شەيئىلەر تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنىكەن، قالغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلماق ئاسان. شۇڭا، باشقا تېخنىكىلاردىكى ئىزچىل تەرەققىيات، تىلدىكى تاكامۇللۇق، قابىلىيەتنىڭ سىنىلىشى ۋە ئىشقا سېلىنىشى، مال-مۈلۈك ئىگىدارچىلىقىدىكى تەڭسىزلىك، ئادەمزاتنىڭ بايلىقتىن پايدىلىنىشى ۋە ئۇنى خورىتىشى ... دېگەنلەرنى قەغەز-قەلەمنى ئىسراپ قىلىپ يېزىپ يۈرۈشۈمنىڭ، شۇنداقلا ئاشۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنى ئىنچىكە ھالقىلارغىچە سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، بۇلار ھەرقانداق ئادەم ئويلاپ يېتەلەيدىغان ئانچىكىلا بىر ئىش. مەقسىتىم مۇشۇنداق يېڭى تەرتىپ قويىندىكى ئىنساننى يىغىنچاق كۆزىتىپ بېقىشلا، خالاس.

شۇنداق، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىقتىدارى كامال تاپتى. جۇملىدىن، ئادەمزاتنىڭ خاتىرىسى، تەسەۋۋۇرى ۋە غۇرۇرى كۈچىيىپ، ئىدراكى جانلاندى، شۇنداقلا ئەقىل-پاراستى يېتىلىپ، ئەڭ مۇكەممەل ھالەتكە ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق تەبىئىي تالانتى ئىشقا سېلىنغاچقا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ تەقدىرى ۋە تەبىقىسى ئۇنىڭ بايلىقىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش ۋە ئويلىغىنىنى قىلىش جەھەتتىكى كۈچ-قۇدرىتىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەقىل-پاراستى، تەق-تۇرقى، تەن قۇۋۋىتى، ئەزگۈ پەزىلى ۋە تالانتىغىمۇ باغلىق بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئەل-جامائەت ئاشۇنداق تۇغما تالانتلىقلارنى قەدىرلەيتتى. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم ئاشۇنداق تۇغما تالانتلىقلاردىن بولۇشقا، ئەڭ بولمىغاندا ئۆزىنى تۇغما تالانتلىق كۆرسىتىشكە ئىنتىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ




ھەممىسى مەنپەئەت ئۈچۈن، ئۆزىنى ”ئۆزۈم ئەمەس“ دەپ تونۇشقا مەجبۇر بولدى. خەيرىيەت! ئەمەلىيەت بىلەن مۆلچەر پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئىشقا ئايلىنىپ كەتتى، يەنە كېلىپ بۇنداق پەرق كۆپتۈرمىچىلىك بىلەن سۆلەتۋازلىق، ئالدامچىلىق بىلەن ھىيلىگەرلىك ۋە ئاشۇلارنى مەنبە قىلغان رەزىللىكلەرنى قوزغاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئىلگىرىكى ھۆر ۋە مۇستەقىل ئادەملەر ئەمدىلىكتە يېڭى-يېڭى ئارزۇ-ئارمانلارغا تىز پۈكۈپ، پۈتكۈل ئەسلىيەتنىڭ قۇلىغا، بولۇپمۇ نەسلداشلىرىنىڭ قۇلىغا ئايلاندى. جۈملىدىن، بىراۋ يەنە بىراۋنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان تەقدىردىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۈچىنچى بىراۋنىڭ قۇلى ئىدى. چۈنكى، ئۇ باي بولسا ھەمراھلىرىنىڭ مېھنىتىگە، نامرات بولسا باشقىلارنىڭ ھىممىتىگە موھتاج ئىدى، ھەتتا ئۇ بايمۇ ئەمەس، نامراتمۇ ئەمەس، ئوتتۇراھال مەزگىللىرىدىمۇ باشقىلاردىن ئايرىلالمايتتى. شۇڭا، ئۇ تۈرلۈك ئامال-چارىلەر بىلەن، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ تەقدىرىگە بولغان غەمخورلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرگە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسا پايدىسى تېگىدىغانلىقىنى كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ھېس قىلدۇرمىسا بولمايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى بەزىلەرنىڭ ئالدىدا ساختىلىق ۋە ھىيلىگەرلىك قىلسا، يەنە بەزىلەرنىڭ ئالدىدا زالىملىق ۋە رەھىمسىزلىك قىلىشقا ئۈندىدى؛ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن كېرىكى قالمىغان ئادەملەر ئۇنىڭدىن قورقۇمسىرىغان چاغلاردا ۋە ئۇ ”باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ قىلچە پايدىسى قالمىدى“ دەپ قارىغان چاغلاردا ئاشۇلارغا ناھايىتى رەزىللىك قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەڭ ئاخىردا نەپسانىيەتچىلىك قانداقتۇر ھەقىقىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن توختاۋسىز بايلىق جۇغلاش ئەسەبىيلىكىگە ئايلىنىپ، ھەممە ئادەمدە باشقىلارغا قارا ساناش غەرىزى ۋە خۇپىيانە ھەسەتنى پەيدا قىلدى. بۇ خىل ھەسەت ئىنتايىن خەتەرلىك، ئەلۋەتتە. چۈنكى، كىشىلەر مەقسىتىگە بىمالال يېتىۋېلىش ئۈچۈن، ساختىپەزلىك

A DISCOURSE ON INEQUALITY

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com







بىلەن ئۆزىنى مۇستەھكەم نىقابلايدۇ. قىسقىسى، بىر تەرەپتە رىقابەت ۋە دۈشمەنلىك؛ يەنە بىر تەرەپتە مەنپەئەت توقۇنۇشى، مۇھىمى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش بەدىلىگە نەپ ئېلىش كويىدىكىلەرنىڭ رەزىل نىيىتى ... بۇ رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى مۈلۈك ھوقۇقى تۇغدۇرغان ئاقىۋەت، شۇنداقلا يېڭىدىن پەيدا بولغان تەڭسىزلىكنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلىدۇر.

بايلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەن ـ بەلگىلەر ئىختىرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى، بايلىق پەقەت كىشىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ماددىي نەرسىلەر، يەنى يەر ۋە مال ـ ۋارانلار بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئەمما، كۆچمەس مۈلۈكلەرنىڭ مىقدارى ئۆزلۈكسىز ئېشىپ، پۈتكۈل يەر يۈزىنى قاپلاپ، ئۆزئارا ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، قانداقتۇر بىراۋ قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ يېرىنى تالان ـ تاراج قىلمىسا، ئۆز يېرىنى كېڭەيتىشكە مۇمكىن بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئاجىز، يالقاۋلىقى ۋەجىدىن كۆچمەس مۈلۈك جۇغلىيالمىغان يالاڭ تۆشلەر گەرچە ھېچنېمىسىدىن مەھرۇم قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما يوقسۇللارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىپ، ئاشۇ يوقسۇللارلا ئۆزگەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بايلاردىن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تىلەپ ياكى ئوغرىلاپ ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. بايلار بىلەن يوقسۇللارنىڭ خۇلق ـ مىجەزىدىكى پەرقلەر بارا ـ بارا ھۆكۈمرانلىق بىلەن قۇللۇقنى ۋە زوراۋانلىق بىلەن بۇلاڭ ـ تالاڭنى پەيدا قىلدى. ھۆكۈمرانلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان بايلار، باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن باشقا ھەرقانداق ئەمەل ـ ئەتىمىشنىڭ مېھرىدىن ۋاز كەچتى. ئۇلار كونا قۇللىرى ئارقىلىق يېڭى قۇللارنى باش ئەگدۈرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى قولۇم ـ قوشنىلىرىنى بويسۇندۇرۇش ۋە قۇل قىلىشلا ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەپتى گويا ئادەم گۆشى ئاغزىغا تېتىپ قالغاچقا، ئادەم گۆشىدىن باشقا نەرسىگە ئىشتىھاسى تارتمايدىغان يىرتقۇچلارغىلا





ئوخشايتتى.

شۇنداق قىلىپ، كۈچلۈكلەر ‟كۈچ-قۇدرىتىم ماڭا باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئىشغال قىلىش ھوقۇقى بەرگەن“ دەپ قارايدىغانلىقى، يوقسۇللار ‟بىزمۇ ئاشۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇق“ دەپ بىلىدىغانلىقى، بولۇپمۇ بۇنداق ھوقۇق ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ‟ئىگىدارلىق ھوقۇقى“ سانىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، باراۋەرلىك بۇزۇلغان ھامان، جاھاننى مالىمانچىلىق ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتتى. جۈملىدىن بايلارنىڭ ئۆكتەملىكى، يوقسۇللارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭلىرى ۋە كىشىلەردىكى نەپسىبالالىق ئىنسانغا خاس تەبىئىي ھېسداشلىقنى، ھەتتا ھەققانىيەتنىڭ نىمجان نىداسىنىمۇ بىتچىت قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر پىخسىق، ئاچ كۆز ۋە رەزىل بولۇپ كەتتى. كۈچلۈكلەر بىلەن بالدۇر ئىگىلىۋالغانلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس نىزا ئاخىر ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقلار بىلەن تۈگەللەندى(Q). يېڭى جەمئىيەت ئەڭ قورقۇنچلۇق جەڭگى-جېدەلگە ئورۇن بوشاتتى. قىسقىسى، بەتنەسەپ ۋە پاجىئەلىك ئىنسان بۈگۈنگە كەلگەندە، يا ئەسلىيىتىگە قايتالمايدىغان، يا ئېلىكىدىكى بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسى بولمىش مال-دۇنياسىدىن ۋاز كېچەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭدەك ئادەمزاتنىڭ ھۆرمەتكە لايىق قابىلىيىتىنى جان-جەھلى بىلەن كەلسە-كەلمەس ئىشقا سېلىشى، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنى ھاقارەتكە ئۇچرىتىش بىلەن بىرگە ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى.

ئىنساننىڭ ئاشۇنچىۋالا ئېغىر پاجىئەلەر ۋە ئۆزلىرىنى ‟ۋايىداد!“ دېگۈزۈۋېتىپ بارغان بالا-قازالار ئۈستىدە پەقەت كاللا قاتۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ بايلار ئايىغى چىقماس جەڭگى-جېدەللەرگە لازىملىق خەج-خىراجىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى زىممىسىگە ئېلىۋالسا ئېغىر چىقىمدار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. چۈنكى، ئۇنداق جەڭگى-جېدەللەردە ئىسسىق جېنىنى دوغا تىكىش ھەممىگە ئورتاق بولغىنى بىلەن، مال-دۇنياسىنى زىيانغا ئۇرىدىغان ئىش پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com







بايلارنىڭلا زىممىسىدە ئىدى. بۇلا ئەمەس، بايلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆكتەملىكىنى ھەرقانچە پەردازلىسىمۇ، ئەمما مال ـ دۇنياسىنىڭ ئەقىلگە مۇخالىپ ۋە ھارام ھوقۇق ئاساسىدا جۇغلانغانلىقىنى، زوراۋانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاشۇ مال ـ دۇنيانىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇنداق زوراۋانلىققا يەم بولىدىغانلىقىنى، مال ـ مۈلكى شۇ تەرىقىدە قولدىن كەتسىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا ھەققى يوق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، ھەتتا ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ بېيىغانلارمۇ، ئۆزلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىغا ئوبدانراق دەلىل تاپالمىدى. ئۇلار گەرچە: ”ماۋۇ تامنى ئۆزۈم سالغان، ماۋۇ يەرنى ئۆزۈم تېرىغان؛ شۇڭا، بۇلار ماڭا تەئەللۇق“ دېيەلىسىمۇ، ئۇ يەنىلا بەرىبىر. چۈنكى، كىشىلەر ئۇلاردىن شۇنداق دەپ ياندۇرۇپ سورايدۇ: ”ساڭا ئۇ يەرنىڭ چېگراسىنى كىم سىزىپ بەرگەن؟ بىز ئۇنداق قىلمىغان! شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئەمگىكىڭگە ھەق بەرگۈدەكمىز؟ نۇرغۇن ئادەمنىڭ سەن زىيادە ئىگىلىۋالغان ئاشۇ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە زار بولۇپ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئاۋامغا ئورتاق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئىگىلىۋالغان سەندەكلەرنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى لازىملىقىنى بىلمەمسەن؟“ بايلاردا زىيادە دەپ ـ دۇنيا جۇغلىۋالغانلىقىنىڭ ئەقىلگە سىغمىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كۈچلۈك دەلىل ۋە ئۆزىنى قوغدىغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەت يوق ئىدى. شۇڭا، باشقىلارنى ئويۇننىڭ ئورنىدا ھەش ـ پەش دېگۈچە باش ئەگدۈرەلەيدىغان ئۇنداق بايلار توپ ـ توپ بۇلاڭچىلارغا ئۆددۈللۇق يەم بولغىلى تۇردى. بايلار ئادەتتە دۈشمەنلىك كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ئارا ھەسەت ـ رەشكلەر ۋەجىدىن ئۆملىشەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى بۇلاش مۇددىئاسىدا بىرلەشكەن دۈشمەنگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشقا قادىر ئەمەس. بۇ ۋەزىيەت ئاخىر ئۇلارنى شۇنداق بىر شۇم پىلاننى ئويلاپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەزەلدىن ئىنساننىڭ







خىيالىغا كېلىپ باقمىغان ئۇ پىلان بايلارنىڭ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىدىغان دۈشمەننى دەل ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە سېلىش ھىيلىسى ئىدى. دۈشمەننى قاراۋۇلغا ئايلاندۇرۇۋالغاندا، ئۇلارنىڭ كاللىسىغا قانداقتۇر يېڭى-يېڭى ھېكمەت دۇردانىلىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلار ئۈچۈن يېڭى-يېڭى تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ بەرگىلى بولىدۇ. تەبىئىي ھوقۇق بايلار ئۈچۈن قانچىلىك زىيانلىق ھېسابلانسا، يۇقىرىقىدەك تۈزۈملەر ئۇلار ئۈچۈن ئەكسىچە شۇنچىلىك پايدىلىق ئىدى.

ئاقىۋەتتە، بايلار قوشنىلىرىغا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر ھالەتنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ — ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قولىغا قورال ئېلىپ بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان، بۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى دەپى-دۇنياسى گويا بايلىق خۇسۇسىدىكى قاتتىق ئىنتىلىشلىرىگە ئوخشاشلا ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدىغان، بايلار بىلەن يوقسۇللار ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىدىن ئېغىز ئاچالمايدىغان ھالەت ئىدى. ئاشۇ گەپتىن كېيىن بايلار ئەل-جامائەتنى ئازدۇرۇپ ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك ھالەتنىڭ سەۋەبلىرىنى توقۇپ چىقاردى.

ئۇلار شۇنداق دېدى: "ئاجىزلارنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇپ، قارا نىيەتلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، بايلىقلىرىمىزنى ئامان-ئېسەن ساقلاش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشايلى! ھېچكىمگە يان باسمايدىغان، ھەرقانداق ئادەم شەرتسىز ئەمەل قىلىدىغان، تىنچلىق ۋە ئادالەتنى قوغدايدىغان مۇنتىزىم نىزامنى تۇرغۇزۇپ چىقايلى! ئۇ نىزام كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلارنى ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا يېتەكلەش ئارقىلىق، تەقدىرىمىزدىكى كەمتۈكلۈكنىڭ ئورنىنى تولدۇرسۇن! قىسقىسى كۈچ-قۇدرىتىمىزنى ئۆزئارا قارشىلىققا ئىسراپ قىلماي، ئۇنى جۇغلاپ تەڭداشسىز ھوقۇققا ئايلاندۇرايلى! بۇ ھوقۇق بىزنى كىشىلەرگە ئاقىلانە قانۇن ئاساسىدا رەھبەرلىك قىلىپ، بارلىق ئادەملىرىمىزنى قوغداپ، ئورتاق دۈشمىنىمىزنى چېكىندۈرۈپ، ئەبەدىي ئىناق





ئۆتۈشكە نېسىپ قىلدۇ."

ئەمەلىيەتتە، ئويغانمىغان ۋە ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى نىزا ـ ماجىرالىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن كىسمىچكە موھتاج بولۇۋاتقان ئۇنداق ئادەملەرنى يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى دېمەي تۇرۇپمۇ ئەخمەق قىلىپ پىرقىرىتىۋەتكىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلار زىيادە نەپسانىيەتچى ۋە ياۋۇزلاردىن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، خوجايىنسىز كېتىۋەرسە بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بويۇنتۇرۇقلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆرلۈكىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەندى. چۈنكى، ئۇلاردا گەرچە شەھەرلىكلەر قانۇنىنىڭ پايدىسىنى ئىلغا قىلالىغۇدەك ئەقىل بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ تۈزۈمنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىنى پەرەز قىلالىغۇدەك تەجرىبە كەمچىل ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇنداق تۈزۈمنىڭ نۇقسانلىرىنى بىلىدىغانلار دەل ئاشۇ مالىمانچىلىقتىن نەپ ئېلىشقا تەشنا بايلار ئىدى. ئەمما، ئۇ زاماندىكى ئەڭ ئاقىل كىشىلەرمۇ ئادەم دېگەن ئەركىنلىكىنىڭ بىر قىسمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمىنى قۇربان بېرىشتىن ئايانماسلىقى كېرەك، دەپ قارايتتى. بۇ ھال گويا ياردارنىڭ باشقا ئەزالىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قولىنى كېسىپ تاشلىغاندەك بىر ئىش ئىدى.

جەمئىيەت بىلەن قانۇن مۇشۇنداق ياكى چوقۇم مۇشۇنداق پەيدا بولغان. قىسقىسى، جەمئىيەت بىلەن قانۇن ئاجىزلارغا يېڭى بويۇنتۇرۇق، بايلارغا يېڭى كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلدى، خالاس(R). جۇملىدىن ئۇلار تۇغما ھۆرلۈكنى ئۇزۇل ـ كېسىل بىتچىت قىلىپ، مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باراۋەرلىكنى قوغدايدىغان قانۇننى ئۆمۈرلۈك تۇرغۇزۇش بىلەن بىرگە ئۇستىلىق بىلەن قاقتى ـ سوقتى قىلىشنى مۇستەھكەم ھوقۇققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئىنسانلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاز ساندىكى قارانىيەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جەبىر ـ جاپا، قۇللۇق ۋە يوقسۇللۇققا بەنت قىلىنىۋېتىلدى. شۇنى كۆرۈپ يەتتۇقكى، بىرەر





جەمئىيەت قايسى تەرزدە بەرپا قىلىنمىسۇن، ئۇ باشقا ھەرقانداق جەمئىيەت فورمىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدىكەن. بىرلەشمە كۆچكە تاقابىل تۇرىمىز دېگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇدۇللۇق بىرلىشىشى كېرەك ئىكەن. ئومۇمەن، جەمئىيەتنىڭ كۆپىيىشى ۋە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، پۈتكۈل يەر شارى جەمئىيەتنىڭ قورشاۋىدا قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چوشەك ـ ئاسارەتلەردىن ۋە باش ئۈستىدە ئويناپدىغان خەنجەردىن خالىي پاناھگاھنى قايتا تېپىشقا مۇمكىن بولمىدى. چۈنكى، ئۇ خەنجەرنىڭ ساھىبلىرى ئۇنى مۇستەھكەم تۇتالمىغانلىقى سەۋەبلىك، كۆپىنچە ھاللاردا كىشىلەرنى ئاشۇ خەنجەرنىڭ ئاستىدا ئەبەدىي ياشايدىغاندەك دەككە ـ دۈككىگە غەرق قىلىۋەتتى. رېئال قانۇن پۇقراغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئورتاق نىزامغا ئايلىنىپ كەتكەچكە، ناتۇرال قانۇننىڭ مەۋجۇتلۇق ئىمكانىيىتى پەقەت پەرقلىق جەمئىيەتلەر ئارىسىدىلا قالدى. ئوينىغان رولىغا قاراپ ئادەتتە "ناتۇرال قانۇن" دەپ ئاتىلىدىغان خەلقئارا قانۇن، كۆڭۈلدە ئېتىراپ قىلىنغان پەۋقۇلئاددە يوسۇننىڭ كونتروللۇقى نەتىجىسىدە، جەمئىيەتلەر ئارا ئالاقىنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە ئادەمزات ئارىسىدا ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن ھېسداشلىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ. ھالبۇكى، پەرقلىق جەمئىيەتلەر ئارىسىدىكى ئەزەلىي ھېسداشلىق ئادەملەر ئارىسىدا رول ئويناپالايدىغان كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك يوقىتىپ بولغاچقا، ئۇ پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى بۈيۈك كوسموپولىتىزمچىلار(世界主义者)نىڭ روھىدىلا قالدى. بۇ بۈيۈك كوسموپولىتىزمچىلار ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئايرىپ تۇرغان ئىدىيەۋى توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ياراتقان ئىگىسىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەرھەمەتلىك يۈرىكىدىن ئورۇن بەردى.

ئۇ ئەللەر ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە ئەسلىيىتىنى ساقلىغاندى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنغا بارمايلا بىر قىسىم قولايسىزلىقلارنى كۆرۈپ يەتتى. كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com







بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ خىل قولايسىزلىقلار ئادەمزاتنى ئەسلىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. پاكىتلار كاتتا سىياسىي ئەللەر ئارا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەسلىيەتنىڭ ئاشۇ ئەللەر شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ئۇ ئەللەرنى ھاسىل قىلغان پۇقرالار ئارا ئەسلىيەتكە قارىغاندا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇ ۋەجىدىن ئەسلىدىنلا بىر-بىرىدىن قورقۇپ تىترەپ تۇرۇشقان ۋە ئەقلىيەتكە مۇخالىپ ئەللەر ئارا جەڭگى-جېدەل، قىرغىنچىلىق، قىساسخورلۇق ۋە قانخورلۇقنى ئەزگۈ پەزىل دەپ بىلىدىغان بىر تەرەپلىمە تېررورلۇقلار ئەدەپ كەتتى، ھەتتا ئەڭ پەزىلەتلىك ئادەملەرمۇ نەسىلداشلىرىنى قەتلىئام قىلىشنى "مەجبۇ-رىيەتلىرىمدىن" دەپ بىلىدىغان بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاخىرقى ھېسابتا مىڭلىغان، مىليونلىغان ئادەمزات ھېچ گەپتىن-ھېچ گەپ يوقلا قىرغىنچىلىق قايىنىمىغا ئۆزىنى ئاتتى. قىسقىسى، كىشىلەرنىڭ بىر كۈنلۈك قىرغىنچىلىقى ۋە بىرەر شەھەردىكى بۇلاڭ-تالىڭى پەيدا قىلغان ۋەھىمە، ئەسلىيەت قوينىدىكى ئىنسانلارنىڭ بىر نەچچە ئەسىرلىك دۇنياۋى قىرغىنچىلىقنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئۆزى ئىنسانلارنى پەرقلىق جەمئىيەت تەبىقىسىگە ئايرىۋېتىش تەدبىرىنىڭ دەسلەپكى تەسىرى. ئەمدى بىز ئاشۇ جەمئىيەتلەرنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىنى مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى.

سىياسىي جەمئىيەتنىڭ مەنبەسى(مىسالەن، كۈچلۈكلەر ئىستىبلاسى بىلەن ئاجىزلار ئۆلمۈكىنىڭ مەنبەسى) ھەققىدە نۇرغۇن ئاپتورلارنىڭ مەن بىلەن قارىمۇ-قارشى پىكىردە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ سەۋەبلىك ئامىللار ھەققىدىكى تالىشى، تۇرغۇزماقچى بولغان نەزەرىيەم بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز. ھالبۇكى، مەزكۇر ئەسەرنىڭ باش تەرىپىدە يەكۈنلەنگەن سەۋەبلىك ئامىللار مېنىڭچە تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئەڭ ئۇيغۇن. جۈملىدىن:

1. بىرىنچى خىل ئەھۋالدا ئىستىبلا ھوقۇقىنىڭ ئۆزى چىن





مەنىدىكى ھوقۇقتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ باشقا ھوقۇقلارغا ئاساس بولالمايدۇ. چۈنكى، ئىستىبلا قىلىنغان مىللەت ھۆرلۈكنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىستىبلاچىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆزلىرىگە سەردار قىلىپ تاللىمىغانلا بولسا، ئىستىبلاچى بىلەن ئىستىبلا قىلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى - جېدەل ئەبەدىي تۈگىمەيدۇ. ئىستىبلا قىلىنغۇچى مىللەت ئىستىبلا قىلغۇچىنى رازىلىقى بىلەن ئۆزلىرىگە سەردار قىلىپ تاللاشتىن ئىلگىرى، مەيلى قانداق شەكىلدىكى تەسلىمنامە ئىمزالانمىسۇن، ئۇنداق ”نامە“نىڭ بىردىنبىر ئاساسى زوراۋانلىق بولغىنى ئۈچۈن، قىلچە رولى بولمايدۇ. بۇ ھال،يۇقىرىقىدەك شەرت ئاستىدا ھەقىقىي مەنىدىكى جەمئىيەت ۋە سىياسىي تەشكىلاتنى شەكىللەندۈرۈشكە ۋە كۈچلۈكلەرنىڭ قانۇنىدىن ئۆزگە ھەرقانداق قانۇننى يولغا قويۇشقا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2. ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا ”كۈچلۈكلەر“ بىلەن ”ئاجىزلار“دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ مەنا دائىرىسىنى ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. مۈلۈك ھوقۇقى ياكى ئالدىن ئىگىلەش ھوقۇقىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىلەن سىياسىي ھۆكۈمەتنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغىچە بولغان ئارىلىقتا، يۇقىرىقى ئىككى سۆزنىڭ مەناسىنى ”يوقسۇللار“ بىلەن ”بايلار“ دەپ چۈشەنسەك ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. قانۇن - تۈزۈم پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، بىراۋنىڭ باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشتە ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىگە قارا ساناش ياكى ئۆزىگە تەئەللۇق مال - مۈلۈكىنىڭ بىر قىسمىنى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

3. ھۆرلۈكتىن ئۆزگە مەھرۇم قېلىشتىن ئەنسىرىگۈدەك ھېچنېمىسى بولمىغان يوقسۇللارنى ھالا بۇگۇنگە كەلگەندە ئاشۇ بىردىنبىر تەۋەررۈكىنىمۇ بىكاردىن بىكارغىلا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلاش — ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك. ئەمما، بايلار بۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇلار ئاسانلا ھۇجۇمغا ئۇچراپ قالىدۇ؛

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى







ئۇلاردىكى مال-مۈلۈكنىڭ ھەرقاندىقى زەربە ئوبيېكتى بولالايدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا زەخمەت يەتكۈزمەك شۇنداق ئاسانكى، بايلار شۇ ۋەجىدىن قوغدىنىش خۇسۇسىدا ئامال-چارىلەرنى كۆپلەپ قوللىنىشقا مەجبۇردۇر. بۇنىڭدىن ئەقىلگە سىغىدىغان مۇنداق بىر ھۆكۈمنى چىقىرىشقا بولىدۇ: قائىدە-تۈزۈم دېگەننى زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىغۇچىلار ئەمەس، بەلكى مەنپەئەتلەنگۈچىلەر بېكىتىشى لازىم.

يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىم ۋە مۇنتىزىم شەكلى يوق. يەنە كېلىپ كىشىلەر پاراسەتسىزلىكى ۋە تەجرىبىسىزلىكى ۋەجىدىن، يۈز بېرىپ بولغان قولايسىزلىقلارنىلا كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولۇۋاتىدۇ. ئەمەدى باشقا قولايسىزلىقلارغا كەلسەك، كىشىلەر پەقەت بولار ئىش بولۇپ بولغاندىلا ئاندىن ئۇنى تۈزىتىشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتىدۇ. ئەڭ دانىشلار چېغىدا جىنىنىڭ بارىچە كۈچەپ باققان بولىسىمۇ، ئەمما پۈتۈنلەي دېگۈدەك تاسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى بولمىش سىياسىي ھە دېسىلا مۇكەممەللىك باسقۇچىغا يېتەلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي ئەسلىدىنلا نۇقسانلىق بولغىنى ئۈچۈن، ۋاقىت گەرچە كىشىلەرگە ئاشۇ نۇقسانلارنى تونۇتۇپ، ئۇنى تۈگىتىشنىڭ چارىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىدىكى نۇقسانلارنى تۈزىتەلىشى ئەبەدىي مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى زىممىسىگە ئالىدى. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر ئۇزاققىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدىغان پۇختا ئىمارەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئىمارەت سالىدىغان يەردىكى ئەسكى لاقا-لۇقىلارنى يۆتكەپ، ئۇ يەرنى پاك-پاكىز تازىلىۋەتكەندەك ئىش كۆرۈشى لازىم ئىدى. جەمئىيەت دەسلەپتە بىرنەچچە تۈرلۈك ئەھدىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئاشۇ ئەھدىگە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئورتاق گەۋدە شەخسلەر ئالدىدا كاپالەت مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالىدۇ. كىشىلەر پەقەت ئۇنداق تەشكىلىنىڭ ئاجىزلىقلىرى تەجرىبىلەردىن ئايان بولغاندا، قانۇنسىزلار جىنايى جاۋابكارلىق ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ جازادىن ئاسانلا قېچىپ







قۇتۇلالىغاندا (چۈنكى قانۇنسىزلارنىڭ جىنايىتىگە شاھىد بولۇش ۋە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى ئەل ـ ئاۋامغىلا مەنسۇپ)، كىشىلەر خىلمۇخىل ئۇسۇللار بىلەن قانۇندىن ئۆزىنى چەتكە ئالالىغاندا، شۇنداقلا قولايسىزلىق ۋە مالىمانچىلىقلار ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ كەتكەندە، ئاندىن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئاممىۋى ھوقۇقنى مەخسۇس بىرەيلەنگە ھاۋالە قىلىش ۋە پۇقرالار بېكىتكەن ۋەزىپىنى مەنسەپدارلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇش لازىملىقىنى يادىغا ئالىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر "ئىتتىپاق تۈزۈشتىن بۇرۇنلا يولباشچىلىرىمىزنى سايلاپ بولغانىدۇق"، "قانۇن ئىجراچىلىرى قانۇن تۈزۈلۈشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى" دېگەندەك پىكىر ـ قاراشلارنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ھېچقاچان يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە زېھنىمىزنى زىيادە ئۇپرىتىپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

ھالبۇكى، كىشىلەر دەسلەپتىلا ئۆزلىرىنى مۇستەبىت سەردارلارنىڭ قوينىغا قەتئىي نىيەت بىلەن شەرتسىز ئاتىدۇ، بەئەينى تەلۋىلەر جامائەت ئەمىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، تۇنجى بولۇپ قۇللۇق تۈزۈمنى ماقۇل كۆرىدۇ، دەپ قاراش دېگەندەك ئەقىلگە سىغمايدۇ. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار زۇلۇم ـ سىتەمدىن ئامان قالارمەنمىكىن، مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ شەرتلىرىدىن بولمىش مال ـ مۈلكۈم، ھۆرلۈكۈم ۋە جېنىمنى ساقلاپ قالارمەنمىكىن، دېمىسە ئۆزلىرىگە ھۆكۈمران تاللاپ يۈرەمتى؟! كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمەكتىن ئېغىر خورلۇق بولمىسا كېرەك. ناۋادا كىشىلەر ئىلكىدىكى ئازغىنا مال ـ دۇنياسىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى ئۈچۈنلا سەردارلارنىڭ ھىمىمىتىگە موھتاج بولغان بولسا، ئاشۇ نەرسىلىرىنى سەردارلىرىنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرسىلا ئىش تامام ـ ۋەسسالام بولماسمىدى؟ سەردارلار غايەت زور ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن ئاشۇ كىشىلەرنى تۆلىگەن بەدىلى ئۈچۈن، قانچىلىك باراۋەر مەنپەئەتتىن بەھرىمەن قىلىپ كېتەر؟ ناۋادا ئاشۇ سەردارلار ئاۋامنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com







قوغداش باھانىسى بىلەن ئۇلاردىن ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا پېتىنسا، ئۇ چاغدا كىشىلەر ئۇلارغا: "دۈشمەن بولسىمۇ شۇنچىلىك قىلالار بولغىيدى!" دېگەن گەپنى جاۋاب ئورنىدا شۇ ھامان ھەدىيە قىلىدۇ. دېمەك، "كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە سەردار ئىزدىشى ئۆزلىرىنى قۇللۇق ئاسارىتىگە تۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھۆرلۈكىنى قوغداش ئۈچۈندۇر" دېگەن گەپ، بۇ ھەرقانداق سىياسىي ھوقۇقنىڭ شەكسىز ۋە تۈپكى پىرىنسىپى، خالاس. پىلىنىي تىراجانغا شۇنداق دېگەنىكەن: "مۇبادا پادىشاھقا موھتاج بولغان بولساق، ئۇ دەل ئاشۇ شاھنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقىلارنىڭ قۇل قىلىنىشىدىن قوغدىنىش ئۈچۈندۇر".

سىياسىيونلارنىڭ ھۆرلۈك ئىشقى ھەققىدىكى كاززاپلىقلىرى بىلەن پەيلاسوپلارنىڭ ئەسلىيەت ھەققىدىكى كاززاپلىقلىرى ئەمەلىيەتتە بىر قېلىپتا قۇيغاندەك نەرسىلەر. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى شەيئىلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپلا، ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان ۋە پەرقلىق شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىۋېرىدۇ. جۈملىدىن ئۇلار قۇللارنىڭ ئاسارەتنىڭ جەبىرلىرى ئالدىدىكى سەۋر-تاقىتىنى كۆرۈپلا "تۇغۇلۇشىدىنلا قۇللۇققا مايىلدۇر" دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق كىشىلەر ھۆرلۈكنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئەزگۈ پەزىلەتكە ئوخشاش بار چاغدا قىممەتلىك بىلىنىدىغانلىقى، قولدىن كەتكەن ھامان ئۇنىڭغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنىڭمۇ غايىب بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان. بىراسىداس* ئۆز ۋاقتىدا سپارتا پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئامفىپولىس پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى سېلىشتۇرغان پېرسىيە ۋالىيسىغا شۇنداق دېگەنىكەن: "يۇرتىڭىزنىڭ سائادەتلىك ماكان ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئەمما يۇرتۇمنىڭ شاد-خۇراملىقلىرىنى ھېس قىلالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس!"

* ئەينى زاماندىكى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ) سپارتا شاھىنىڭ سانغۇنى — تەرجىماندىن.





مەدەنىيلەر شىللىسىدىكى بويۇنتۇرۇققا قىلچە ۋايسىمايدۇ، ئەمما بەدەۋىلەر ئۇنىڭغا ئەبەدىي باش ئەگمەيدۇ. بۇ ھال گويا ياۋا ئاتنىڭ ئارغامچىنى كۆرگەن ھامان دەرغەزەپ بىلەن چاپچىپ سەكرىگىنىگە، كۆندۈرۈلگەن ئاتنىڭ ئەكسىچە، قامچا بىلەن ئۆتۈك زىنقچىسى*غا غىڭ قىلمىغىنىغا ئوخشايدۇ. بەدەۋىلەر بوران-چاپقۇنلۇق داللاردا ئەركىن يۈرۈشكە رازىكى، ئارامخۇدالىق ئىچىدە قۇل بولۇشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ قۇللۇققا ئەسلىدىنلا مايىل ياكى قارشى ئىكەنلىكىنى دەلىللەشتە قۇللارنىڭ سۇلغۇنلۇقلىرىنى دەلىل ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ ھۆرلۈككە ئېرىشكەن مىللەتلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل نۇسرەتلىرى ئاساسىدا دەلىللىشىمىز لازىم. ئايانكى، قۇل قىلىنغانلار شىللىسىدىكى بويۇنتۇرۇق بەخش ئەتكەن تىنچلىق ۋە ئەمىنلىكىنى توختىماي ماختىشىدۇ. مۇھىمى، ئۇلار قۇللۇقنىڭ پاجىئەلىرىنى ”تىنچلىق“ دەپ بىلىدۇ**. ئەمما، ھۆر مىللەتلەرنىڭ ئىلكىدىكى مال-دۇنياسى (ئەمما ئۇ بايلىقلار ئۇنى قولدىن بېرىپ قويغانلارنىڭ نەزىرىدە شۇنچىلىك ئەرزىمەس نەرسە)نىڭ ئامان-ئېسەنلىكى ئۈچۈن شاد-خۇراملىقلىرىدىن، خاتىرجەملىكلىرىدىن، ھوقۇق-ئىمتىيازلىرىدىن، ھەتتا ئىسسىق جېنىدىن كېچىۋاتقانلىقىنى، ھۆر تۇرەلگەن بەزى جان-جانىۋارلارنىڭ ئىسكەنجىگە بولغان نەپرىتى سەۋەبلىك قەپەسكە باش-كۆزىنى ئۇرۇپ قانغا بوياۋاتقانلىقىنى، يالىڭاچ ياشاپ كېلىۋاتقان بەدەۋىلەرنىڭ ياۋروپالىقلارنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك ھاياتىغا كۆز قىرىنى سېلىپ قويماي، مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئاچ-زېرىنلىق، ئۇرۇش دېششۋارچىلىقلىرى، ھەتتا ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ”ھۆرلۈك“ ھەققىدىكى مۇھاكىمىنىڭ ”قۇل“لار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

* ياۋروپا چەۋەندازلىرىنىڭ ئاتنى دېۋىتىش ئۈچۈن ئۆتۈكىنىڭ ئاپقۇتىغا بېكىتىۋالىدىغان مىخسىمان ئۇچلۇق مېتالنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن.

** تاستۇس: «تارىخ» — 5-، 23-بەتكە قاراڭ.



ئاتلىق ھوقۇق مەسىلىسىگە كەلسەك، قىسمەن يازغۇچىلار مۇستەبىت سىياسىي ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت دەل ئاتلىق ھوقۇقىنىڭ ھاسىلاتىدۇر، دەپ قارىشىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا جون لوك* بىلەن فىلىپ سىدنېي**نىڭ پىكىر-قاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ رەددىيە بېرىش يۇرمەي، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلساقلا كۇپايە: دۇنيادا ئاتىنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن مۇستەبىت سىياسىينىڭ رەزىللىكىدەك تەڭداشسىز سېلىشتۇرما بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ئاتا كۆپىنچە ھاللاردا بۇيرۇق سۇبيېكتىنىڭ ئەمەس، بەلكى بۇيرۇق ئوبيېكتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدۇ. ناتۇرال قانۇندا شۇنداقكى، ئاتا پەقەت باللىرى ياردەمگە موھتاج بولغاندىلا ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئەمما باللىرىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن باراۋەر ئورۇنغا ئۆتىدۇ. باللار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ پۈتۈنلەي مۇستەقىل ياشىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئايانكى، باللارنىڭ ۋاپادارلىقى قانداقتۇر زورلاپ ئالدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى زۆرۈر مەجبۇرىيەت. شۇڭا، مەدەنىي جەمئىيەت ئاتلىق ھوقۇقىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ئەكسىچە ئاتلىق ھوقۇقىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى دەل مەدەنىي جەمئىيەتتىن كەلگەن دېيىشكە ھەقلىقمىز. باللىرى بىلەن بىرگە تۇرىدىغان ئاتىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باللارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە ئاتىسىغا يېقىن يەرلەرگە ئولتۇراقلىشىدۇ؛ بولمىسا، باشقىلار ئۇ كىشىنى ”مۇنچە باللىنىڭ ئاتىسى ئىكەن“ دەپ قارىمايدۇ. ئاتا ئۆز مۈلكىنىڭ ھەققىي ئىگىسى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ باللارنى ئاتىغا بېقىندۇرىدىغان رىشتە ھېسابلىنىدۇ؛ ئاتا باللىرىغا تېگىدىغان مىراسنىڭ ئۇلۇشىنى ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ گېپىنى

---

* جون لوك(1632 ~ 1704) ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ تەجرىبىچىلىك پەلسەپەسى ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

** فىلىپ سىدنېي(1554 ~ 1586)ئەنگلىيە ئەدەبىيات گۈللىنىشى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، ئېلىزابېت زامانىسىدا ئوردا ياساۋۇلى، ئوفىتسېر قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.



قانچىلىك ئالغانلىقىغا قاراپ بېكىتىدۇ. ئەمما، رەئىيەتنىڭ مۈلكىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىمۇ مۇستەبىت پادىشاھقا مەنسۇپ بولىدۇ؛ ئەڭ بولمىغاندا مۇستەبىت پادىشاھ شۇنداق دەپ قارايدۇ. شۇڭا، رەئىيەت مۇستەبىت پادىشاھتىن ھېچقانداق ساخاۋەت كۈتمەيدۇ، ھەتتا مۇستەبىت پادىشاھ ئەسلىدىنلا رەئىيەتكە تەۋە نەرسىنى ئۇلارغا بەرگەن چاغلاردا، ئۇلار ئاشۇ نەرسىنى مۇستەبىت پادىشاھنىڭ مېھىر-شەپقىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى، مۇستەبىت پادىشاھنىڭ تالان-تاراجلىرى ھەققانىيەت، رەئىيەتنى تىرىك قالدۇرغانلىقىنىڭ ئۆزى رەھىم-شەپقەت سانىلىدۇ.

بۇنداق ئەھۋاللارنى ھوقۇق نۇقتىسىدىن ئىزچىل تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئاتالمىش "ئىختىيارەنلىك تەلىماتى"نىڭ قىلچە ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بىر تەرەپنىلا چەكلەپ، توختام مەجبۇرىيىتى يۈكلەنگەن ئۇ تەرەپكە بىر تەرەپلىمە مۇئامىلە قىلىدىغان، مەجبۇرىيەتنى بىر تەرەپكىلا يۈكلەپ، يەنە بىر تەرەپنى بارلىق مەنپەئەتتىن بەھرىمەن قىلىدىغان بىر خىل پۈتۈمنىڭ ئۈنۈمىنى ئىسپاتلاشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇنداق ھەددىدىن زىيادە نامۇۋاپىق تەدبىر دانا ۋە ئاق كۆڭۈل پادىشاھنىڭ تۈزۈمى بىلەن، بولۇپمۇ فىرانسىيە پادىشاھى يولغا قويغان تۈزۈم بىلەن تەڭلەشتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ نۇقتىدا ئاشۇ پادىشاھلارنىڭ پەرمانلىرىدىكى بەزىبىر بايانلاردىن مەلۇم. 1667-يىل لۇئى - XIV نىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ئۇنىڭ نامىدا چىقىرىلغان بىر مەشھۇر ئەسەردە مۇنداق بايانلار بار:

"شۇڭا، پادىشاھلار ئۆز ئېلىنىڭ قانۇنىنى رەت قىلىۋېتەلەيدۇ، دېسەك دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، ئاۋام قانۇنىدىكى چىن ھەقىقەت بۇنىڭغا كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولالايدۇ. گەرچە بەزى خۇشامەتچىلەر ئاشۇ چىن ھەقىقەتكە گاھىدا شىلتىنىڭ ئېتىپ باقىسمۇ، ئەمما دانا





پادىشاھلا ئۇنى گويا ئەلنىڭ تىلتۇمارىدەك قوغدايدۇ. دېمەك، دانىش ئەپلاتونغا جور ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىز: پادىشاھنىڭ يېتۈك سائادىتى رەئىيەتنىڭ پادىشاھ ئالدىدىكى رايىشلىقى ۋە پادىشاھنىڭ قانۇنغا بولغان ھۆرمەت-ئېھتىرامىدىن كېلىدۇ، شۇنداقلا قانۇن پەقەت ئەل-ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىنى ئەبەدىي قوغدىيالىغاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ.“

مۇنداق بىر مەسىلىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرغۇم يوق: ھۆرلۈك ئىنسانلار قابىلىيىتىنىڭ گۈلتاجى ئىكەن، ئۇنداقتا بىرسى ۋەھشىي ياكى غالجىر خوجايىنىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى تەبىئىي تۇيغۇنىڭ ھاكىملىقىدىكى يىرتقۇچنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئۆزىگە بەخشەندە ئىقتىدار-قابىلىيەتلەرنىڭ ئەڭ سەرخىلى بولمىش تۇغما ئەقلىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچسە، ھەتتا ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا پەرۋەردىگار پەرھىز قىلغان گۇناھلارنى بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزگىلى تۇرسا، بۇنى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھالاكىتى دېگۈلۈكمۇ؟ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارغا كۆرە ئېيتقاندا، ئۆزى ياراتقان ئەڭ نادىر ئەسەرنىڭ خورلانغانلىقىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈشتىنمۇ ئۆتە قەھرلىك ئىشمىدۇ؟ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىلەرنىلا بىلىۋالسامكەن: غۇرۇرىنى سۇندۇرۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئەۋلاد-ئۇرۇقلىرىنىمۇ ئوخشاش خورلۇقتا مۇپتىلا قىلىپ قويۇشقا نېمە ھەققى؟ ئەۋلاد-ئۇرۇقلىرىنىڭ سېخىيلىقنى مەنبە قىلمىغان بەخت-سائادىتىنى شۇلار نامىدىن چۆرۈپ تاشلىۋېتىشكە نېمە ھەققى؟ يەنە كېلىپ ئاشۇ بەخت-سائادەتتىن بەھرىلىنىشكە ھەقلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىن مەھرۇم ھاياتنىڭ ئۆزى بىر بىھۇدە يۈك، خالاس.

پۇفېندورف مۇنداق دەيدۇ: ”كىشىلەر كېلىشىم ياكى توختام شەكلى ئارقىلىق مال-مۈلكىنى باشقىلارغا ئۆتۈنەلىگەنىكەن، ئۇنداقتا ھەم باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھۆرلۈكىدىن ۋاز



كېچەلەيدۇ دېگەن گەپ.“ مېنىڭچە بۇ ناھايىتى قاملاشمىغان گەپ. چۈنكى، مەن بىرەر نەرسىنى بىراۋغا ئۆتۈنگەنىكەنمەن، ئۇ نەرسە بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىم قالمايدۇ دېگەن گەپ. شۇڭا، ھېلىقى كىشى ئۇ نەرسىدىن قانداق پايدىلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشى. ئەمما، مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى دەخلى-تەرۇزسىز ھۆرلۈك*. ئۆزۈمنىڭ جىنايەت قورالىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا يول قويالمايمەن. شۇنداقتىمۇ مەجبۇرەن ئۆتكۈزگەن قىلمىشلىرىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ھەرگىزمۇ گۇناھكار سانىمايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مال-مۈلۈك ئەھدە ۋە كىشىلەر تۇرغۇزغان تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى ھەرقانداق ئادەم خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق. ئەمما، ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم تەبىئىي ھوقۇقى بولمىش ھاياتلىق بىلەن ھۆرلۈك باشقا گەپ. ھەرقانداق ئادەم ئاشۇ ھوقۇقىدىن بەھرىلىنىشكە ھەقلىق. ئەمما، كىشىلەرنىڭ ئاشۇ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش ئەركى بولامدۇ-يوق؟ بۇ ئەڭ بولمىغاندا تېخى ھۆكۈملەنمىگەن مەسىلە، خالاس. دېمەك، بىراۋنىڭ ھۆرلۈكتىن ۋاز كەچكىنى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى دەپسەندە قىلغىنى، ھاياتىدىن ۋاز كەچكىنى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي يوقاتقىنىدۇر. چۈنكى، پانىي دۇنيانىڭ ھېچنېمىسى ھاياتلىق ۋە ھۆرلۈك مەھرۇملۇقى كەلتۈرگەن زىيان-زەخمەتنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ. شۇڭا، ھاياتلىق بىلەن ھۆرلۈكنى مەيلى قانداق شەكىلدە دوغا تىكمەيلى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەت ۋە ئەقلىيەتكە مۇخالىپ ئەتمىشلەردىندۇر. كىشىلەر ھۆرلۈكنى گويا دەپى-دۇنيادەك ئۆتۈنۈپ بېرەلىگىنى بىلەن، پەرزەنتلەر مەسىلىسىدە ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. مەسىلەن، باللار ئاتىسىنىڭ مال-مۈلكىدىن

* خالساڭلار بالبىللاكنىڭ نوپۇزلۇق گەپلىرىدىن ئىككى كەلىمە دەپ بېرەي. بالبىللاك جون لوكنىڭ پىكىر-قاراشلىرىغا مايىللىقى بىلەن گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ھۆرلۈكىنى سېتىۋېتىدىغانلار بولمىسا كېرەك، شۇڭا ئۇلار مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ خالىغانچە ھۆكۈمرانلىقلىرىغا تىز پۈكۈشكە مەجبۇر. ئۆز ھۆرلۈكىنى سېتىۋېتىش ھاياتىنى دوغا تىككەن بىلەن باراۋەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان ھاياتىنى دوغا تىكىش ھوقۇقى بولمايدۇ(1782-يىل)“

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



DISCOURSE ON INEQUALITY

بەھرىلىنىدۇ. ئۇلار ئۇ مۈلۈكلەرگە ئاتىسى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن مۈلۈك ھوقۇقى ئارقىلىق ئېرىشكەن بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھۆرلۈكىنى تەبىئەت دۇنياسى ھەممەت قىلغان، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ بۇ ھوقۇقنى تارتىۋېلىشقا ئەبەدىي قادىر ئەمەس. گويا قۇللۇق تۈزۈمىنى تۈرغۇزۇش ئۈچۈن تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ ھۆرلۈك ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر تېپىلغىنىدەك، قانۇنشۇناسلار "قۇلنىڭ بالىسى قۇل پېتى تۇغۇلىدۇ!" دېگەن گەپنى ھەيۋەت بىلەن جاكارلاشتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا ئادەم ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئۇتتۇرىغا قويۇشتى.

شۇڭا، يۇقىرىقىلاردىن مۇنداق ھۆكۈمنى چىقىرالايمىز: ھۆكۈمەت مۇستەبىت ھاكىمىيەتتىن تۆرەلگەن ئەمەس. ھۆكۈمەت چىرىكلىكنىڭ ئاخىرقى پەللىسى بولمىش مۇستەبىت ھاكىمىيەت ھۆكۈمەتنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنە ئەڭ كۈچلۈكلەرنىڭ ھاكىملىقىغا بەنت قىلىپ قويىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەسلەپكى ھۆكۈمەتنىڭ ئالغان ئۆرنەكلىرىمۇ ئەڭ كۈچلۈكلەرگە مەنسۇپ ھاكىمىيەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈنلا ئىدى. ھۆكۈمەت راستىنلا مۇستەبىت ھاكىمىيەتتىن تۆرەلگەن دېيىلسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەسلىدىنلا قانۇنسىز بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ھوقۇقنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ؛ شۇ ۋەجىدىن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ھەرقانداق ھۆكۈمەتنى شەكىللەندۈرىدىغان تۈپكى پۈتۈمنىڭ خۇسۇسىيىتى مۇتالىئە قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە ئۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمەن. پەقەت تۈپكى قانۇنىيەتكىلا ئەمەل قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشىنى كىشىلەر بىلەن ئاشۇ كىشىلەر سايلاپ چىققان داھىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي

پۈتۈمنىڭ مەھسۇلى، دەپ تونۇيمەن. پۈتۈم ئىككى تەرەپ ئورتاق ئەمەل قىلىشقا كېلىشكەن، ماددىمۇ ماددا بېكىتىلگەن قانۇن دېمەكتۇر. بۇ قانۇن يەنە كېلىپ كىشىلەرنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان رىشتە، ئەلۋەتتە. كىشىلەر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى بىرلىككە كەلگەن ئورتاق ئىرادىگە مۇجەسسەملىگەنىكەن، ئاشۇ ئىرادىنى جاكارلىغان ھەرقانداق بەلگىلىمە شۇ ئەلدىكى ھەربىر پۇقرانىڭ تۈپ قانۇنى بولۇشى كېرەك. ئاشۇ تۈپ قانۇنلارنىڭ بىرىدە باشقا قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قانداق سايلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقى بېكىتىلگەن. بۇ ھوقۇق ئاساسىي قانۇننى قوغداشقا لازىملىق ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، ئەمما ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى ئۇ كاتېگورىيەگە كىرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تۈپ قانۇنغا يەنە قانۇن ۋە قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ ھۆرمەت-ئېھتىرامى ھەققىدىكى ماددىلار، شۇنداقلا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ئەلنى ئىدارە قىلىشتا چەككەن جەبىر-جاپالىرى بەدىلىگە بېرىلگەن بەزىبىر ئىمتىيازلار ھەققىدىكى ماددىلار كىرگۈزۈلگەن. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەر شۇكى، ئۇلار پۇقرالار ھاۋالە قىلغان ھوقۇقنى چوقۇم شۇلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە يۈرگۈزۈشى، ھەرقانداق پۇقرانىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق نەرسىلەردىن ئارامخۇدا بەھرىلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى، شۇنداقلا ھەرقانداق چاغدا جامائەت مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرۈشى شەرت.

ئاساسىي قانۇننىڭ توسقۇنسىز ھالدا كەلسە-كەلمەس ئىشقا سېلىنىۋاتقانلىقىنى تەجرىبىلەر ئىسپاتلاشتىن ياكى ئىنسانلار بىلىدىغانلىرى ئاساسىدا بىمالال مۆلچەرلەشتىن ئىلگىرى، ئۇنى يەنىلا خىلى راۋرۇس ئاساسىي قانۇن، دەپ تونۇيمىز. چۈنكى، ئاشۇ ئاساسىي قانۇن بىلەن ئۇنىڭ سۈر-ھەيۋىسىنى ساقلاشقا مەسئۇل





ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا قويۇق مەنپەئەت مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ھوقۇقى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۈپ قانۇن ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، تۈپ قانۇن ۋەيران قىلىنغان ھامان، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىيلىقىدىن مەھرۇم بولىدۇ. چۈنكى، دۆلەتنى شەكىللەندۈرگەن ئامىل قانداقتۇر ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئەمەس، بەلكى قانۇن. بۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانداق پۇقرا ئۆزىنىڭ تۇغما ھۆرلۈكىگە قايتىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئازراقلا ئويلانساق، يۇقىرىقى قاراشنى قوللايدىغان يېڭى ـ يېڭى دەلىللەرنى تاپالايمىز. پۈتۈمنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيىتىدىن ئالغاندا، ئۇ بىكار قىلىنىشقا بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. چۈنكى، توختاملاشقان تەرەپلەرنىڭ سەممىيىتىگە تېخىمۇ بۈيۈك قۇدرەت بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشقا مەجبۇرلىمىغاندا، ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆزلىرىنى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك دەۋا ـ دەستۇرنىڭ يېگانە سوتچىسى دەپ تونۇۋالىدۇ، شۇنداقلا قارشى تەرەپنى پۈتۈمگە خىلاپلىق قىلدى، دەپ قارىغان ياكى پۈتۈم ماددىلىرىنىڭ نەپ بېرىدىغان تەرىپى قالمىدى، دەپ ھېسابلىغان ھامان پۈتۈمنى خالىغانچە بىكار قىلىۋېتەلەيدۇ. قارىغاندا، نوپۇزدىن ۋاز كېچىش ھوقۇقى دەل مۇشۇ پرىنسىپ ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولسا كېرەك. ھالبۇكى، بىز بۇ يەردە ئىنسانلار تۈزگەن تۈزۈملەر خۇسۇسىدا گەپ قىلىۋاتىمىز. مۇبادا بارلىق ھوقۇقنى ئىلكىدە تۇتقان، شۇنداقلا توختامدىكى ھەرقانداق پايدا ـ مەنپەئەتنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىمتىيازىدىن ۋاز كېچىشكە ھوقۇقلۇق دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئاشۇ جانابلارنىڭ خاتالىقلىرى سەۋەبلىك زىيان ـ زەخمەتلەرنى زىممىسىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ بېقىندى ئورنىدىن ۋاز كېچىشكە تېخىمۇ ھوقۇقلۇق. ۋاھالەنكى، بۇنداق خەتەرلىك ئىمتىياز قورقۇنچلۇق جېڭگى ـ جېدەل





ۋە تۈگىمەس مالىمانچىلىققا سەۋەب بولىدۇ. ئاشۇ جەڭگى-جېدەل ۋە مالىمانچىلىقتىن شۇلارنى چۈشىنىمىزكى، ئىنسانلار قۇرغان ھۆكۈمەتلەر نوقۇل ئەقلىيلىككە قارىغاندا مۇستەھكەم ئاساسقا تېخىمۇ بەك موھتاج، شۇنىڭدەك ئەل-ئاۋامنىڭ ئەمەلىكى پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىگە تېخىمۇ موھتاج، چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى ئەڭ ئالىي نوپۇز ساھىبلىرىغا مۇقەددەس ۋە دەخلىسىز خۇسۇسىيەت ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قولىدىكى مۇقەددەس ھوقۇقنى كەلسە-كەلمەس ئىشقا سېلىشتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. چۈنكى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىدىكى مۇقەددەس ھوقۇقنى كەلسە-كەلمەس ئىشقا سېلىشى ئىنسانلارنى بەختسىزلىككە دۇچار قىلىدۇ. دىن گەرچە ئىللەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن يۇقىرىقىدەك شاراپىتى بىلەن قىممەتلىك ۋە سۆيۈملۈكتۇر. جۈملىدىن، دىنىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تېجەپ قېلىنغان قانلار دىنىي ئەسەبىيلىك ۋەجىدىن ئاققان قانلاردىن كۆپ، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ بىز دىن توغرۇلۇق گەپنى مۇشۇ يەردە قويۇپ تۇرۇپ، ئىلگىرىكى تەھلىلىمىزنى داۋام ئېتەيلى.

ھۆكۈمەت شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ھۆكۈمەت قۇرۇلغان چاغدىكى يەككىلەر ئارا خىلمۇخىل پەرقلەر سەۋەب بولغان. چۈنكى، مۇبادا بىراۋ كۈچ-قۇدرەت، ئەخلاق-پەزىلەت، مال-مۈلۈك ۋە تەسىرچانلىقتا غايەت زور شۆھرەت تاپالىغان بولسا، دېمەك ئۇ يېگانە سەردار قىلىپ سايلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئاشۇ سەردار تۇرۇشلۇق ئەل خانلىق تۈزۈلمىسىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. ناۋادا بىر ئەلدە ھەرقايسى جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرالايدىغان قىسمەن كىشىلەر بولسا، ئۇلار ئەل-ئاۋامنىڭ ئورتاق تەۋسىيەسى بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ناۋادا مەلۇم ئەل كىشىلىرى باي-باياشاتلىق ۋە ئىقتىدار-كارامەتتە ئاساسەن تەڭلىشەلىسە، شۇنداقلا ئۇلار ئەسلىيىتىنى خېلى ئۇبدان ساقلىيالىغان بولسا، ئەڭ ئالىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى





مەمۇرىي ھوقۇقنى كوللېكتىپ ئورتاق يۈرگۈزىدىغان دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇپ چىقىدۇ، دېگەن گەپ. ۋاقىت يۇقىرىقى تۈزۈلمىلەردىن قايسىسىنىڭ ئىنسانلارغا ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ئىسپاتلاپ بولدى. دۇرۇس، بەزىلەر قانۇننىلا تونۇيدۇ؛ يەنە بەزىلەر خوجايىنىنىڭ ئەمرىنى مۇقەددەس بىلىدۇ. پۇقرالار ھۆرلۈكنى ساقلاشقا تەقەززا بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى بەھرىلىنىشكە قادىر بولالمايۋاتقان مەئىشەتلەرنىڭ ئۆزگىلەرگە تەئەللۇق بولۇۋاتقانلىقىغا تاقەت قىلالماي، ئاخىر باشقىلارنى ھۆرلۈكتىن مەھرۇم قىلىشقا پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن ئىنتىلىدۇ. قىسقىسى، ھاياتلىقنىڭ بىر يۈزى بايلىق ۋە ئىستېلا، يەنە بىر يۈزى بەخت ۋە ئەزگۈ پەزىلدۇر.

يۇقىرىقى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىلىرىدە مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلەتتى. جۈملىدىن بىراۋ دەپىنە ـ دۇنيادا باشقىلارغا يېتەلمىگەن بولسا، كىشىلەر ئۇنى تۆھپە ـ ئۆتۈقلىرىغا بىنائەن سايلايتتى. چۈنكى، ئۇنداق كىشىلەر تۆھپە ـ ئۆتۈقلىرىنىڭ شاراپىتى بىلەن يۈز ـ ئابرۇي تاپالايدۇ، شۇنىڭدەك كىشىلەر سايلامدا ئوبيېكتنىڭ ياش ـ قۇرامىغىمۇ قارايدۇ. چۈنكى، يىللار ئۆتكەنسېرى ئادەم تەجرىبىلىك ھەم تەمكىن بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئىبرايلارغا خاس ”مۆتىۋەر“(长者) ئاتالغۇسى، سپارتانلارغا خاس ”ئاقساقال“(元老) ئاتالغۇسى، رىملىقلارغا خاس ”سېنات“(元老院)* ئاتالغۇسى، ھەتتا تىلىمىزدىكى ”خوجا“(领主) ئاتالغۇسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئىلگىرى يېشى چوڭلارنىڭ نەقەدەر ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئېتىمولوگىيەلىك مەنا ئىپادىلەنگەن. ئەمما، سايلامغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ يېشى قانچىكى چوڭ بولسا، سايلام قېتىمى شۇنچە كۆپىيىپ كېتىدۇ ـ دە، كىشىلەر بۇنداق سايلامدىن بارا ـ بارا بىزار بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئارىدا ھىيلە ـ مىكىر باش كۆتۈرۈپ، گۇرۇھۋازلىق كېلىپ چىقىدۇ؛ پىرقىلەر

* تۆھپىكارلار پالاتاسى دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.







زىددىيىتى كەسكىنلىشىپ، تەدرىجىي ئىچكى ئۇرۇشنى پەيدا قىلىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا، ئاۋام ـ پۇقرا ئاتالمىش "دۆلەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى" ئۈچۈن بىھۇدە قان تۆكىدۇ؛ كىشىلەر ئىلگىرىكىدەك ھۆكۈمەتسىزلىككە قەدەم قويىدۇ. نەپسى بالا سەردارلار بۇ مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز جەمەتىگە ئۆمۈرلۈك بەخشەندە قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بېقىندى، ئارامخۇدا ۋە بەھۇزۇر ھاياتقا كۆنگەن كىشىلەر شىللىسىدىكى زەنجىر ـ كىشەننى پاچاقلاشقا قادىر بولمىغاچقا، ئاخىر ئارامخۇدالىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قۇل قىلىشىغا "ئەلھۆكمىلىللا" دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋارىسلىرىدىن بولمىش سەردارلار گەرچە دەسلەپتە شۇ ئەلنىڭ ئەمەلدارلىقى بىلەنلا چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بارا ـ بارا قانداقتۇر مەنسەپدارلىق شەرىپىنى جەمەتىنىڭ بايلىقى، ئۆزىنى شۇ ئەلنىڭ ھەقدارى دەپ ھېسابلايدىغان بولۇۋالىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنداشلىرىنى "قۇللىرىم" دەپ قاراپ، ئاشۇ "قۇل"لارنى مال ـ ۋارانلىرى قاتارىدىكى بايلىق سانايدۇ؛ مۇھىمى، ئۆزلىرىنى "پەرۋەردىگارغا تەڭداش شاھەنشاھمەن" دەپ جاكارلايدۇ.

مۇبادا تەڭسىزلىكنىڭ مۇشۇنداق پەرقلىق ئىنقىلابلار جەريانىدىكى راۋاجىغا نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساق، مۇنۇلارنى تونۇپ يېتىمىز: قانۇن ۋە مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىرىنچى باسقۇچ؛ ئەمەل ـ مەنسەپنىڭ پەيدا بولۇشى ئىككىنچى باسقۇچ؛ قانۇنىي ھوقۇقنىڭ مۇستەبىت ھوقۇققا ئايلىنىشى ئۈچىنچى يەنى ئاخىرقى باسقۇچ. جۈملىدىن بايلار بىلەن نامراتلار بىرىنچى باسقۇچتا، كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئىككىنچى باسقۇچتا، قۇلدارلار بىلەن قۇللار ئۈچىنچى باسقۇچتا ئايرىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاخىرقى باسقۇچ تەڭسىزلىكنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى، شۇنداقلا باشقا باسقۇچلارغا تەۋە ئەھۋاللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈگەللىمىسى. مۇبادا يېڭىچە ئىنقىلاب ھۆكۈمەتنى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈۋەتسە، ياكى ھۆكۈمەت ھوقۇقىنىڭ قانۇنىيلىقىنى



ئەسلىگە كەلتۈرەلىسە ئۇ باشقا گەپ.

بۇنداق تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ھە دېسلا سىياسىي تەشكىلاتلارنى تۇرغۇزۇشتىكى مۇددىئانى ئېنىقلاش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، مۇھىمى سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىسى ۋە ئاشۇ تەشكىلاتلار ھەرىكىتىنىڭ خىلمۇخىل نۇقسانلىرىنى كۆپرەك نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى زۆرۈرىيەتكە ئايلاندۇرغان ئاشۇنداق يامان ئادەتلەر ئوخشاشلا ئاشۇ تۈزۈملەرنى ھېچ ھېيىقماستىن كەلسە-كەلمەس ئىشقا سالالايدىغان جىنايەتتۇر. ھازىرچە سپارتانىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايمەن: سپارتا قانۇنىدا ئاساسەن دېگۈدەك باللار تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. يەنە كېلىپ لىكۇرگۇس* ئەزگۈ ئەخلاقنى تۇرغۇزالىغان بولغاچقا، قانۇنغا مۇراجىئەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. چۈنكى، قانۇن ھەتتا شەھۋەت ئالدىدىمۇ ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەمنى چەكلىيەلىگىنى بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. بۇلار مۇنداق بىر نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ: ناۋادا بىر ھۆكۈمەت ھەم چىرىكلەشمەي، ھەم خارابلاشماي، ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەۋەرسە، ئۇنداقتا بۇنداق ھۆكۈمەتنى قۇرۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ؛ ناۋادا بىر دۆلەتتە قانۇندىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ياكى ھوقۇقىنى كەلسە-كەلمەس ئىشقا سالىدىغان ئادەم چىقمىسا، ئۇ دۆلەتتە قانۇن تۇرغۇزۇپ، مەنسەپدار سەپلەشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى قالمايدۇ.

سىياسىي پەرقلەرنىڭ پۇقرالار ئارا ئېگىز-پەسلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى مۇقەررەر. شۇڭا، پۇقرالار بىلەن رەھبەرلەر ئارىسىدىكى تەڭسىزلىكنىڭ ئۆزلۈكسىز كۈچىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ،

* ئېيتىلىشىچە لىكۇرگۇس سپارتانىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 9-ئەسىردىكى سىستېمىلىق قانۇنلىرىغا ئاساس سالغانمىش، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

ھەش - پەش دېگۈچە كىشىلەر ئارا تەڭسىزلىك كېلىپ چىقتى. جۇملىدىن ئىستەك، ئىقتىدار ۋە مۇھىت جەھەتتىكى پەرقلەر يوقىرىقىدەك ئېگىز - پەسلىكلەرنى تۈرلۈك - تۈمەن شەكىللەردە ۋۇجۇدقا چىقاردى. بىر مەنسەپدار ناۋادا ئۆپچۆرىسىگە شايكا توپلىماي، ئىلكىدىكى ھوقۇقىنىڭ بىر قىسمىنى ئاشۇلارغا بۆلۈپ بەرسە، ئۇ چاغدا ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قانۇنسىز كۈرەش بىلەن ھوقۇق تارتىۋالىشى مۇمكىن ئەمەس. ۋاھالەنكى، پۇقرالار ئاچ كۆزلۈككە ئەسىر بولغان ھامان، باشقىلارنىڭ زۇلۇم - ستەملىرىنىمۇ راۋا كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئېگىزگە ئەمەس، بەلكى پەسكىلا قارايدىغانلار؛ باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ھۆرلۈكىدىن ئەلا بىلىدىغانلار. شۇڭا، ئۇنداقلار باشقىلارنىڭ شىللىسىگە بويۇنتۇرۇق سېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۆزىنى بويۇنتۇرۇققا تۇتۇپ بېرىدۇ. باشقىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى خالىمايدىغان ئادەمدىن رايىشلىق كۈتۈش بەسى مۇشكۈل. شۇڭا، چىن قەلبىدىن ھۆرلۈككە تەلپۈنگەن كىشىلەرنى ھەتتا ئەڭ مەككار سىياسىيونلارمۇ قۇل قىلالمايدۇ. ئەمما، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، تەڭسىزلىك ئۈچىغا چىققان قارا نىيەتلەر بىلەن زەئىپانە ئاجىزلار ئارىسىدا بىمالال ئەۋج ئالالايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەرقانداق چاغدا خىيىم - خەتەرگە ئۆزىنى ئاتالايدىغانلار. ئۇلار ئۈچۈن باشقىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈش بىلەن باشقىلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاش ئوخشاشلا بىر ئىش. شۇڭا، مۇنداق بىر دەۋر بىتەھقىق مەۋجۇت بولغان. ئۇ دەۋر كىشىلىرى شۇ دەرىجىدە قايمۇقتۇرۇۋېتىلگەنكى، ئۇلارنىڭ ئەڭ پېسەندىسىمۇ خوجايىنىنىڭ: "ئەۋلاد - ئۇرپاقلىرىڭ بىلەن بىرگە ئەزىزلەنگىن!" دېگەن بايانىنى ئاڭلىغان ھامان، دۇنيا ئەھلىنىڭ نەزەرىدىكى ئەزىزانە زاتقا ئايلىناتتى، ھەتتا ئۇ ئۆزىنىمۇ ھۆرمەت ساھىبىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك سېزەتتى. مۇھىمى ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى جەددى - جەمەتىدىن قانچە يىراقلاشقانسېرى، ئورۇن -



مەرتىۋىدە شۇنچە يۇكسەلگەنىدى؛ ئۇلاردىكى يۇكسەك ھۆرمەت-ئېھتىراملىق سەۋەبى غوۋالىشىپ ئۇنتۇلغانسىرى، ئۇلار شۇنچە ئەزىزلىنىدىغان بولۇپ كەتتى. قىسقىسى، بىر ئائىلىدە بىكار تەلەپ ئاقنانچىلار قانچە كۆپەيگەنسىرى، ئۇ ئائىلىنىڭ شۆھرىتى شۇنچە ئاشىدىكەن.

بۇنىڭدا ئەگەر ئۇششاق نۇقتىلارنى ئانالىز قىلىشقا توغرا كەلسە، مۇنداق مەسىلىنى ئىزاھلايمەن: كىشىلەر جەمئىيەتنى شەكىللەندۈر-گەندىن كېيىن، شەخسلەر ئارىسىدا ئابروي ۋە نوپۇز جەھەتتىكى تەڭسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئېنىق(S). چۈنكى، ئوخشاش بىر جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈزلۈكسىز مۇلاقاتلار داۋامىدا ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئاردىكى پەرققە دىققەت قىلماي قالمايدۇ. بۇ پەرقلەر خىلمۇخىل بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەت ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ بايلىقى، دەرىجىسى، نوپۇزى ۋە نەتىجىسىگە قاراپ باھا بېرىدۇ. دېمەك، بۇ تۆت جەھەتتىكى پەرقنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش ياكى زىتلاشتۇرۇپ قويۇش مەلۇم بىر دۆلەت قۇرۇلمىسىنىڭ قانداقلىقىنى دەڭسەيدىغان ئەڭ روشەن بەلگىدۇر. مېنىڭچە، يۇقىرىقى تۆت خىل تەڭسىزلىكنىڭ بىرىنچىسى، يەنى مەنبەسى شەخسىي سالاھىيەت جەھەتتىكى تەڭسىزلىك؛ ئاخىرقىسى باي-باياشاتلىق جەھەتتىكى تەڭسىزلىك. قالغان ئىككى خىل تەڭسىزلىك باي-باياشاتلىق جەھەتتىكى تەڭسىزلىك كاتېگورىيەسىگە تەۋە. بايلىق بەختكە ئەڭ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەم ئەڭ يۆتكىلىشچان بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەرقانداق نەرسىنى ناھايىتى ئاسانلا سېتىۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك، مۇشۇنداق كۆزىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ھەربىر مىللەتنىڭ ئېپتىدائىي تۈزۈمدىن قانچىلىك ئۇزاپ كەتكەنلىكىگە ۋە ھالاكەتنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە يېتىپ بېرىش جەريانىغا ئادىل ھۆكۈم قىلالايمىز. مېنىڭچە، ھەممىمىزنى بەربات قىلغان نام-ئاتاق، شان-شۆھرەت ۋە ئىمتىياز ئىستىكى كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە

كۈچ ـ قۇدرىتىنى تاۋلاش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئەقىل ـ پاراسەت ياكى كۈچ ـ قۇدرەتنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزئارا ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشقا دالالەت قىلماقتا. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتەلەيمەنكى، ئاشۇنداق ئىستەك بارا ـ بارا نەپسى بالالىقنى قوزغىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى رىقابەتچى، رەقىب، ھەتتا دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. بۇنىڭ بىلەن سان ـ ساناقسىز رىقابەتچى ئوخشاش بىر نىشانغا ئۆزىنى ئېتىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك زەپەر مارشىنى ياڭرىتىش ياكى مەغلۇبىيەت تولغاقلىرىدا ئىڭراش بىلەن بىرگە ئاجايىپ ـ غارايىپ بالا ـ قازالارنى پەيدا قىلىدى. شۇنى شەرھلىيە ـ لەيمەنكى، ھەرقانداق ئادەم دىققەت ئېتىبارىغا ۋە باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىشكە تەشنا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ناچار ھازىرەتلەرنى ئاپىرىدە قىلىشتى. مىسالەن، ئەزگۈ پەزىللىرىمىز بىلەن رەزىللىكلىرىمىز، پەن ـ بىلىملىرىمىز بىلەن سەپسەتىلىرىمىز، ئىستىلاچىلىرىمىز بىلەن پەيلاسوپلىرىمىز شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. قىسقىسى، قىلغان يامانلىقلىرىمىز ياخشىلىقلىرىمىزدىن ئېشىپ كەتتى. ئاخىرىدا شۇنى ئىسپاتلىيالايمەنكى، ھوقۇقىمۇ، تەسىرىمۇ بار قىسمەن كىشىلەر باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى تارتىۋېلىشىنىلا ھۇزۇر تاپالايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نام ـ ئاتاق ۋە باي ـ باياشاتلىقىنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە چىققانلىقىنى، ئاۋامنىڭ بولسا زۇلمەت ۋە پاجىئەگە قالغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتۇق. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ بەخت تۇيغۇسى دەل پاجىئەلىك كىشىلەرنىڭ ئىڭراشلىرىدىن كېلىدۇ.

ھالبۇكى، يۇقىرىقى تەپسىلاتلارنى شەرھلەش ئارقىلىق مەزمۇنى مول بىرەر پارچە ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيمىز، شۇنىڭدەك ئۇ ئەسەردە ئېپتىدائىي ھوقۇققا بىنائەن ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەرنىڭ پايدىسى بىلەن زىيىنىنى دەڭسەپ كۆرەلەيمىز ھەمدە ھازىرغىچە باش كۆتۈرگەن ۋە كەلگۈسى ئەسىرلەردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۆمرى سەۋەبلىك ئۆزگىرىشلەر ئاپىرىدە قىلىدىغان تەڭسىزلىكنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى





خلمۇخىل شەكىللىرىنى ئاشكارىلىيالايمىز. ئاۋام ـ پۇقرانىڭ تاشقى دۈشمەننىڭ تەھدىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش خۇسۇسىدىكى تەدبىرلىرى سەۋەبلىك، ئۆز دۆلىتىدە زۇلۇم ـ سىتەمگە قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. زۇلۇمدا قالغان كىشىلەر تارتقۇلۇقلىرىنىڭ چېكىنى ۋە ئاشۇ دىشۋارچىلىقلارنى توسۇش ئۈچۈن يەنە قانداق قانۇنىي ۋاسىتىلەرنى قوللانسا بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، زۇلۇم ـ سىتەمنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەدەپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. پۇقرالار ھوقۇقى بىلەن دۆلەت ئەركىنلىكىنىڭ ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇپ، ئاجىزلار بىلدۈرگەن نارازىلىقلارنىڭ "قۇتراتقۇلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى"گە ھەيدىلىدىغانلىقىنى، سىياسىينىڭ جامائەت مەنپەئەتىنى قوغداش شەرىپىنى بىر قىسىم پايدىخورلارغىلا بەخشەندە قىلىپ قويۇدىغانلىقىنى، دېھقانلارنىڭ شۇ سەۋەبلىك زۆرۈر تېپىلغان ئېغىر باج يۈكىنى كۆتۈرۈپ بولالماي، تىنچ يىللاردىمۇ ئېتىزلىرىدىن ئايرىلىپ، قولىدىكى كەتمەننىڭ ئورنىغا خەنجەر ئالىدىغانلىقىنى، ۋەتەن قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئاي ـ يىللار ئۆتۈپ بارا ـ بارا ۋەتەن دۈشمىنىگە ئايلىنىپ، شەمشەر ـ قىلىچلىرىنى قېرىنداشلىرىنىڭ قېنىدا بوياپدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. شۇ چاغدا ئاشۇ قىلىچلىقلار دۆلىتىدىكى ئەزگۈچىلەرگە شۇنداق دەيدۇ:

شۇنداق دەپ ئەمىر قىلساڭ ناۋادا ماڭا:
"قىلىچىڭنى ئۇرغىن قېرىنداشلىرىڭنىڭ يۈرىكىگە،
ئاتاڭنىڭ كېكىردىكىگە،
ھەتتا ئىككى قات خوتۇنۇڭنىڭ قورسىقىغا"،
شۇندا زاھىر ئەمىرلىرىڭ تولۇقى بىلەن،
قىلىسمۇ ئوڭ قولۇم گەر بويۇنتاۋلىق،
يۈرىكىمنىڭ پەرمانى سادالىرىغا.

ــ «لۇكان نەزمىلىرى» ــ 1 ـ، 130 ـ بەت

ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە مال ـ مۈلۈك جەھەتتىكى تەڭسىزلىكلەر، ئاجايىپ ـ غارايىپ شەھۋەت ۋە پاراسەت ـ ئىقتىدارلار، كارغا كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغان تېخنىكىلار، ھاماقەت پەن ـ بىلىم ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەقلىيەتكە، سائادەتكە ۋە ئەزگۈ پەزىلەتكە مۇخالىپ تەرسالىقلارنى كۆپلەپ ئاپىرىدە قىلىدۇ. شۇ نۇقتا ئايانكى، سەردارلار ئىمكانىيەتلىرىنىڭ بارىچە ئاۋامنىڭ ئۆملۈكىنى بۇزۇش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتەلەيدۇ؛ بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىش بىلەن بىرگە جەمئىيەتتە قارىماققا ئىناقلىقتا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرقانداق ساختا ھالەتنى پەيدا قىلالايدۇ؛ ھوقۇق بىلەن مەنپەئەت ئارىسىدىكى توقۇنۇشتىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا گۇمان ۋە ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىدىغان ھەرقانداق جېدەل ـ ماجىرانى تۇغدۇرالايدۇ؛ قىسقىسى، ئۇلار يۇقىرىقىدەك چارىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىستىبلا قۇدرىتىنى كۈچەيتەلەيدۇ.

دېمەكچىمەنكى، مۇستەبىت سىياسىي يۇقىرىقىدەك مالىمانچىلىق ۋە ئۆزگىرىشلەر مابەينىدە ئۆزىنىڭ رەزىللىكىنى تەدرىجىي ئاشكارىلاپ، بۇ ئەلنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى "سەرخىل" ۋە "مۇكەممەل" دەپ قارالغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يالماپ يۇتۇپ، ئاخىر قانۇن ۋە ئاۋام ـ پۇقرانى ئاياغ ئاستى قىلىش بەدىلىگە جۇمھۇرىيەت خارابىلىكلىرىنىڭ ئورنىغا ئۆزىگە خاس ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرىكى باسقۇچ مۇقەررەركى مالىمانچىلىق ۋە بالايىئاپەت قوترىغان مەزگىل بولىدۇ. ئەمما، ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىنى ۋەھشىيەت يالماپ يۇتۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاۋام پۇقرا داھىي ۋە قانۇندىن مەھرۇم ھالدا زالىم پادىشاھنىڭلا قولىغا قالدى. ئەزگۈ پەزىل ۋە ئېسىل خۇلق ... دېگەنلەرمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كەلمەسكە كەتتى. چۈنكى، ئىستىبدات دۆلەتتە "ھېچكىم ھۆرمەتكە لايىق سۆز ـ ھەرىكەتنىڭ خاسىيىتى بىلەن بىرەر

www.uyghurkitap.com







نەرسىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ“. مۇستەبىتلىك قۇترىغان يەردە ئاشۇ ئىستىبداتتىن ئۆزگە خوجايىن بولمايدۇ؛ ئاشۇ ئىستىبداتنىڭلا گېپى گەپ بولىدۇكى، ھەققانىيەت ۋە مەسئۇلىيەتتىن سۆز ئېچىشقا مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى، قۇللارغا كۆرە ئېيتقاندا، قارىغۇلارچە رايىشلىق بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بىردىنبىر ئەزگۈ پەزىلدۇر.

تەڭسىزلىكنىڭ يۈكسەك پەللىسى دەل مۇشۇ! بۇ يەردە ھەرقانداق شەخس مەۋجۇت ئەمەسلىكى بىلەن باباراۋەردۇر؛ بۇ يەردە كىشىلەر بۇرۇنقىدەك قانۇنغا ئەمەس، پەقەت پادىشاھنىڭ ئىرادىسىگىلا بويسۇنىدۇ؛ بۇ يەردە پادىشاھنىڭ ئىستەك ـ ئۈمىدىدىن باشقا ھېچقانداق قائىدە ـ نىزام مەۋجۇت بولمايدۇ؛ بۇ يەردە ساۋابكارلىق ئۇقۇمى، ھەققانىيەت پرىنسىپى ... دېگەنلەر بىر يولىلا غايىب بولۇپ كەتكەن؛ بۇ يەردە كۆللى مەۋجۇدات زوراۋاننىڭ يېگانە ھوقۇقى ئاستىغا مۇجەسسەملىنىپ، ئاخىر يېڭىچە بىر تەبىئىي ھالەت يەنى ئەسلىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل يېڭىچە ئەسلىيەت باشتا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن ئەسلىيەتكە ئوخشىمايدۇ. جۈملىدىن، بۇرۇنقىسى ساپ تەبىئىي ھالەتنىڭ مەھسۇلى؛ كېيىنكىسى زىيادە چىرىكلىكنىڭ ھاسىلاتى، خالاس. ئەمما، بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى يوقنىڭ ئورنىدا؛ يەنە كېلىپ مۇستەبىتلىك ھۆكۈمەت پۈتۈمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بەربات قىلغۇەتكەنلىكى ئۈچۈن، كۈچ ـ قۇدرەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان زوراۋانلارلا ئاندىن ئەلگە خوجايىنلىق قىلالايدىغان ھالەت شە ـ كىللەندى. ئۇنداق خوجايىننىڭ تەختىدىن غۇلىغان ھامان زوراۋانلاردىن ئاغرىنىشقا قىلچە ھوقۇقى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا زالىم پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مۇددىئاسىدىكى قوزغىلاڭلار ئاشۇ زالىم پادىشاھنىڭ رەئىيەتنىڭ جېنى ۋە مېلىنى بىر تەرەپ قىلىش خۇسۇسىدىكى ئەمەل ـ ئەتمىشلەرگە ئوخشاشلا قانۇنلۇق سانىلىدۇ. چۈنكى، زوراۋانلىق زالىم پادىشاھنى ھەم يۆلەپ تۇرغۇزالايدۇ ھەم غۇلىتىۋېتەلەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە روياپقا چىقىۋېرىدۇ. بۇنداق





جىددىي ۋە تەكرار ئىنقىلابنىڭ ھاسىلاتى قانداق بولسا بولسۇنكى، كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ يەڭگىلتەكلىكى ياكى شور پېشانىلىكىدىنلا ئاغرىنىدۇ.

كىشىلەرنى ئەسلىيەتتىن مەدەنىيلىككە باشلىغان يول ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئېھتىياتچان ئوقۇرمەنلىرىمدىن بىرەرسى مۇبادا ئاشۇ يولنى بايقىيالىغان، شۇنداقلا مەن يۇقىرىدا كۆرسەتكەن ۋاستىچى ھالەت(中介状态) بىلەن ئالدىراشلىق ۋەجىدىن قەيت قىلىنماي قالغان ياكى مەن ئويلاپ يېتەلمىگەن باشقىچە ھالەتلەرنى ئۆزئارا باغلاش ئارقىلىق ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئاشۇ يولنى قايتا ئاچالىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ ئوقۇرمەن بۇ ئىككى خىل ھالەتنىڭ بىر-بىرىگە نەقەدەر يىراق ئىكەنلىكىگە ھەيرانۇھەس قالغان بولاتتى. قىسقىسى، ئەخلاق ۋە سىياسىيغا ياتىدىغان سان-ساناقسىز سوئاللارنىڭ جاۋابىنى دەل شەيئىلەرنىڭ ئاشۇنداق تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانىدىن تاپسەن، شۇنداقلا ماۋۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئاۋۇ دەۋر كىشىلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقايسەن. دىيوگېنېس* دەۋرداشلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەن دەۋرگە تەۋە كىشىلەرنى ئىزدىگەنلىكى ئۈچۈن، ئېپتىدائىي ئادەملەرنى ئۇچرىتىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغانىدى. ئېھتىمال: "ماركۇس پورىيۇس كاتو** دەل ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان دەۋردە تۇغۇلۇپ قالغاچقا، رىم ۋە ھۆرلۈك بىلەن بىللە بەربات بولدى؛ بۇ بۈيۈك زات 500 يىل ئىلگىرى ھوقۇق تۇتقان بولسا، ئېھتىمال پۈتكۈل دۇنيانى لەرزىگە سېلىۋېتەتتى" دېيىشىڭ مۇمكىن. قىسقىسى، ئېھتىياتچان ئوقۇرمەنلىرىم شۇنداق سوئاللارنى قويىدۇ: ئىنساننىڭ روھى بىلەن شەھۋىتى قانداقلارچە بىلىپ-بىلمەيلا بۇلغىنىپ، ئاخىر توپ ماھىيىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتتى؟

---

* دىيوگېنېس(مىلادىيەدىن بۇرۇن 412 ~ 323) ھاياسىزلار(سىنتسىزم) ئېقىمىغا تەۋە يۇنانلىق پەيلاسوپ، سوقرات ئېقىمىنىڭ ئىزباسارى، بەيدۇ توردىن ئېلىندى ـــ تەرجىماندىن.

** ماركۇس پورىيۇس كاتو(مىلادىدىن بۇرۇن 234 ~ 149) رىم جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدىكى سىياسىيون، دۆلەت ئەشلىرى پائالىيەتچىسى، ناتىق، بەيدۇ توردىن ئېلىندى ـــ تەرجىماندىن.



نېمىشقا ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ھاجەت ۋە شادلىقلىرىمىزنىڭ نىشانىمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ؟ نېمىشقا ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەدرىجىي يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەت پەيلاسوپلارنىڭ نەزەرىدە سەممىيەتسىز ئىنسانلار بىلەن ياسىما شەھۋەتنىڭ بىرىكمىسىگە ئايلىنىپ قالدى؟ تەبىئىيلىكتىن قىلچە ئەسەر قالمىغان ئۇنداق كىشىلەر بىلەن شەھۋەت يەنە نېمىشقا يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارىلىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەر خۇسۇسىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭ ھاسىلاتى كۆزىتىشلىرىمىزدە تولۇق ئىسپاتلاندى. قىسقىسى، بەدەۋىلەر بىلەن مەدەنىيلەر روھىيەت ۋە ئىشتىياقتا شۇقەدەر پەرقلىقكى، بىرىگە يۇكسەك سائادەت بېغىشلىيالىغان مەلۇم بىر مەۋجۇدىيەت يەنە بىرىنى ئۈمىدسىزلىككە غەرق قىلىدۇ. بەدەۋىلەر بىمالاللىق ۋە ھۆرلۈككە بولغان تەشنالىقى بىلەن جاپاسىز ياشاشقىلا ئىنتىلىدۇ. شۇڭا، ھەتتا تاشقى دۇنياغا بولغان ئېرەنسىزلىكتە بەدەۋىلەرگە ھەتتا ئىستويك* ئېقىمىدىكىلەرمۇ يېتەلمەيدۇ. ئەكسىچە، جەمئىيەتىمىز پۇقرالىرى تىرىكچىلىك ئۈچۈن توختاۋسىز پايپېتەك بولىدۇ، تەر تۆكىدۇ، دەككە ـ دۈككىدە ئۆتىدۇ ۋە جەبىر ـ زۇلۇم چېكىدۇ. ئۇلار تىنىقى توختىغۇچە ئاشۇنداق ئۆتىدۇ؛ تۇرمۇشىنى قامداش كويىدا ھەتتا ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلىدۇ ياكى ئۆچمەس نام قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىسسىق جېنىدىن كېچىدۇ؛ ئۆزى ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان مەنسەپدارلار بىلەن ئۆزى ئەڭ پەس كۆرىدىغان پۇلدارلارغا ”خوش خوجام!“ دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ؛ ئاشۇنداقلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنەك شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىدۇ؛ ئاشۇ مەنسەپدارلار ۋە پۇلدارلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ھىممەتلىرىنى پەسلىك بىلەن ماختىنىپ تۇرۇپ جاكارلايدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق مەنسەپدارلار بىلەن پۇلدارلارغا قول ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدىغان

* يۇناندىكى تۆت بۈيۈك پەلسەپە ئېقىمىنىڭ بىرى؛ ئىمپېراتور پەيلاسوپ ماركۇس ئاۋرېلئوسنىڭ «تەپەككۇرنامە»سى مۇشۇ ئېقىمغا تەۋە مەشھۇر ئەسەر ــ تەرجىماندىن.





بولغاچقا، ئاشۇ شەرەپتىن مەھرۇملارنى مەنسىتمەيدىغانلىقنى گەپ ئارىلىقىدا پۇرىتىپ ئۆتىدۇ. دۇرۇس، ناۋادا كارىبلار*دىن بىرەرسى ياۋروپا ئەللىرىدىكى ۋەزىردەك ئىشنى، ئەمما پەخىرلىك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ قالسا، قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقار بولغىيدى؟ لاغايلاپ يۈرۈشكە كۆنۈپ كەتكەن ئۇ بەدەۋى، ئېھتىمال جانغا تىككىلىدىغان خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلسا قىلىدۇكى، نەزەرىدىكى ئۇنداق يىرگىنىشلىك ھاياتنى قوبۇل كۆرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۇنداق ھايات ئاشۇ بەدەۋىنىڭ نەزەرىدە گەرچە ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى قاندۇرۇش بىلەن كىشىلەرگە مەمنۇنىيەت بېغىشلىيالىسىمۇ، ئەمما ئىنسان نەپسىگە چەك قويالمايدىغانلىقى بىلەن قورقۇنچلۇق. ناۋادا ئۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئاشۇنداق جەبىر ـ جاپاغا ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن كاللىسىدا ''ھوقۇق''، ''نام ـ ئاتاق'' دېگەن ئۇقۇملارنى بىخلاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان باھايى تەبىرلىرىنى نەقەدەر قىممەتلىك ھېسابلايدىغانلىقنى چۈشىنىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەختى ۋە مەمنۇنلۇقلىرىنى دەگسەشتە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمگە قارىغاندا باشقىلارنىڭ دەلىللىرىنى چوڭ بىلىدىغانلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى شەرت. بەدەۋىلەر بىلەن مەدەنىيلەرگە خاس خىلمۇخىل پەرقلەرنىڭ نېگىزى دەل مۇشۇ يەردە. قىسقىسى، بەدەۋىلەر ئۆزىنىڭ دۇنياسىدا ياشايدۇ؛ ئىجتىمائىي ئادەملەر ھەمىشە باشقىلار ئارىسىدا ياشايدۇ. ئىجتىمائىي ئادەملەر باشقىلارنىڭ باھايى تەبىرلىرى ئارا قانداق ياشاش لازىملىقىنىلا بىلىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى تۇيغۇسى باشقىلارنىڭ ھۆكۈملىرىدىن كېلىدۇ. تۆۋەندىكى سوئاللار مۇلاھىزەم دائىرىسىگە كىرىدىغان مەزمۇنلاردىن ئەمەس: دۇرۇس،

* لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىندىيانلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئاساسەن ئامازون ئويمانلىقى، گىۋىيانا ئېگىزلىكى، كارىب رايونى ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكىنىڭ شەرقىي رايونلىرىدا ياشايدۇ، بەيدۇ تورىدىن ئېلىندى ـــ تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكتاپ
www.uyghurkitap.com







ئەخلاق ھەققىدە قالتىس مۇلاھىزىلەرنى قىلىشقانمىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە بىزدىكى باشقىلارنىڭ باھالىرىنى قەدىرلەيدىغان خاھىش قانداقلارچە كىشىلەرنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن پەرۋايى پەلەك يۈرىدىغان قىلىپ قويغاندۇ؟ ھەممىلا نەرسە قىياس تۈسىنى ئېلىپ كەتكەن تۇرسا، ئەمەل-ئەتمىشلەرنىڭ ھەممىسى يەنە قانداقلارچە ساختىلىشىپ ۋە سۈنئىيلىشىپ كەتكەندۇ؟ شان-شەرەپ، دوستلۇق، ئەزگۈ پەزىل، ھەتتا رەزىللىكلەرمۇ ھە دېسىلا ئاشۇنداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇلاردىن بىز ئۆزىنى پەش قىلىشنىڭ ئەلمى-تەلمىنى ئاخىر ئۆگىنىۋالدۇق. ئەتراپىمىزدا پەلسەپىۋى تەلىماتلار، مېھرىبانلىق، قائىدە-يوسۇن ۋە مارجان كەبى ئەقلىيەلەر سامانىدەك تۇرۇقلۇق، يەنە ئۆزىمىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆزىمىزدىن سوراپ بېقىشقا پېتىنالماي، نېمىشقا ھە دېسىلا باشقىلاردىن سورايدىغاندىمىز؟ شۇڭا، يۈزەكى ھادىسىلەرگىلا ئەسىر تەلۋە-تەنتەكلەردىنمىزكى، تەئەللۇقاتىمىز ئەخلاقتا تويۇنمىغان شۆھرەت، ئەقىلگە تويۇنمىغان ئىدراك ۋە بەختكە تويۇنمىغان شادلىقلا، خالاس. مېنىڭچە بولغاندا تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى ئىسپاتلىيالىغانلىقىمنىڭ ئۆزى يېتىپ ئاشىدۇ: بىرى، يۇقىرىقىلار ئىنسانلار ئەسلىيىتىگە تەئەللۇق ئەھۋالاتلاردىن ئەمەس؛ يەنە بىرى، تەبىئەتتىكە بولغان مايىللىقلىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ چىرىتىۋەتكەن ئامىل يەنىلا جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن روھ ۋە تەڭسىزلىك، خالاس.

تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى، سىياسىي جەمئىيەتنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ۋە ئېۋەن-نۇقسانلىرىنىڭ قانداقتۇر تەڭداشسىز نوپۇزنىڭ مەنبەسى بولمىش مۇقەددەس ئەقىدە ئاساسىدا ئەمەس، پەقەت ئىدراكىي ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى بايان قىلىشقا تىرىشىپ باقتىم. شەرھلىرىم ئاساسىدا شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، تەبىئىي ھالەتتە، يەنى ئەسلىيەتتە تەڭسىزلىك ئاساسەن دېگۈدەك مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىقتىدار-





كارامەتلىرىمىزنىڭ كۆپچىيىشى ۋە ئىنسانلار ئەقلىنىڭ بېيىشىغا ئەگىشىپ، تەڭسىزلىك بىخ سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ، ئاخىردا ئۇ، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە قانۇننىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، قانۇنلىشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلالايمىزكى، سۇبىستانتىۋ قانۇندا ئىجازەت قىلىنغان تەڭسىزلىك بىلەن فىزىيولوگىيە جەھەتتىكى تەڭسىزلىكنىڭ ماسلىششچانلىقى بۇزۇلغان ھامان، ئۇ ناتۇرال قانۇنغا دەخلى يەتكۈزىدۇ. بۇ خىل بىماسلىق ھەرقانداق مەدەنىي مىللەت ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان تەڭسىزلىككە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز لازىملىقىنى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى، ”تەڭسىزلىك“ نېمە دەپ تەبىرلەنمىسۇن، ئۇنى پەقەتلا بالىنىڭ ئاتا ئالدىدىكى ئاتىكاچىلىقى، نادانىنىڭ دانىشقا ھاكىملىق قىلىشى ۋە ئاز ساندىكى كىشىلەر ئەيش-ئىشرەتكە غەرق بولۇۋاتقان پەيتلەردە كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ يوقسۇزلۇق ۋە ئاچ-زېرىنلىقتا قېلىشى دەپلا چۈشىنىش مۇمكىن! بۇلارنىڭ ھەممىسى ناتۇرال قانۇنغا مۇخالىپتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى







# مۇئەللىپنىڭ ئىزاھى

(A) ھېرودوت* شۇنداق دەيدۇ: ”ۋېسمېرېدىس قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، پېرسىيەنىڭ يەتتىنچى نىجاتكارى ئەلدە قانداق سىياسىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىش ھەققىدە كېڭەشكەندى؛ ئۆختانۇس جۇمھۇرىيەت قۇرايلى، دەپ تۇرۇۋالدى“. بۇنداق گەپ ۋالىينىڭ ئاغزىدىن چىقسا، ئادەمنى راستىنلا ھەيران قالدۇرىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۆختانۇس ئىمپېراتورلۇققا ئىنتىلگەن بولسا كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئاقسۆڭەكلەرگە ئۇلارنى ئەل-ئاۋامنى ھۆرمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ھۆكۈمەتتىن كېلىدىغان ۋەھىمە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئويلىغىنىمىزدەك ئۆختانۇسنىڭ گېپى ئېتىبارسىز قالدى. ئۇ باشقىلار پادىشاھ سايلاۋاتقان پەيتلەردە ئۆزىنىڭ پادىشاھقا ”خوش-خوش“ دېيىشىنىمۇ، بۇيرۇقۋازلىق قىلىشىنىمۇ خالىمايدىغانلىقىنى بايقاپ، ئاخىر ئۆزىگە تەئەللۇق تەخت ھوقۇقىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە پەقەت ئۆزى ۋە جەددى-جەمەتىنىڭ ھۆر ۋە مۇستەقىل تۇرمۇشىنى تاللىۋىدى، ئۇنىڭ ئىلتىجاسى ماقۇللاندى. ھېرودوت گەرچە ئۇنداق ئىمتىيازغا قويۇلىدىغان چەكنى بايان قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنداق چەكنىڭ ھامان مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۆختانۇس ھېچقانداق قانۇنغا بويسۇنماي، ھەرقانداق مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمايدۇ-دە، ئۇ ئەلدىكى ئەڭ بۈيۈك ھوقۇقدارغا ئايلىنىپ، بۇ جەھەتتە ھەتتا پادىشاھتىنمۇ ئېشىپ

* ھېرودوت مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردە ئۆتكەن يۇنان يازغۇچىسى؛ ئۇنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى غەرب ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان، ئەڭ بۇرۇنقى نەسرىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.





كېتىدۇ. ھالبۇكى، ئاشۇنداق ئىمتىيازدىن قانائەت تاپالىغان كىشىنى ئۆز ھوقۇقىنى كەلسە ـ كەلمەس پەش قىلىشقا رايى بارمايدۇ دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنداق ئىمتىيازنىڭ ئاشۇ پادىشاھلىقتا دانىش ئۇختانۇسىنىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ جەددى ـ جەمەتى سەۋەبلىك تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلمىغانلىقى بېشارەتلەردىن ئايان.

(B) بۇ ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالغان چاغدىلا پىكىر ـ قاراشلىرىمنى يۇكسەك ئىشەنچ بىلەن پەيلاسوپلار قەدىرلىگەن نوپۇزلۇق تەلىماتلارنىڭ بىرى ئاساسىدا تاۋلىغانىدىم. چۈنكى، ئۇنداق نوپۇزلۇق تەلىماتلار پەقەت پەيلاسوپلارغىلا ئايان پۇختا ۋە يۇكسەك ئەقلىيەتتىن تۆرىلىدۇ:

"ئۆزىمىزگە ھەرقانچە كۆيۈنسەكمۇ، ئۆزىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ باشقا مەۋجۇداتلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. چۈنكى، تەبىئەت بىزگە ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ كاپالىتى سۈپىتىدە بىر قىسىم خاس ئەزالارنى ھىممەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇلاردىن پەقەت تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىنى قوبۇللايدىغان قورال سۈپىتىدىلا پايدىلىنىمىز، شۇنىڭدەك ھاياتلىق ھەشەمىلىرىنى ئاۋۇتۇپ، تاشقى دۇنيادا ياشاشقىلا ئىنتىلىمىز. سەزگۈ ئەزالىرىمىزنىڭ كارامىتىنى كۈچەيتىپ، تاشقى دۇنيايىمىزنى كېڭەيتىشكىلا ئىنتىلىمىزۇ، ئىچكى تۇيغۇلىرىمىزنى ئىشقا سېلىشقا سەل قارايمىز. پەقەت ئاشۇ ئىچكى تۇيغۇلىرىمىزلا بىزنى ھەقىقى ئۆزلۈك قويىنغا يېتەكلەپ، تاشقى دۇنيانىڭ ھەرقانداق غەلىيانلىرىدىن ساقلاشقا قادىر ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇ ھەم ئۆزىنى چۈشىنىشكە ئىنتىلگەنلەرنىڭ زۆرۈر ۋاستىسى، ھەم ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىش كويىدىكىلەرنىڭ يېگانە قورالى ئىدى. ئەمما، زادى قانداق قىلغاندا ئاشۇ تۇيغۇنى جانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئازادە ماكان ھازىرلاپ بەرگىلى بولار؟ زادى قانداق قىلغاندا ئاشۇ ئىچكى تۇيغۇنىڭ ماكانى بولمىش روھنى تازىلاش ئارقىلىق، كاللىمىزدىكى بىھۇدە خىياللارنى سۈپۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







تاشلىغلى بولار؟ يامان يېرى، ئاشۇ تۇيغۇنى ئىشقا سېلىش ئادىتىنى چۆرۈپ تاشلىدۇق. جىسمىي سېزىملىرىمىزنىڭ غەلىيانلىرى ۋەجىدىن ئىچكى تۇيغۇلىرىمىز بىھوشلاندى؛ ئاخىر ئۇنى بىزدىكى شەھۋەت يالقۇنلىرى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى. قىسقىسى، بىزدىكى زېھىن-زەكىي، روھ ۋە سېزىم ئاشۇ ئىچكى تۇيغۇنى تۇشمۇتۇشتىن چىرىتىپ تۈگەتتى.“ (بۇففون*: «ئىنسانلار ناتۇرال تارىخى ھەققىدە»، بىرىنچى باب، تۆتىنچى پاراگراف، 151-بەت)

(C) ئادەمزاتنىڭ تېنى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيانقى ئۆرە مېڭىش جەريانىدا تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما ئادەمنىڭ ئىككى بىلىكى بىلەن تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ ئالدى پۇتى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىمىز. تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ مېڭىشىدىن، قايسى خىلدىكى مېڭىش شەكلىنىڭ تەبىئەتكە ئەڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشكە بولىدۇ. بوۋاقلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە ئۆمىلەپ ماڭىدىغان بولغاچقا، ئورنىدىن تۇرۇشنى چوڭلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تەستە ئۆگىنىدۇ. مەسىلەن، خوتتېنتوتلار**غا ئوخشاش قىسمەن بەدەۋى مىللەتلەر بالا تەربىيەسىگە پەقەتلا ئېرەنشىمەيدىغانلىقى سەۋەبلىك، باللىرى ئۇزاق مۇددەت ئۆمىلەپ ماڭىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرقىنى رۇسلىشى ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى***دىكى كارىبلارنىڭ باللىرىمۇ شۇنداق. تۆت پۇتلاپ ماڭىدىغان ئادەملەرگە ئائىت مەسىلىلەر يەنە خېلى بار. مەسىلەن، 1344-يىلى گېرمانىيە خېسسېن ئىشتاتىدا بايقالغان ياۋايى بالىنى ئەسلىدە قانجۇق بۆرە بېقىپ چوڭ

---

* بۇففون(1707 ~ 1788) فرانسىيەلىك ناتۇرالىست، يازغۇچى، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

** خوتتېنتوت — ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىرىقلار ئۇيۇمى، ئۆزلىرىنى ”كويكويلار“(科伊科伊人) دەپ ئاتىشىدۇ. قەدىمكى موڭغۇللارنىڭ قالدۇق پۇشتىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان خوتتېنتوتلار ئاساسەن نامبىيە، بوتسۋانا ۋە جەنۇبىي ئافرىقىغا تارقالغان، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

*** West Indians شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى تاقىم ئارال بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن كارىب دېڭىزىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.





قىلغانىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ بالا ھېنرى ئوردىسىدا ھەسرەت بىلەن مۇنداق دەپتۇمىش: ”ماڭا تاللاش ئەركى بېرىلگەن بولسا، ھازىرمۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى بۆرىلەر ئارىسىدا ياشاشنى تاللىغان بولاتتىم“. ئۇ بالا ھايۋانلاردەك تۆت پۇتلاپ مېڭىشقا بەكلا كۆنۈپ كەتكەچكە، ئىككى پۇتلاپ ئۆرە تۇرۇشنى بېقىنغا تىكلەپ قويۇلغان تاختىغا ئېسىلىپ يۈرۈپ ناھايىتى تەستە ئۆگەنگەنىكەن. 1694-يىلى لىتۋانىيەدىكى ئورمانلىقتا بايقالغان ئېيىق بالىمۇ شۇنداق. كوندىللاك*نىڭ ئېيتىشىچە، تۆت پۇتلاپ ماڭىدىغان، ئەقلى بىزەمۇ يېتىلمىگەن ئۇ تىلسىز بالا ئادەتتە ئادەمزاتنىڭكىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئاۋازنىلا چىقىرارمىشكەن. خېلى يىللار ئىلگىرى ئەنگلىيە ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىلغان ھانوۋېرلىق ھېلىقى ياۋايى پىندەكمۇ ئىككى پۇتلاپ مېڭىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن پانىي دۇنيانىڭ ئەڭ ئېغىر جەبىر-جاپالىرىنى تارتقانىكەن. 1719-يىلى كىشىلەر پىرىنوس**تېغىدا تۆت پۇتلاپ ماڭىدىغان ياۋايى ئادەمدىن ئىككىنى بايقىغانىدى. بەزىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ”ئۇنداق مېڭىش ھالىتى ئادەمزاتنىڭ ئىككى قولىنى نۇرغۇن ئىقتىدار-كارامەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ“ دېگەنىدەك باشقىچە پىكرىگە تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بېرىمەن: پەقەت مايمۇننىڭ قولىلا ئىككى تۈرلۈك رولىنى ناھايىتى ئوبدان جارى قىلدۇرۇشقا قادىر. بۇ ھال تەبىئەتنىڭ ئادەمزاتقا تۇغۇلۇشىدىنلا ئۆزى ئۆگەتكەن مېڭىش ھالىتىدىن باشقىچىرەك قىياپەتتە يول يۈرۈش ئىقتىدارىنىمۇ ھىممەت قىلغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئادەمزات پۇت-قولىنىڭ تۇغما ئىقتىداردىن باشقا يەنە نۇرغۇن كارامەتكە قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەمما، مېنىڭچە ”ئادەم ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭىدىغان جانلىق“

---

* كوندىللاك(1715 ~ 1780) 18-ئەسىرلەردە ئۆتكەن فىرانسۇز پەيلاسوپلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

** فىرانسىيە بىلەن ئىسپانىيەنىڭ پاسىلىغا جايلاشقان تاغ تىزمىسى، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com







دېگەن پىكرنى ياقلاپ نۇرغۇن دەلىل كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر: ''ئادەمزاتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تەن قۇرۇلمىسى ھازىرقىغا ئوخشىمايتتى؛ ئۇ ئۇزاق زامانلار مابەينىدە شەكىللەنگەن'' دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇ يەكۈننى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە يەنىلا ئاجىزلىق قىلىدۇ. چۈنكى، بەزىلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئاشۇنداق ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىغا ئەڭ بولمىغاندا ئاشۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئېھتىماللىقىنى بىلىش شەرتىدە ئاندىن ئىشىنەلەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەمزاتنىڭ ئىككى قولىنى زورۇر تېپىلغاندا پۇت ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پاكىت پەقەت ''ئادەم تۆت پۇتلۇق ھايۋان'' دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقىلا پايلايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان قىياسەن پىكىرلەر نۇرغۇن بايقاشلارنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن ۋەزنىلىك. ئۇ بايقاشلار تۆۋەندىكىچە:

(a) باش بىلەن تەننىڭ چېتىلىش شەكلىدىن قارىغاندا، ناۋادا ئادەمزات تۆت پۇتلاپ ماڭسا، باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش ۋە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئۆرە ھالىتىدىكىدەك ئىككى كۆزىنى كەڭرى تەبىئەتكە قارىتالمايتتى؛ ئۇنىڭ نەزەرى پەقەت يەر يۈزى بىلەنلا چەكلىنىپ قالاتتى. بۇ ھال ئادەمزاتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا پايدىسىز، ئەلۋەتتە.

(b) ئادەم — قۇيرۇقسىز جانلىق. چۈنكى، ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭىدىغان ھايۋانلار ئۈچۈن قۇيرۇق بىھاجەت. ئەمما، تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارغا كۆرە ئېيتقاندا، قۇيرۇق ئىنتايىن مۇھىم ئەزا. شۇڭا، تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى قۇيرۇقلۇق.

(c) ئايال زاتىنىڭ ئەمچىكى بالىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈشكە ناھايىتى باب كېلىدۇ. ئەمما، بۇنداق جىسمىي قىياپەت تۆت پۇتلۇق ھايۋانلار ئۈچۈن بىئەپ. شۇڭا، تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىن ھېچقايسىسىنىڭ ئەمچىكى ئادەمزاتنىڭكىدەك كۆكسىدە ئەمەس.

(d) ئادەمنىڭ پۇتى قولىدىن ئۇزۇن كېلىدىغان بولغاچقا، تۆت پۇتلاپ مېڭىش زورۇر تېپىلسا تىزلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال







ئادەمنى جىسمى بۆلەكلىرى بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغان، يول يۈرۈشى بەسى مۈشكۈل مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

(e) ھايۋانلارنىڭ پۇت قىسمىدا يوتا بىلەن پاقالچاقنى چىتىپ تۇرىدىغان ئۆگە بولىدۇ. ئەمما، ئادەمنىڭ ئۇنداق ئۆگىسى بولمىغاچقا، ئالقىنى بىلەن تاپىنىنى تولۇق يەرگە تەگكۈزۈپ، تۆت پۇتلاپ مېڭىشى تولىمۇ ئەپسىز بولىدۇ.

(f) ئادەمزات تاپىنى بىلەن يەرنى دەسسەپ ئۆرە تۇرغاندا (بۇ ھالەت ئادەم ئۇچۇن شەكسىز زۆرۈردۇر)، ئۇنىڭ ئوشۇق سۆڭىكى تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ پاقالچاق سۆڭىكىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئوشۇق سۆڭىكنى شەكىللەندۈرگەن سۆڭەك بۆلەكلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى قويۇپ تۇرايلى. ئۇ سۆڭەك ناھايىتى يوغان بولغاچقا پاقالچاق سۆڭىكىنىڭ رولىنى ئوينىيالمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئارىدىكى ئوشۇق سۆڭىكى پۇت پەنجە سۆڭىكى بىلەن پاقالچاق سۆڭىكىگە ناھايىتى يېقىن. بۇ ھال ئادەمنىڭ پۇتىنى تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭكىدەك ئىشلىتىشكە ئىلاستىكلىقتىن مەھرۇم قىلغان. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان بوۋاقنىڭ مىسالى ھېچنېمىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، بوۋاقنىڭ جىسمى قۇۋۋىتى تۇغما ھالەتتە، يەنى ئۇنىڭ پۇت-قولى ئاجىز بولىدۇ. ناۋادا ئۇ مىسالنى دەلىل ئورنىدا قوللانساق، ئۇنداقتا ”ئىت تۇغۇلۇشىدىنلا قۇرۇقلۇقتا ياشاشقا باب كەلمەيتتى“ دېگەن يەكۈننى چىقىرالايمىز. چۈنكى، يېڭى تۇغۇلغان كۈچۈك بىر نەچچە ھەپتىگىچە يەر بېغىرلاپ ماڭىدۇ. ئومۇمەن، يەككە ئەھۋال ھەممىگە ئورتاق ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلىشقا پايلىمايدۇ. باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان ئادەم ئۆزىدىن باشقىلارنى ھەرگىز دورىيالمايدۇ. ئائىلىگە چىقىشتىن بۇرۇن ئورمانلىققا تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقنى يىرتقۇچلار بېقىۋالسا، ئۇ ئاشۇ يىرتقۇچنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى دوراپ يۈرۈپ ئۆگىنىۋالىدۇ. جۈملىدىن ئادەت ئۇنىڭغا تۇغما قابىلىيىتىدىن ئۆزگە بىر تۈرلۈك ئىقتىدارنى ئاتا قىلىدۇ، يەنى ئۇ ئىككىلا قولى چولاق ئادەمنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى







تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ، پۇتىنى قول ئورنىدا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغىنىغا ئوخشاش، قولنى پۇت ئورنىدا ئىشلىتىشكە كۆنۈپ كېتىدۇ.

(D) ناۋادا ئوقۇرمەنلىرىم ئارىسىدا پەلەپەتىش ناتۇرالىستىن بىرى چىقىپ، ”تۇپراق يارالمىشىدىنلا مۇنبەت ئىدى“ دېگەن يەكۈنۈم ھەققىدە باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن:

”ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاۋا ۋە سۇدىن ئالىدىغان قۇۋۋىتى تۇپراقتىن ئالىدىغان قۇۋۋىتىدىن كۆپ بولغاچقا، چىرىگەنىدىن كېيىن تۇپراققا قايتۇرۇدىغىنى تۇپراقتىن ئالغىنىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئورمانلىق سۇنىڭ پارلىنىشىنى توسۇپ، يامغۇر سۈيىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلىيالايدۇ. شۇڭا، ئۇزاق زامانلار پالتا تەگمىگەن ئورماقلىقتا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئەت تويا قىلىنلاپ بارىدۇ. ئەمما، ھايۋانلارنىڭ تۇپراققا بەرگەن قۇۋۋىتى تۇپراقتىن ئالغىنىدىن ئاز بولىدۇ. ئادەملەر نۇرغۇن ياغاچ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئوتۇن ياكى باشقا لازىمەتلىكلەر ئورنىدا ئىشلىتىپ خورىتىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئادەملەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق تۇپراق قاتلىمى توختاۋسىز نېپىزلەپ، ئاخىر ئەرەب پېترىيەسى ۋە شەرقتىكى نۇرغۇن قاقاسلىقلاردەك زېمىنلار پەيدا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، شەرق ئادەمزات ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان زېمىن ئىدى. ئەمما، ھازىر ئۇ يەردە شور توزاڭلىرى بىلەن قۇملا قالدى. مۇھىمى، ئۇ يەردىكى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ھايۋانلار جىسمىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىمۇ توزۇپ تۈگىگەچكە، تېزىر شورداڭلىقلا ئېشىپ قالدى.“*

بۇ نۇقتا ھەققىدە بىز يەنە ئەمەلىي پاكىتلارنى كۆرسىتەلەيمىز. مىسالەن، يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىردە ئىنسان ئاياغ باسمىغان، دەل ـ دەرەخ ۋە گىياھلارغا پۈركىنىپ ياتقان ئاراللار بايقالدى. ئىشقلىپ

* بۇففون: «تەبىئەت تارىخى»، پارىژ، 1752 ـ يىل نەشرى، 354 ـ ، 355 ـ بەتلەر.



ئىنسانىيەتنىڭ كۆپىيىشى ۋە مەدەنىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، تارىخ بىزگە يەر شارىنى ئوراپ تۇرغان كۆز يەتكۈسىز ئورمانلىقلارغا ئىلاجسىزلىقتىن پالتا سىلىشنى ئۆگەتتى. بۇ مەسىلىدە مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى تەكىتلەشكە ئەرزىيدۇ: بىرىنچى، ناۋادا مەلۇم بىر ئۆسۈملۈك ھايۋانلار يەپ كەتكەن جىسمىنى ئۆزلۈكىدىن تولۇقلىيالايدۇ، دەپ قارالسا، بەزى ئالىملارنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا ئۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆزى دەل ـ دەرەخ. چۈنكى، دەرەخ شاخ ـ شۇمبىلىرى بىلەن يوپۇرماقلىرىغا تايىنىپ باشقا ئۆسۈملۈكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ نۇرغۇن نەملىك ۋە سۇ پارىنى سۈمۈرۈۋالالايدۇ. ئىككىنچى، مېھنەتكەش كىشىلەر تۇپراققا قانچە ئىشلىگەنسېرى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ، نەتىجىدە تۇپراقمۇ شۇنچە تېز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ؛ جۈملىدىن تۇپراقتىكى ئېكىنچىلىككە پايدىلىق تەركىبلەر چاقماق تېزلىكىدە خوراپ تۈگەيدۇ. ئۈچىنچى، ئەڭ مۇھىمى دەل ـ دەرەخلەر ھايۋانلارنى باشقا ئۆسۈملۈكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مول ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ. ئىلگىرى كۆلىمى ۋە تۇپراق سۈپىتى ئوپئوخشاش ئىككى پارچە يەرنىڭ بىرىگە كاشتان تىكىپ، يەنە بىرىگە بۇغداي تېرىپ سىناپ باققانىدىم. نەتىجىسى يۇقىرىقى يەكۈننىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

(E) تۆت پۇتلۇق ھايۋانلار ئارىسىدىكى گۆشخورلارنىڭ ئەڭ نېگىزلىك ئالاھىدىلىكى بىرى، چىشىنىڭ شەكلى جەھەتتە، يەنە بىرى، ئۈچەيىنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە ئات، كالا، قوي، توشقان ... قاتارلىق ئوتخور ھايۋانلارنىڭ چىشى تۈز كېلىدۇ؛ ئىت، مۈشۈك، تۈلكە ... قاتارلىق گۆشخور ھايۋانلارنىڭ بولسا ئۇچلۇق كېلىدۇ. دانخور ھايۋانلاردا بوغماق ئۈچەي بولىدۇ، ئەمما گۆشخور ھايۋانلاردا ئۇنداق ئەزا بولمايدۇ. ئادەمزاتنىڭ چىشى بىلەن ئۈچەيى دانخور ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ؛ دېمەك، بىزمۇ ئاشۇ خىل ھايۋانلار تۈرىگە تەۋە، دېگەن گەپ. بۇ نۇقتا ئاناتومىيەلىك

A DISCOURSE ON INEQUALITY

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى







كۆزىتىشلەردە ئىسپاتلانغاندىن باشقا، قەدىمكى مەشھۇر ئەسەرلەردىمۇ بۇ قاراشنى ياقلايدىغان پىكىرلەر ئۇچرايدۇ. ساينت جېرومې* مۇنداق دېگەنىكەن: ”قەدىمكى يۇنانغا ئائىت مەجمۇئەلەردە بايان قىلىنىشىچە، دېھقانچىلىق پىرى جاھان سورىغان زامانلاردا ھەممە ئادەم تەبىئىي ئۆسكەن مېۋە-چېۋە ۋە ئوتياشلار بىلەن ھايات كەچۈرەتتىكەن؛ ھېچكىم گۆش يېمەيدىكەن. ئۇ زاماننىڭ تۈپرىقى ئەسلىدىنلا مۇنبەت ئىكەنمىش.“** بۇنىڭدىن كىشىلەر پىكىر-قاراشلىرىمنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن دەلىللەرنى تىلغا ئالماي ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمنى بايقايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، گۆشخور ھايۋانلار پەقەت ئولجىنى دەپلا جېڭگى-جېدەل قىلىشىدۇ؛ دانخور ھايۋانلار بولسا ئەبەدىي تىنىچ ئۆتىدۇ. شۇڭا، مۇبادا ئىنسانلار كېيىنكى تۈرگە تەۋە بولغان بولسىدى، ئۇ چاغدا ئادەمزاتنىڭ ئەسلىيىتىنى ساقلاپ ياشىمىقى تېخىمۇ ئاسانغا چۈشكەن، ئۇ خىل ھالەتنى چۆرۈپ تاشلاش زۆرۈرىيىتى كۆچىيىپ كەتمىگەن بولاتتى.

(F) ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىلىملەر، ئىدىيەۋى چۈشەنچىگە يۇغۇرغاندىلا ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدىغان بىلىملەر ۋە زاماننىڭ سىناقلىرىدا تاكامۇللىشىپ بارىدىغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسى قارىماققا بەدەۋىلەرنىڭ ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. چۈنكى، بەدەۋىلەر نەسلداشلىرى بىلەن قويۇق بېرىش-كېلىش قىلمايدۇ. جۈملىدىن ئۇلاردا ئۇنداق ئالاقىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ، ئىمكانىيىتىمۇ يوق. يەنە كېلىپ بەدەۋىلەرنىڭ بىلىدىغىنى ۋە قىلالايدىغىنى سەكرەش، يۈگۈرۈش، ئېلىشىش، تاش ئېتىش ۋە دەرەخكە يامىشىشلا.

* ساينت جېرومې(347 ~ 420) لاتىن ئامېرىكىسىدا ئۆتكەن مىسسىيونېر، تېۋىپ ۋە ئىنجىلشۇناس؛ ئۇ «ئىنجىل»نى تەرجىمە قىلىپ لاتىن ئامېرىكىسىغا تارقاتقان، بەيدۇ توربېتىدىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

** «دىنىي مەزھەپكە ئېتىراز» ئىككىنچى جىلد؛ بۇ پىكىرنى نۇرغۇنلىغان چاغىداش(当代) سەيياھنىڭ خاتىرىلىرىدىنمۇ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. ئۇلاردىن فرانسوۋا كولېرانىڭ ئېيتىشىچە، ئىسپانلار كۇبا ئارىلى، سانتو دومىنگو ئارىلى ۋە باھاما تاقىم ئاراللىرىغا كۆچۈرۈۋەتكەن ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى گۆشخورلۇقى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتەرمىشكەن.





ئەمما، ئۇلار يۇقىرىقى مەشغۇلاتلارنى بىزگە قارىغاندا ۋايىغا يەتكۈزەلەيدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ ئۇنداق ماھارەتلەرگە بەدەۋىلەردەك ئېھتىياجىمىز يوق، يەنە كېلىپ يۇقىرىقىدەك ماھارەتلەرگە دىدار مۇلاقات ياكى ۋارىسلىققا ئەمەس، پەقەت جىسمى تاۋلىنىشقا تايىنىپ ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا، بەدەۋىلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى جەددى ـ جەمەتى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى پۇشتى يۇقىرىقىدەك ماھارەتلەرگە ئوخشاشلا ئىنتايىن كامىل كېلىدۇ.

سەيياھلارنىڭ يازمىلىرىدا مەرىپەتتىن مەھرۇم بەدەۋى مىللەتلەرنىڭ جىسمى ۋە زېھنى قۇۋۋىتى ھەققىدىكى خاتىرىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ خاتىرىلەردە بەدەۋىلەرنىڭ چېۋەر ۋە چەبدەسلىكىگە يۇكسەك ئاپىرىنلار ئوقۇلغان. ئۇنداق مەشغۇلاتلارنى كۆز بىلەن بىۋاسىتە كۆزەتكىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى كۆرگۈچىلەرنىڭ بايانلىرىدىن گۇمانلىنىشقا ھەققىمىز يوق. ئالدىمدىكى كىتابلاردىن تۆۋەندىكىدەك مىساللارنى بىمالال كۆرستەلەيمەن:

كولبىن مۇنداق دېگەنىكەن: ”خوتتېنتوتلار بېلىق تۇتۇشقا ئۇمىد تۇمشۇقىدىكى ياۋروپالىقلاردىنمۇ ئۇستا. ئۇلار دېڭىز قولتۇقىدا بولامدۇ ياكى دەريا ئېقىنلاردا بولامدۇ، تور، قارماق ياكى ئارا بىلەن بېلىق تۇتۇشقا ئوخشاشلا ناھايىتى ماھىر كېلىدۇ. خوتتېنتوتلار سۇ ئۈزۈش ۋە قۇرۇق قول بېلىق تۇتۇشتا تەڭداشسىز. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سۇ ئۈزۈش ھۈنىرى كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرالايدۇ. مىسالەن، ئۇلار سۇدا تىك تۇرۇپ، ئىككى قولىنى سۇ ئۈستىگە چىقىرىۋېلىپ، خۇددى يەردە ماڭغاندەك كېتىۋېرىدۇ؛ دەھشەتلىك دولقۇنلارنىڭ ئېتىلىپ تۇرغان بۇژغۇنلىرى ئۈستىدە گويا دېڭىز دولقۇنلىرىغا جور بولغان تال چېۋىقلاردەك ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ.“

كولبىن يەنە: ”خوتتېنتوتلار ئوۋچىلىقتىكى چەبدەسلىكى بىلەنمۇ ھەيران قىلارلىق؛ ئۇلارنىڭ ئوقتەك يۈگۈرۈشلىرى ئادەمنىڭ ئەقلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com







لال قىلدۇ"* دېگەنىكەن، شۇنىڭدەك ئۇ خوتتېنتوتلارنىڭ ئاشۇنداق چېۋەر ـ چەبدەسلىكىنى ھە دېسىلا يامان ئىشلارغا سەرپ ئەتمەيدىغانلىقىدىن ھەيرانۇھەس قالغان بولسىمۇ، ئەمما كولبېن كەلتۈرگەن مىساللاردىن ئۇلارنىڭ كولبېننىڭ قىياسىنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتۇپ قالىدىغانلىقىنىمۇ جەزملەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، "ئۈمىد تۇمشۇقىدىن قىرغاقتا چىققان گوللاندىيەلىك ماتروس خوتتېنتوت ھامماڭدىن بىرىنى 20 قاداق ئېغىرلىقتىكى بىر باغلام كۆك تاماكىنى بازارغا ئەكىرىپ بېرىشكە ياللاپتۇ. ئۇلار كىشىلەر توپىدىن خېلىلا ئۇزاپ چىققاندىن كېيىن، ھېلىقى ھامماڭ ماتروستىن: 'يۈگۈرەلەمسىز؟' دەپ سوراپتۇ. 'يۈگۈرەلەمسىز دېدىڭمۇ؟ ئۇچقاندەك تېز يۈگۈرەلەيمەن!' دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ماتروس. ھېلىقى خوتتېنتوت ھامماڭ: 'ئۇنداق بولسا يۈگۈرۈشۈپ باقايلى!' دەپتۇ ـ دە، كۆك تاماكىنى يۈدكىنىچە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. ھامماڭنىڭ يۈگۈرۈكلۈكىدىن ھەيران قالغان ماتروس ئۇنى قوغلاشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھامماڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆشنىسىدىكى كۆك تاماكا ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپتۇ".

"چەنلەش ۋە ئېتىشتا ياۋروپالىقلار خوتتېنتوتلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن. ئۇلار يۈز قەدەم نېرىدىكى يارماقچىلىك نىشانغا تاش ئېتىپ تەگكۈزەلەيدىكەن. قىزىق يېرى، ئۇلار بىر نەرسىگە تاش ئاتماقچى بولسا، بىزدەك بىر كۆزىنى قىسىۋېلىپ چەنلەپ ئولتۇرماي، كېتىۋاتقاچ ياكى قايرىلىپ تۇرۇپ ئاتسىمۇ، ئاتقان تېشى خۇددى قولدا ئاپىرىپ ئۇرغاندەك ئۇدۇل تېگىدىكەن."

دۇتېرتري پوپنىڭ باياندىكى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا جايلاشقان بەدەۋىلەر يۇقىرىقى نەقىللىرىمىدىكى ئۈمىد تۇمشۇقىغا

* كولبېن: «خوتتېنتوتلارنىڭ مەھەللە ـ كويلىرىغا زىيارەت» ۋە «ئۈمىد تۇمشۇقى مەنزىرىلىرى»، پارىژ 1748 ـ يىلى نەشرى؛ بەشىنچى جىلد 155 ـ ، 156 ـ بەتلەر.





جايلاشقان خوتتېنتوتلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. دۇتېرترې پوپنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغىنى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى بەدەۋىلەرنىڭ يانىڭ ئوقىنى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇش ۋە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بېلىققا دەل تەگكۈزەلىشى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەدەۋىلەرمۇ جىسمىي قۇۋۋىتى ۋە چەبدەسلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. تۆۋەندىكى مىسال بۇنىڭ جانلىق دەلىلى:

1746-يىلى بۇئېنوس ئايرېستىكى جازاغا تارتىلغان بىر ئىندىيان ھەربىي كېمىدە ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغانىكەن، ئۇ پەرماندارغا ئاممۋى بايراملارنىڭ بىرىدە جېنىنى دوغا تىكىش بەدىلىگە ھۆرلۈكىنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەشنا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: ”ماڭا ھېچقانداق قورالنىڭ لازىمى يوق، پەقەت بىر تال ئارغامچا بەرسەڭلەرلا بولدى. ئەڭ يامان بۇقا بىلەن ئېلىشىپ شۇنى يېڭىمەن. ئورۇننى بېكىتىڭلار، مەن ئاشۇ يەردە ھېلىقى ئارغامچا بىلەن سالما تاشلاپ ئەڭ يامان بۇقىدىن بىرنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئېگەرلەپ مىنىمەن. ئاندىن ئەڭ يامان بۇقىدىن ئىككىنى قويۇپ بېرىسلەر: ئاشۇ بۇقىلار بىلەن يالغۇز ئېلىشىپ، ئۇلارنى بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە بىر-بىرلەپ ئۆلتۈرىمەن.“ پەرماندار ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل كۆرۈپتۇ. ھېلىقى ئىندىيان ۋەدىسى بويىچە، دېگەنلىرىنى تولۇق ئورۇنلاپتۇ. ئۇنىڭ بۇقىلارنى قانداق يەڭگەنلىكىنى گاۋتېر*نىڭ «ناتۇرال ئىلمى ئۇستىدە تەھقىق» (12 فورماتلىق) بىرىنچى جىلد 262-بەتتىن كۆرۈڭ.

(G) بۇففون ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: ”ئاتنىڭ ئۆمرى باشقا ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشاش يېتىلىش ۋاقتى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. ئادەمنىڭ يېتىلىش ۋاقتى 14 يىل بولۇپ، ئۆمرى يېتىلىش ۋاقتىنىڭ ئالتە-يەتتە ھەسسىسىگە تەڭلىشىدۇ. بۇ بويىچە ھېسابلىغاندا

* گاۋتېر(1811 ~ 1872) فىرانسىيەنىڭ رومانتىك شائىرى، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەمنىڭ ئۆمرى 90 ياكى 100 ياشقىچە بولىدۇ. ئات ئادەتتە تۆت يىلدا يېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرىمۇ يېتىلىش ۋاقتىنىڭ ئالتە ـ يەتتە ھەسسىسىگىچە بولىدۇ. بۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ئات 25 يىلدىن 30 يىلغىچە ياشىيالايدۇ." بەزىبىر مىساللار بۇ قانۇنىيەتكە زىت كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇنداق مىساللار ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئۇنى ھەتتا يۇقىرىقىكىدەك قانۇنىيەتنىڭ دەلىلى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. مىسالەن، تىمەن ئاتلارنىڭ يېتىلىش ۋاقتى ئاجىز ئاتلارنىڭكىدىن قىسقا بولىدۇ. شۇڭا، تىمەن ئاتلار 15 ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا قېرىشقا باشلايدۇ.

(H) مېنىڭچە، گۆشخور ھايۋانلار بىلەن دانخور ھايۋانلار باشقا جەھەتلەردىمۇ پەرقلىنىدۇ. ئۇ پەرقلەر ھەتتا قۇشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن (E)دە كۆرسىتىلگەن پەرقلەردىنمۇ ئومۇمىيلىققا ئىگە. جۈملىدىن تۇغۇش سانىنى مىسالغا ئالساق، دانخور ھايۋانلار ھەر قېتىمدا كۆپ بولغاندىمۇ ئىككىدىن تۇغىدۇ، ئەمما گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ئۇنىڭدىن جىق. ئۇنىڭدىن باشقا، ھايۋانلارنىڭ ئەمچىكىدىنمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى جەزملەشكە بولىدۇ. مىسالەن، بايتال، ئىنەك، چىشى، مارال، ساغلىق ... قاتارلىقلارنىڭ ئىككىلا ئەمچىكى بولىدۇ. ئەمما، قانجۇق، چىشى مۈشۈك، قانجۇق بۆرە، چىشى يولۋاس ... قاتارلىقلارنىڭ ئەمچىكى ئادەتتە ئالتىدىن سەككىزگىچە بولىدۇ. مېكىيان، غاز، ئۆردەك، بۇركۈت، قۇرغۇي، ئۆكە ... قاتارلىق گۆشخور قۇشلار ئادەتتە نۇرغۇن تۇخۇملاپ چۈجە چىقىرىدۇ. ئەمما، كەپتەر، پاختەك قاتارلىق دانخور قۇشلار ھەر قېتىمدا پەقەت ئىككىنىلا تۇخۇملاپ، شۇنى بېسىپ چۈجە چىقىرىدۇ. مېنىڭچە بۇ پەرقلەرنىڭ سەۋەبى مۇنداق بولسا كېرەك: ئوتخور ۋە دانخور ھايۋانلار ھەر كۈنى نۇرغۇن ۋاقتىنى ئوتلاقلاردا قورساق توقلاش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا، كۆپ تۇغۇپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن تولۇق خەۋەر ئېلىپ كېتەلىشى مۇمكىن





ئەمەس. ئەمما، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ قورسىقى بىردەمدىلا تويىدۇ. شۇڭا، ئۇلار نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۇلجا ئىزدەش بىلەن بىرگە باللىرىنى ئېمىتىشكە سەرپ ئېتەلەيدۇ، شۇنداقلا يىلىنغا سۈت جۇغلىيالايدۇ. بۇ جەھەتتە نۇرغۇن مەخسۇس كۆزىتىشلەرنىڭ مەھسۇلى بولمىش پىكىر-قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە ئەزۋەيلەپ ئولتۇرمىدۇق. مېنىڭچە، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ تۈپكى سىستېمىسىنى قەيت قىلىپ ئۆتسەملا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. بۇ سىستېما بىزنىڭ ئادەمزاتنى گۆشخورلار قاتارىدىن ئايرىپ چىقىپ، دانخورلار قاتارىغا قوشۇشىمىزغا دەلىل بولالايدۇ، خالاس.

(I) مەشھۇر يازغۇچىدىن بىرى كىشىلىك ھاياتتىكى بەخت-سائادەت بىلەن ئازاب-ئوقۇبەتنى سېلىشتۇرۇپ، ئاخىر ۋەزىن جەھەتتىن كېيىنكىسىنىڭ ئالدىنقىسىدىن راۋرۇس ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى، قىسقىسى ھاياتلىقنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىنسانىيەتكە قىلغان قاملاشمىغان سوۋغىسى ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ پىكرىدىن تەئەججۇپلەنمەيمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ يەكۈنى دەل بىزدەك مەدەنىيلەرنىڭ جىسمىيتى ئاساسىدا چىقىرىلغان. ناۋادا ئۇ نەزەرىنى ئارقىغا سۈرۈپ، ئەسلىيەت قوينىدىكى ئىنسانلارغا ئاپىرالىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يەكۈن چىقىراتتى؛ ئۇ ئىنسانلار پەقەت ئۆزى سەۋەبلىك ئازاب-ئوقۇبەتكە قېلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا تەبىئەت دۇنياسىنى ئەيىبلەشنىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولاتتى. دېمىسىمۇ بىز ئىنسانلار ئۆزىمىزنى بەختسىزلىككە ئاجايىپ ئاۋارىچىلىكلەر بىلەن جۈنگەنمىز. بىرىنچىدىن، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئادەمزات ئالەمشۇمۇل مۆۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتتى. جۈملىدىن شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئىلىم-پەن كاماللەت تاپتى؛ شۇنچىۋالا نۇرغۇن ھۈنەر-تېخنىكا روياپقا چىقتى؛ ھەددى-ھېسابسىز كۈچ-قۇدرەتنىڭ كارامىتى بىلەن چوڭقۇر ھاڭلار تىندۇرۇلدى، ئېگىز تاغلار تۈپتۈز قىلىۋېتىلدى، قىيا تاشلاردىن يوللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





ئېچىلدى، دەريا ـ ئېقىنلار كېمە ـ پاراخوتلار بىمالال قاتنىغۇدەك راۋانلاشتۇرۇلدى، قاقاسلىقلار كۆكەرتىلدى، كۆللەر قېزىلدى، سازلىقلار تىندۇرۇلدى، ئاسمان پەلەك ئىمارەتلەر قەد كۆتۈردى، دېڭىزلار كېمە ـ پاراخوتلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ئىككىنچىدىن، ئاشۇ ئەتمىشلىرىمىزنىڭ ئادەمزاتقا زادى قانچىلىك سائادەت كەلتۈرگەنلىكى خۇسۇسىدا ئاز ـ تولا ئويلىنىپ باقىدىغان بولساقلا، قىلغان ئەجرىمىزگە تۇشلۇق بەخت يارىتالمىغانلىقىمىزدىن ھەيرانۇ ھەس قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھاماقەتلىكىدىن ھەسرەت چېكىمىز. چۈنكى، ئىنسانلار نادانلارچە ئىپتىخارى ۋە قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق كۆرەڭلىكى ۋەجىدىن، پانىي دۇنيانىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن ئوقۇبەتلىرىگە ئەسەبىيلەرچە ئۆزىنى ئاتماقتا. شۇڭلاشقىمۇ شەپقەتلىك تەبىئەت ئىنسانلاردىن ئىھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

تىراگېدىيە ۋە ئۈزلۈكسىز داۋام ئېتىۋاتقان تەجرىبىلەر ”مەدەنىي ئىنسانلار رەزىل كېلىدۇ“ دېيدىغان قاراشنى پاكىت بىلەن ئىسپاتلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ھالبۇكى، ئادەمزاتنىڭ تۇغما ئاق كۆڭۈل كېلىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەنىمەن. ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئۇنىڭ جىسمىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئىلغارلىقلىرى ۋە بىلىمى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان بولسا، ئۇنىڭغا زادى نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى قانداق تەرىپلىسەڭ تەرىپلىگىنىكى، ئۇ قىسقىسى ئادەمزاتنى شۇنداق بىر مەنزىلگە باشلاپ كىردى: ئادەملەر ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشى ۋە ئۆچمەنلىك بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى؛ ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ھىممەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئەسكىلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەقلىيلىكى ئاشۇ كىشى ئۈچۈن بەزىبىر مىزانلارنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنداق مىزانلار كۆپىنىڭ ئەقلى ئاساسىدا پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان





مىزانغا زىت بولغاچقا، كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىدىكى ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن ئۆزىگە مەنپەئەت ئىزدەيدۇ. ئادەملەر تۆۋەندىكىدەك كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن زادى قانداق ئويغا كېلىدىغاندۇ؟ پۇلدارلارنىڭ نەپسانىيەتچى مىراسخورلىرى(كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىنىڭ باللىرى)دىن ئاشۇ پۇلدارنىڭ ئۆلۈمىنى تىلمەيدىغانلار بولمىسا كېرەك؛ بىر قىسىم سودىگەرلەردىن بىرەر پاراخوتنىڭ دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى "خۇش خەۋەر" دەپ بىلمەيدىغانلار بولمىسا كېرەك؛ نىيىتى يامان قەرزدارلاردىن دۇكانغا ئوت كېتىپ، بارلىق ھېسابات ماتېرىياللىرىنىڭ كۆيۈپ كۇل بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار بولمىسا كېرەك؛ قوشنا مىللەتلەرنىڭ ھالاكىتىدىن شادلانمايدىغان قوۋم بولمىسا كېرەك. ھەرقاندىقىمىز نەسلداشلىرىمىزنىڭ زىيان-زەخمىتىدىن نەپ ئالىمىز؛ ئىشقىلىپ بىرىمىزنىڭ تالاپىتى يەنە بىرىمىز ئۈچۈن ئامەت. يامان يېرى، نۇرغۇن كىشى جامائەتنىڭ بالا-قازاغا ئۇچرىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلاردىن بەزىلەر ئاغرىق-سىزلاق، بەزىلەر ئۆلۈم-يېتىم، بەزىلەر جەڭگى-جېدەل، بەزىلەر ئاچ-زېرىنلىق تىلەيدۇ. مىسالەن، ئىلگىرى بىر قارا نىيەتنىڭ مول ھوسۇللۇق مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەسەتتىن يىغلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنمەن. يەنە مىسالەن، لوندوندا يۈز بەرگەن دەھشەتلىك ئوت ئاپىتى نۇرغۇن شور پېشانىنى مال-مۈلكىدىن، ھەتتا ئىسسىق جېنىدىن جۇدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگە پۇل تېپىش پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. مونتېينى(Monteyne) ئەينى زاماندا ئافىنالىق دېمارتېل (De Martel)نى ئەيىبلىگەنمىش. چۈنكى، ئۇ ئافىنالىق ئەسلىدە مېيىت ساندۇقىنى قىممەت سېتىپ، پۇقرالارنىڭ ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدىن پايدا ئۈندۈرگەن ھۈنەرۋەننى جازالىغانىكەن. ئەمما، مونتېينى: "ھۈنەرۋەننىلا ئەمەس، بەلكى پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنى جازالىغۇلۇق!" دەپ قارىغانىكەن. ئېنىقكى، بۇ پىكىر يەكۈنۈمنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى كۇتۇپخانىسى







مۇستەھكەملىدى. قىسقىسى، بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىگە كىشلەر كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتكەن ساختىپەزلىكنى قايرىپ تۇرۇپ قاراپ باقىدىغان بولساق، ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈشكىمۇ، زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشكىمۇ مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. جۈملىدىن، كىشلەر مەجبۇرىيەتىنى دەپ قىساسخور، مەنپەئەتنى دەپ ئالدامچى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ناۋادا بىراۋ ماڭا: ”جەمئىيەت كىشلەرنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ھەقلىق مۇلازىمىتى مابەينىدە شەكىللەنگەن“ دېگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ گېپىگە جاۋابەن مۇنداق دېگەن بولاتتىم: ”ئاشۇ كىشلەر باشقىلارغا زىيان سالماي تۇرۇپ تېخىمۇ نۇرغۇن پايدا تاپالىغان بولسا ئىدى، ئاندىن جەمئىيەت فورمىسىنى يۇقىرىقى گەپكە تۇگەللىيەلەيتتۇق. ئەمما، ھازىر قانۇنسىز پايدا قانۇنلۇق پايدىدىن ئاسان قولغا كېلىدىغان بولۇپ كەتتى؛ باشقىلارغا زىيان سېلىش ئۇنىڭغا ھىممەت قىلىشتىن پايدىلىق بولۇپ قالدى. قىسقىسى، ئادەملەر قانۇننىڭ جازاسىدىن قېچىشىنىڭ ئوبدان چارىسىنى تاپالماي ئاۋارە. شۇڭا، بۇ جەھەتتە كۈچلۈكلەر ئۆز قۇدرىتىنى، ئاجىزلار مەككارلىقىنى تولۇق ئىشقا سالماقتا!“

بەدەۋىلەر پەقەت قورسىقى تويسىلا پۈتكۈل تەبىئەت ۋە بارلىق نەسلداشلىرىغا ھەرگىز نىيىتىنى بۇزمايدۇ. گەرچە نەسلداشلىرى بىلەن ئوزۇق-تۈلۈك تالىشىپ جاڭجاللىشىپ قالسىمۇ، ئەمما جان تىكىپ ئېلىشىش-ئېلىشماسلىقنى ئېلىشسا يەڭگىلى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقى ۋە ئاشۇ يېمەكلىكنىڭ يەنە باشقا جايدا بار-يوقلۇقىغا قاراپ بېكىتىدۇ. مۇھىمى، ئۇنداق ئېلىشىشقا قەدىر-قىممەت تۇيغۇسى قوماندانلىق قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار گالاچ-گۇلۇچ ئىككى مۇشت سېلىشىپلا بولدى قىلىدۇ، يەنى يەڭگىنى ئالغان ئولجىسى بىلەن قورسىقىنى توقلايدۇ؛ يېڭىلگىنى دەرھال چېكىنىپ، ئوزۇق-تۈلۈك تېپىشنىڭ باشقىچە يولىنى قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى ئارامخۇدالىق دەرھال ئەسلىگە كېلىدۇ. ئەمما، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى





ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە: كىشىلەر تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ نۇرغۇن ئىشنىچە بايلىق جۇغلاشقا ئىنتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت، ھەددى ھېسابسىز مال ـ دۇنيا، رەئىيەت ۋە قۇللارچە ئىنتىلىش ... دېگەنلەر توختاۋسىز قوزغىلىدۇ؛ ئىشقىلىپ ھەرقانداق ئادەم ئارام ـ قارامسىز پالاقلايدۇ. قىزىق يېرى، كىشىلەرنىڭ ھاجىتى تەبىئەت ۋە زۆرۈرىيەتتىن قانچىكى يىراقلاشقانسېرى، ئۇنىڭغا بولغان نەپسى شۇنچە تاقىلدايدۇ؛ يامان يېرى، ئاشۇ نەپسىنى قاندۇرۇشنى نىشان قىلغان نوپۇز شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار تارىخى ئۇزاق مۇددەتلىك كامالەتتىن كېيىن، شۇنداقلا ھەددى ـ ھېسابسىز دەپى ـ دۇنيانى يالماپ يۇتۇپ، كۆرمىگىلىغان ئادەمنى ھەسرەتكە قويغاندىن كېيىن، ئاخىر بىر قەھرىمان ئوتتۇرىغا چىقىپ تاكى دۇنيانىڭ يېگانە ئىگىسىگە ئايلانغۇچە ھەممىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلار ئەخلاقىنىڭ كارتىنىسى. ئۇنى ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ يىغىنچاق ئىنكاسى دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەڭ بولمىغاندا ھەربىر مەدەنىي بەندىنىڭ يۈرىكىگە مۆكۈنگەن ۋەھشىيلىكىنىڭ بەلگىسى دېگىلى بولىدۇ.

سەممىمىزدە بولغايكى، مەدەنىيلەرنىڭ ھالىتى بىلەن بەدەۋىلەرنىڭ ھالىتىنى ھېچبىر ئاساسسىزلا سېلىشتۇرۇپ يۈرمىگۈلۈك. مۇمكىن بولسا، مەدەنىيلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ رەزىللىكى، ھاجىتى ۋە بەختسىزلىكىدىن باشقا، يەنە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى بىلەن ئۆلۈمگە قانداقلارچە يېقى ـ يېقى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىش كېرەك. ناۋادا بىزنى قىيناۋاتقان روھىي ئازابلىرىمىزنى، ماجالىمىزنى قويمايۋاتقان ئەسەبىي شەھۋەتلىرىمىزنى، يوقسۇللارنى ھالسىزلاندۇرۇۋاتقان ئېغىر مېھنەتنىڭ جەبىرلىرىنى، زەردارلارنىڭ گەرچە خەتەرلىك بولسىمۇ، خاھىشەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىشرەتلىك ھاياتىنى، يوقسۇللارنىڭ ئاچلىقتىن، زەردارلارنىڭ توقلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىيالىغان بولساق ئىدىڭ؛ زەردارلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







داستىخىنىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ سالاتلارنى، زىيانلىق خۇرۇچلارنى، ئىچىمغان ـ چىرىگەن ئاش ـ تائاملارنى، ناچار تەركىبلەر ئارىلاشتۇرۇلغان دورىلارنى ۋە ناچار دورىنى ساتقان سودىگەرلەرنىڭ ئالدامچىلىقلىرىنى، دوختۇرنىڭ رېتسىپىدىكى خاتالىق ـ سەۋەنلىكلەرنى، شۇنداقلا دورا تەييارلاشقا ئىشلىتىلگەن قاچا ـ قۇچىلارغا يۇققان زەھەرلەرنى ئويلاپ يېتەلىگەن بولساڭ ئىدىڭ؛ ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى زىيادە زىللىقلار، ئۆي بىلەن تالانىڭ تېمپېراتۇرىسىدىكى ئاسمان ـ زېمىن پەرقلەر، كىيىنىش ئادىتىدىكى يەڭگىللەتكىلىكلەر ۋە شەھۋەتكە زىيادە بېرىلىپ كېتىش(بۇ جەھەتتىكى راھەتكە ئادەتلىنىپ كەتكەندەكمۇ قىلىمىز، شۇڭا شەھۋەتكە سەل قارىساق ياكى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنساق ئاغرىپ قېلىشىمىز، ياكى ئۆلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن) قاتارلىقلار سەۋەبىلىك يامراۋاتقان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە نەزەرىڭنى ئاغدۇرالىغان بولساڭ ئىدىڭ؛ شەھەر ـ قىشلاقلاردىكى يانغىن (ئوت ئاپىتى) ياكى زىلزىلە (يەر تەۋرەش) ۋەجىدىن مىڭلىغان ـ مىليونلىغان كىشىنىڭ جېنىدىن جۇدا بولۇۋاتقانلىقىغا نەزەر سالالىغان بولساڭ ئىدىڭ، قىسقىسى ئىنساننىڭ بېشىغا توختاۋسىز كېلىۋاتقان كەلگۈلۈكلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلالىغان بولساڭ ئىدىڭ؛ ئۇ چاغدا تەبىئەتنىڭ ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغانلىقىمىز ۋەجىدىن، ناھايىتى ئېغىر بەدەل تۆلەپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى چۈشەنگەن بولاتتىڭ!

ئىلگىرى قەيت قىلىنغان ئۇرۇش ھەققىدىكى گەپلەرنى يەنە ئەزۋەيلەپ ئولتۇرغۇم يوق. ئەمما، بىلىملىك كىشىلەر ئەسكىرىي ئاتامانلار بىلەن دوختۇرخانىلارنىڭ ھۆددىگەرلىرى جاۋابكار بولۇشقا تېگىشلىك پاجىئەلىك ۋەقەلەرنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى ئاۋامغا جاكار ـ لىۋەتسەكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئاساسەن دېگۈدەك ئاشكارىلىنىپ بولغان بۇنداق خۇيىيانە قۇۋلۇق ـ شۇملۇقنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسكىرىي قىسمىنمۇ بىر مۇدۇرۇپلا قوپالماس قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزىمىز





بىلەن كۆرىمىز. چۈنكى، ئاشۇنداق قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇقلار ۋەجىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر دۈشمەننىڭ ئوقى تېگىپ ئۆلۈۋاتقانلاردىن كۆپ. ھەر يىلى دېڭىزدا ئاچلىق، قان بۇزۇلۇش، بۇلاڭ ـ تالاڭ، يانغىن ۋە خەۋپ ـ خەتەر سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ. ئېنىقكى، ئۇنداق قاتىللىق، زىيانكەشلىك، بۇلاڭچىلىق ... قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارنىڭ سەۋەبىنى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن، ئوچۇقراقىنى دېگەندە جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدىن كۆرۈشكە ھەقلىقمىز. جازا تېخىمۇ كۆپ جىنايى قىلمىشلاردىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈر ۋاستىسى. ئەمما، زىيانلانغان بىر ئادەم ئۇچۇن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەمنىڭ جېنىنى ئالغىلى تۇرساق، ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتكە ھەسسىلەپ زىيان سالغان بولىمىز. كىشىلەر قورساقتا ئاپىرىدە بولۇپ بولغان باللارنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشتىن ئاجايىپ شەرمەندە ۋاسىتىلەر بىلەن توسۇش ئارقىلىق تەبىئەتنى ئالداۋاتىدۇ! ئاشۇ بەدەۋىلەر بىلەن ھايۋانلار ئەزەلدىن خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدىغان، پەقەت مەدەنىي جەمئىيەتتىكى چىركىن تەسەۋۋۇرنىڭ ۋەھشىيانە ھاسىلاتلىرىدىن بولمىش ھامىلە چۈشۈرۈۋېتىش چارىسى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ نادىر ئەسىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى؛ خۇپىيانە ھامىلە چۈشۈرۈۋېتىش قىلمىشلىرى بۇزۇقچىلىق بىلەن شان ـ شۆھرەتكە تەڭ ئېرىشىش خاھىشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىدى؛ بوۋاقلارنى تاشلىۋېتىش ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىش قىلمىشلىرى سانسىزلىغان ئىسسىق جاننى ئاتا ـ ئانىلاردىكى يوقسۇزلۇق، شەپقەتسىزلىك ۋە ياكى نومۇسسىزلىقىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى؛ بولۇپمۇ بىر قىسىم شور پېشانىلەرنىڭ ئاختا قىلىۋېتىلىشى ئۇلارنىڭ قىسمەن ھاياتى بىلەن ئەۋلاد ـ ئۇرپاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەرزىمەس نەغمە ـ ناۋا ئۇچۇن قۇربان قىلىۋەتتى؛ يامان يېرى، ئۇ بەزى ئەركەكلەردىكى ھەسەتخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى؛ بولۇپمۇ، ئاختا قىلىۋېتىلگەنلەرنىڭ تارتقۇلۇقلىرى بىلەن ئۇلاردىن





مەلۇم مۇددەئادا پايدىلىنىش تەبىئەت دۇنياسى ئۈچۈن ئىغىر ھاقارەت ئىدى*.

ئايدىڭلاشتۇرماقچىمەنكى، ئۆزىنىڭ ئەسلىي يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇپ بولغان ئىنسان، ئەڭ مۇقەددەس نىكاھنى قانداق چۈشىنىدىغاندۇ؟ قىسقىسى، كىشلەر نىكاھ مۇناسىۋىتىدە دەپ-دۇنيانى بىرلەمچى ئورۇنغا، تەبىئەتنىڭ ئۆگۈتلىرىنى ئىككىلەمچى ئورۇنغا قويىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتتىكى مالىمانچىلىقلار ۋەجىدىن ئەزگۈ پەزىلەر بىلەن رەزىللىكلەر ئارىلىشىپلا كەتتى. جۈملىدىن، تۇغۇتقا چەك قويۇش جىنايەتنى توسىدىغان ئىھتىيات پاسىلى دەپ قارىلىدىغان، تۇغۇتنى پۈتۈنلەي توسۇش ئادىمىي ئەتمىشلەردىن سانىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ھالبۇكى، ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق قىلمىشلارنى يوشۇرۇپ تۇرغان پەردە-توسۇقلارنى بەك قايرىۋەتسەكمۇ بولمىغۇدەك. چۈنكى، بىردىنبىر مۇددىئايىمىز كىشلەرگە تۈزەتمىسە بولمايدىغان رەزىللىكلەرنى تونۇتۇپ قويۇشلا، خالاس.

يۇقىرىقىدەك بەختسىزلىكلەردىن ئۆزگە، ئىنساننىڭ ئۆمرىنى

---

* ئەمما، ئاتىلىق نوپۇزىغا تايىنىپلا ئادەمىيلىكنى ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق بۇزۇش ئاجايىپ ئىغىر تەھلىكە ئەمەسمۇ؟! ئاتىلاردىكى ھاماقەتلىك سانسىزلىغان دانىشنى ۋەيران قىلىپ، سانسىزلىغان بالىنىڭ ئىرادىسىنى كاردىن چىقاردى! مۇۋاپىق شارائىتقا ئېرىشەلىگەن بولسا باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان كىشىلەر، ئىستەكلىرىگە قىلچە ماس كەلمەيدىغان ھاياتلىق مۇھىتى سەۋەبلىك خورلۇق ئىچىدە پاجىئەلىك ياشاشقا مەجبۇر بولماقتا! تەبىئەتكە مۇخالىپ ھاياتلىق مۇھىتى نۇرغۇن بەختلىك ئائىلىنى ئەر-خوتۇننىڭ ئورۇن-مەرتىۋىسىدىكى پەرقلەر سەۋەبلىك بۇزۇپ ياكى دەخلىگە ئۇچرىتىپ، نۇرغۇن ئېپپەتلىك ئايال زاتىنى خورلۇقتا قىينىماقتا! نەپ-مەنپەئەتنى دەپلا ۋۇجۇدقا چىقىرىلىۋاتقان سۆيگۈ ۋە ئەقلىيەتكە خىلاپ ئاجايىپ-غارايىپ نىكاھلارچۇ تېخى! شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن ھالال ۋە ئاق كۆڭۈل ئەر-خوتۇن تاشنى تاپاقتا تاڭغاندەك ئازاب ئىچىدە ئۆتمەكتە! ئاتا-ئانىسىدىكى ئاچ كۆزلۈكنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان شور پېشانە ياشلار شاللاق تۇرمۇشقا بېشىچىلاپ شۇڭغۇماقتا ياكى كۆڭلىرىنى ئاھ-زار بىلەن ئۆتكۈزمەكتە ۋە ياكى قۇتۇلغىلى بولمايدىغان رودىپاي نىكاھتىن ئازابلىق نالە قىلماقتا! چۈنكى، پۇل ئۈچۈنلا تۈرغۇزۇلغان ئۇنداق نىكاھ ئاشۇ ياشلارنىڭ چىن ئىخلاسىغا مۇخالىپ ئىدى. ناۋادا ئاشۇ ياشلار باشقىلارنىڭ ياۋايىلارچە زوراۋانلىقلىرى سەۋەبلىك ئەزگۈ ئىستەكلەردىن مەھرۇم جىنايەتلىك ھاياتقا مەجبۇرەن قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى، ئۆزىدىكى جاسارەت، ھەتتا ئەخلاقىي تەشنالىقنىڭ شاراپىتى بىلەن پانىي دۇنيادىن كېتەلىگەن بولسا، ئېھتىمال بەختنى تاپار بولغىيدى. ئۆمۈرلۈك ھەسرەتتە قالغان ئاتا-ئانىلار، ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك ئازابلىرىڭلارغا ئازاب قوشقانلىقىمنى ئەپۇ قىلغايسىلەر. ئەمما، ئاشۇ ئازابلىرىڭلار تەبىئەت نامى بىلەن ئاشۇ تەبىئەتنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ھوقۇقىنى ھېيىقماستىن دەپسەندە قىلغانلار ئۈچۈن ئەبەدىي ئۇنتۇلمايدىغان قانلىق ساۋاق بولۇپ قالسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن!

خوش، يۇقىرىدا دېگەنلىرىم مەدەنىي ھاياتىمىز ئاپىرىدە قىلغان ئاجايىپ-غارايىپ نىكاھلارغىلا قارىتىلغان بولسا. ئۇنداقتا سۆيگۈ ۋە خەيرخاھلىقتىن تۇغۇلغان نىكاھ زادى كەم-كۇتىسىزمىدۇ؟(1782-يىلى).





قىسقارتىپ، ئادەملەرنىڭ تەندۇرۇسلۇقىغا زىيان سالىدىغان نۇرغۇن كەسىپنىڭ بارلىقىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىم. مەسىلەن، كان ئېچىش، مېتال ۋە مىنېرال ماددا تاۋلاش، بولۇپمۇ قوغۇشۇن، مىس، سىماب، كوبالت، مەرگىمۇش ۋە ئارسېن قاتارلىق ماددىلارنى تاۋلاش ھەر كۈنى دېگۇدەك نۇرغۇن مېھنەتكەشنى جەھەننەمگە ئۈزىتىدىغان خەتەرلىك كەسىپلەردىندۇر. تەندۇرۇسلۇققا زىيانلىق كەسىپلەر بىلەن خەتەرلىك كەسىپلەرنى بىرىكتۈرۈپ ئانالىز قىلساقلا، جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش مابەينىدە نوپۇسنىڭ زادى نېمە ۋەجىدىن ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز (نوپۇسنىڭ ئازىيىپ كېتىشى پەيلاسوپلارلا كۆزىتىدىغان ھادىسىلەر كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ كەتكەندەك قىلىدۇ).

پاراغەتلىك ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكىلا بېرىلىپ كېتىۋاتقانلار بىلەن باشقىلارنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا تەشنا بولۇۋاتقانلار ئارىسىدا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان شۇنداق بىر بالا ـ قازا يۈز بېرىۋاتىدۇكى، ئىجتىمائىيەتنىڭ مەنبەسىدىن تۇغۇلغان ئۇ بالا ـ قازا زەردارلارنىڭ "يوقسۇللارنى بېقىش" باھانىسىدىكى ئەيش ـ ئىشرەتلىرى بەدىلىگە ئاشۇ زەردارلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى قاقسەنەم قىلىۋەتتى.

بەختسىزلىكنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن تۈگىتىش خاھىشى كىشىلەرنى تېخىمۇ ئېغىر بەختسىزلىككە مۇپتىلا قىلىۋەتتى. چۈنكى، چوڭ ـ كىچىك دۆلەتنىڭ ھەرقاندىقىغا كۆرە ئېيتقاندا، ئىشرەتخورلۇقنىڭ ئۆزى ئەڭ ئېغىر بەختسىزلىك دېمەكتۇر. ئەيش ـ ئىشرەتلىك ھاياتنىڭ تەقەززاسى ياراتقان توپ ـ توپ مۇلازىم ۋە پېقىرلارنى بېقىش ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان زۇلۇم دېھقانلار بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. جۈملىدىن ئىشرەتخورلۇق بەجايىكى كۈنگەينىڭ ئىسسىق بورىنى سوققانلىكى يەردە سېرىق چېكەتكە قۇتراپ، ياپيېشىل دالىلارنى قۇرۇتۇپ، ھايۋاناتلارنىڭ ئوزۇق ـ



تۆلۈكلىرىنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتكەندەك، ئاچ-زېرىنلىق بىلەن ئۆلۈم-يېتىمنى كۆپەيتىۋەتتى.

جەمئىيەت ۋە ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ تۇغۇندىسى بولمىش ئەيش-ئىشرەت لىبېرالىزمنى، ھۈنەر-سەنئەتنى، سودىنى، ئەدەبىياتنى، شۇنداقلا سانائەت ۋە دۆلەتنى ھەم كامالەتكە ھەم ھالاكەتكە جۆنىيەلەيدىغان ئەرزىمەس نەرسىلەرنى ئاپىرىدە قىلدى، يەنە كېلىپ ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئەلنى زاۋالغا سۆرىمەكى ئىنتايىن ئاسان. ئايانكى، دېھقانچىلىقنى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى نۇقتىسىدىن ھۈنەر-تېخنىكىلار ئىچىدە پايدىسى ئەڭ ئاز مېھنەت دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، دېھقانچىلىقنىڭ ھاسىلاتلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، باھاسى چوقۇم ئەڭ يوقسۇل كىشىلەرمۇ چىقىنالىغۇدەك دائىرىدە تىزگىنلىنىشى كېرەك. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پرىنسىپتىن مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى يەكۈنلەيمىز: ئادەتتە، مەلۇم بىر ھۈنەرنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى بىلەن ئوك تاناسىپ ھاسىل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئەڭ زۆرۈر ھۈنەر-ماھارەت ئاخىر بېرىپ كىشىلەر نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. بۇ ھال بىزگە سانائەتنىڭ ھەقىقىي ئەۋزەللىكى بىلەن سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى قانداق تونۇش لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ.

ئەيش-ئىشرەتنىڭ كىشىلەرنى ئەڭ زوقلاندۇرىدىغان ئەللەرنىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئازاب دېڭىزىغا غەرق قىلىۋېتىدىغانلىقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. سانائەت ۋە تېخنىكىنىڭ گۈللىنىشكە ئەگىشىپ، ئىشرەتخورلارنىڭ ھاجىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن باج تاپشۇرىدىغان، جاپالىق مېھنەت بىلەن ئاچ-زېرىنلىقتا ئۆتۈش پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن، شۇنداقلا ئەڭ ئېتىبارسىز بەندىلەردىن بولمىش دېھقانلار جان ساقلاش ئۈچۈن كەتمىنىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزلىرى يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن شەھەرلەرگە قاراپ ئاقتى. چۈنكى، چوڭ

شەھەرلەر ھاماقەتلەرنى قانچىكى جەلپ قىلغانسېرى، شۇنچە كۆپ سەھرالار تاشلاندۇق ماكانغا، ئىكىنزارلىقلار قاقاس چۆللۈكلەرگە ئايلىنىدىكەن؛ كوچا ـ كويلار تىلەمچى ياكى يانچۇقچى بولۇپ كەتكەن شور پېشانە پۇقرالارغا تولىدىكەن. ئىنىقكى، ئاشۇ شور پېشانىلەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىغىر جازا ياكى موھتاجلىق ۋەجىدىن جەبىرلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرىمىز. شۇنداق، دۆلەت بىر تەرەپتىن، قۇدرەت تاپىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، نوپۇسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى سەۋەبلىك خارابلىشىپ بارىدۇ. شۇنداق، ئەڭ قۇدرەتلىك پادىشاھلىقمۇ يۇقىرىقىدەك باياشات ۋە خارابات مەنزىللىرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىردا ھەتتا ئاچ كۆزلۈكى چەككە يەتكەن ئەبگا ئەللەرنىڭمۇ ئىستېلا ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ؛ نەتىجىدە، قۇدرەتلىك ئەللەرنى ئىستېلا قىلىۋالغان ئەبگا ئەللەرمۇ يۇقىرىقىدەك باياشات ۋە خارابات مەنزىللىرىدىن كېيىن، بارا ـ بارا يەنە باشقا ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزىدا ۋەيران بولۇپ تۈگەيدۇ.

تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى شەرھلەپ كۆرسىتەلەيدىغانلار چىقسا ئىدى: نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىنى ئاياغ ئاستى قىلغان ئاشۇ بەدەۋى قەبىلىلەرنى زادى قانداق كۈچ ياراتقان؟ ئۇلارنىڭ نوپۇسى ھۈنەر ـ تېخنىكىغا باي، قانۇنغا كامىل بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاشۇنداق ئاۋۇپ بېرىۋاتامدۇ؟ تەربىيە كۆرمىگەن، نادان ۋە قائىدىسىز بەدەۋىلەر زادى نېمە ۋەجىدىن ئوزۇق ـ تۈلۈك ياكى ئولجا تالىشىش جېدەللىرىدە بىر ـ بىرىنى قىرىپ تۈگەتمەكتە يوق، ئەكسىچە شۇنچىۋالا كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئاشۇ ئاۋارىلەر قانداقسىگە بىزدەك ئىنتىزامى بەئەينى ئەسكەرلەرنىڭكىدەك كۈچلۈك، قانۇنى مۇكەممەل ئاقىللارغا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالىغاندۇ؟ تەسكەيدىكى ئەللەر ئىجتىمائىيىتىنىڭ مۇكەممەللىشىشى بىلەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئارامخۇدا ھاياتىنىڭ پەيزىنى ئورتاق سۈرۈش سەنئىتىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، نوپۇس شىددەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى







بىلەن كۆپىيىدىغان ئىللەتلىرىكى ھالەت نېمە ئۈچۈن قالمىغاندۇ؟ بۇ سوئاللارغا ئېھتىمال مۇنداق جاۋاب بېرىدىغانلار چىقىدۇ: ئىنسانلاردىكى يۈكسەك پاراسەتنىڭ مەھسۇلى بولمىش سەنئەت، ئىلىم-پەن ۋە قانۇن قاتارلىق بۈيۈك ئىختىرالار گويا ۋابانىڭ نوپۇسنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇۋالغىنىغا ئوخشاش، پەرۋەردىگار ھىممەت قىلغان پانىي دۇنيانى قىستاڭچىلىقتىن ساقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

خوش، ئۇنداق بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟ جەمئىيەتنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، "سېنىڭ"، "مېنىڭ" دېگەندەك ئايرىمچىلىقنى تۈگىتىپ، ئېيىقلار بىلەن بىرگە ياشاش ئۈچۈن ئورمانلىققا قايتىپ كەتكۈلۈكمۇ؟ بۇ ئۆكتىچىلىرىم(ماڭا قارشى تۇرغۇچىلار)نىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئاساسىدا چىقىرىلغان يەكۈن. بۇنىڭدا مەن ئاشۇ ئۆكتىچىلەرنىڭ ئۆزلىرى چىقارغان ئەقلىي يەكۈنى سەۋەبلىك يۈزىنى تۆكۈۋېلىشىنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئاشۇنداق خاھىشنى ئالدى بىلەن تەشەببۇسكارلار(先发制人)نىڭ ئۇسۇلى بويىچە توسۇشقا تىرىشتىم. ھەيھات، ئادەملەر! جېنىڭلارنىڭ تىنچىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانلىقىڭلار ئۈچۈن، "ياشاشتىن مەقسەت قىسقىغىنا ئۆمۈرنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈش" دەپلا ئويلايسىلەر. شەھەر ھاياتى ئىنئام ئەتكەن بەختسىزلىكلەر، تەشۋىشلەر، چىركىن روھىيەت ۋە شەھۋەتنىڭ ئەسەبىي ۋەسۋەسىلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلىيالىغانىكەنسىلەر، دېمەك كەم-كوتىسىز ھۆرلۈكنىڭ ھەقداسى تۇرۇۋۇقلۇقمۇ ئەزەلىي ۋە قەدىمىي پاكلىقىڭلارنى قايتا بىخلاندۇرۇشقا، ئورمانلىقتىكى ھايات قوينىغا قايتا سىڭىپ، چاغداشلىرىڭلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى نەزەرىڭلەردىن ۋە پىكىرىڭلەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە قادىرسىلەر؛ ئىنسانىيەتنىڭ ۋەھشىيەتلىرىدىن يىراق تۇرۇش مۇددىئاسى بىلەن ئاشۇ ئىنسانلار ياراتقان ئىلىم-ئېرپاندىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغىنىڭلاردا، "بۇ ئەتىمىشىم ئىنسانىڭ كۆرسىنى چۈشۈرۈۋېتەرمۇ؟" دېگەن ئەندىشىدىن





خالىيسلەر. ئەمما، مەنــدەك ئــادەملەرچۇ؟ شــەھۋەت ۋەسۋەســلىرى ئەزەلىي ئاددىي ـ ساددىلىقلىرىمىزنى مەڭگۈگە خــاراب قىلىۋەتكەنلىكــى ئۈچــۈن، ھەم يــاۋا ئــوت ـ چــۆپ ۋە دان ـ پانىغــا قالــسا كــۈن ئالالمايدىغان، ھەم قانۇن بــىلەن داھىيــسىز ياشــيالمايدىغان ھالغــا چۈشۈپ قالدۇق. جەددى ـ جەمەتىدىن تارتىپلا تەبىئەتتىــن ھالقىغــان ئۆگۈتتىن بەھرىلىنىشكە مۇشەررەپ بولالىغانلار، ئىنسانلار ئەتمــشىگە نېمە ئۈچــۈن دەســلىپىدىلا ئەدەپ ـ ئەردەمنىــڭ ســىگدۈرۈلگەنلىكىنى چۈشىنىدىغانلار(ئىنسانلار ئەتمىشىگە باشــقا ئۇســۇلدا ئەدەب ـ ئەردەم سىگدۈرىمەن، دەپ ھەرقانچە ئۇزاق ھەپىلەشــكەن بىلەنمــۇ بىكــار. چۈنكى، ئەدەپ ـ ئەخــلاق ئۆلچىمىنىــڭ ســەۋەبلىرى ئاشــۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتــسىز ھەمــدە ئۇنــى باشــقا ھەرقانداق تەرتىپ ئىچىــگە قويــۇپ چۈشــىنىش مــۇمكىن ئەمەس)، قىسقىسى، پەرۋەردىگار چىقارغان مۇبارەك سادانىڭ كۆللــى ئىنــسانىنى بېھىش ۋە بەختكە باشلىيالايدىغانلىقىدىن شــەكلەنمەيدىغانلار، ئەزگــۈ پەزىلــىنى ئــۆگىنىش داۋامــدا ئۇنــى ئەمەلىيەتتىــن ئۆتكۈزۈشــكە ئىنتىلىدىغان، ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن بــېرىلگەن مەڭگۈلــۈك تارتۇقتىــن ھەرگىــز ئۆكۈنمەيــدىغانلار ... شــۇنداق كىــشىلەردۇركى، ئــۇلار جەمئىيەتنىكى مۇقەددەس مۇناســىۋەتلەرگە ھــۆرمەت بىلدۈرەلەيــدۇ؛ قېرىنداشلىرىغا مېھرىنى بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، ســۆيىدە ئاقىدۇ؛ قانۇنغا ئېھتىيات بىلەن ئەمەل قىلىــپ، قــانۇن چىقــارغۇچىلار بىلەن قانۇن ئىجراچىلىرىغا بويــسۇنىدۇ؛ نۇقــسان ۋە بــالا ـ قازانــى تۈگىتەلەيدىغان، توسۇيالايدىغان، ئەڭ بولمىغانــدا يېنىكلىتەلەيــدىغان ئاق كۆڭۈل ۋە دانا پادىشاھنىڭ قەدرىنى قىلىدۇ(ئۇنداق نۇقــسان ۋە بالا ـ قــازالار ھەر زامــان مەۋجۇتكــى، بىزنــى ھەر قاچــان بەربــات قىلىۋېتەلەيدۇ)؛ لاياقەتلىــك مەنــسەپدارلارنى ۋەزىپىــسىنىڭ بۇيــۈك، مەجبۇرىيىتىنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا دادىــل ۋە لىللا دالالەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارغــا ئىلھــام بەخــش ئېتەلەيــدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





هالبۇكى، ئاساسىي قانۇننىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش نۇرغۇنلىغان مۆھتەرەم زاتنىڭ ھىممەت ـ ياردىمىگە باغلىق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەنسەپدارلار ھە دېسىلا ئاساسىي قانۇنغا سەل قارايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنداق مۆھتەرەم زاتلار ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئۇلار ھەرقانچە ئىجتىھات كۆرسەتسىمۇ، ئاساسىي قانۇن پەيدا قىلغان ئەمەلىي زىيان ـ زەخمەت يۈزەكى نەپ ـ مەنپەئەتتىن ئېشىپ كېتىدۇ.

(J) ئۆزىمىز بىلىدىغان تارىخشۇناسلارنى ياكى سەيياھلارنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئاخىر ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن بەكلا پەرقلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. مىسالەن، بەزىلىرىنىڭ ئۆڭى قارا، بەزىلىرىنىڭ ئاق، يەنە بەزىلىرىنىڭ قىزغۇچ كېلىدىكەن؛ بەزىلىرى ئۇزۇن چاچ، بەزىلىرى قىسقا بۇدۇر چاچ قويىدىكەن، بەزىلىرىنىڭ چېچى پۈتۈن بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىكەن، ئەمما بەزىلىرىگە ھەتتا ساقال ـ بۇرۇتمۇ چىقمايدىكەن. ئىلگىرى ئۆتكەن بوي ـ بەستى پەۋقۇلئاددە ئېگىز مىللەتلەر ئېھتىمال ھازىرمۇ باردۇ. پىگمېلار* ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئېھتىمال مۇبالىغە بولۇشى مۇمكىن. لاپلاندلار**نى ئوبدان بىلىمىز، بولۇپمۇ گىرېنلاندلار***نىڭ بوي ـ بەستى ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە بويىدىن پاكار كېلىدۇ. بەزىلەر ھەتتا: ”گىرېنلاندلارنىڭ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭكىدەك قۇيرۇقى بار“ دېيىشىدۇ. ھېرودوت بىلەن كودگارزىنىڭ يازمىلىرىغا قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئاشۇ يازمىلاردىن رېئاللىققا

---

* نېگىر ـ ئاۋستىرالىيان ئىرقىغا تەۋە بىر قوۋم بولۇپ، ئوتتۇرا ئافرىقا، ئانداامان تاقىم ئاراللىرى، مالاي تاقىم ئاراللىرى، فىلىپپىن ۋە ئوكيانىيەدىكى بەزى ئاراللارغا ئولتۇراقلاشقان؛ نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان پىگمېلار سەككىز ياشتىلا بالاغەتكە يېتىپ توي قىلىدۇ؛ بەزىلەر ھەتتا: ”پىگمېلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى يېسە ئادەمنىڭ تەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ“ دەپ قارايدىكەن. بۇ پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ. بەيدۇ توردىن ئېلىندى ــ تەرجىماندىن.

** لاپلاند ئارىلىدىكى يەرلىك مىللەت؛ ئاسىيالىقلارغا ناھايىتى ئوخشايدىغان لاپلاندلارنىڭ بويى پاكار. ئۆڭى قوڭۇر، چېچى قويۇق، قارا كېلىدۇ؛ لاپلاند ئارىلىدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئىنساننىڭ ئىزى تېپىلغانىمىش؛ بەزى لاپلاندلارنى ئاسىيادىن كۆچۈپ بارغان دېيىشىدۇ. ــ بەيدۇ توردىن ئېلىندى ــ تەرجىماندىن.

*** گىرېنلاند ــ دانىيەدىكى بىر ئارالنىڭ نامى ــ بەيدۇ توردىن ئېلىندى ــ تەرجىماندىن.





يېقىنلىشالايدىغان يەكۈننى چىقىرالايمىز. مەسىلەن، يىراق قەدىمكى زامان تارىخىنى راۋرۇس تەتقىق قىلىپ باققانلار، ئادەتتە شۇ دەۋردىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ھازىرقى مىللەتلەردىن بەكلا پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. كىشىلەر ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەن شەكلى ۋە تەن قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى پەرقلىرىدىن ھەيرانۇھەس قېلىشىدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنازىرە كەتمەيدىغان جانلىق پاكىتلاردۇر. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى شەيئىلەرگە يۈزەكى نەزەر تاشلاپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، مۇھىت، ھاۋا، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى پەرقلەر ۋە ئاشۇ پەرقلەرنىڭ ئۇزاق زامانلار مابەينىدىكى ئىزچىل تەسىرى ھاسىل قىلغان ھەيران قىلارلىق نەتىجىلەرگە سەل قارايدىغانلار ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. دەۋرىمىزدىكى سودا، سەيلە-ساياھەت ئىشلىرى ۋە ھۆكۈمەت ھەرقايسى مىللەتلەرنى چەمبەرچاس باغلىۋەتتى؛ يەنە كېلىپ دىدار مۇلاقاتنىڭ قويۇقلىشىپ بېرىشى بىلەن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مىللەتلەر ئارا پەرقنىڭ ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. مەسىلەن، ھازىرقى فرانسۇزلار لاتىن تارىخشۇناسلارنىڭ قەلىمىدىكى بەستلىك، ئۆڭى قاردەك ئاق، سېرىق چاچ، بېشىل كۆز ”فرانسۇزلار“غا ئانچە ئوخشىمايدۇ. فرانكلار*نىڭ رىملىقلار بىلەن بولغان قويۇق باردى-كەلدىسى مابەينىدە، ئىقلىم ئاملى ئۇلارنىڭ تەبىئىي تەن ساپاسى ۋە ئۆڭىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. فرانكلار بىلەن نورماندىيىلىقلارنىڭ شالغۇتلىشىشى فرانكلارنىڭ شۇ ھالىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدە ئازدۇر-كۆپتۇر رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى تەن ساپاسى ۋە ئۆڭى كەلمەسكە كەتتى. مىڭلىغان-

* 5-ئەسىردە غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىگە بېسىپ كىرگەن گېرمان مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرى غەربىي ياۋروپادىكى ئەڭ بۈيۈك خىرىستىيان ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ چىققان؛ ئۇلار ئەينى زاماندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار ھازىرقى فرانسىيە ۋە گېرمانىيە زېمىنلىرىغا توغرا كېلىدۇ، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





مىليونلىغان يىرتقۇچلاردا كۆرۈلىدىغان، شۇنداقلا ئىنسانلار ئارىسىدا كۆرۈلۈپ بولغان ئۆزگىرىشلەر خۇسۇسىدىكى كۆزىتىشلەردىن سەيياھلارنىڭ يازمىلىرىدىكى ئادەمزاتقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان خىلمۇ خىل ھايۋانلارنى ھەقىقىي ياۋايى ئادەملەر(بەدەۋى)مىكىن، دەپ قالدىم. مۇھىمى، ئۇ سەيياھلار ئاشۇ ياۋايى ئادەملەرنى ئىنچىكە كۆزەتمەي، ئۇلارنىڭ ئادەمزاتقا ئوخشمايدىغان يوقنىڭ ئورنىدىكى پەرقى ۋە تىلسىزلىقىغا قاراپلار، ئۇلارنى بەدەۋىلەر قاتارىغا ھەيدىۋەتكەن. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي بەدەۋىلەر ئەزەلدىن تارتىپلا ئورمانلىقلاردا تارقاق ياشاپ كەلگەچكە، ئۇلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار ئەسلىي ھالىتىدە تۇرۇپلا قالغان. بۇ جەھەتتىكى پىكرىمنى نۆۋەتتىكى نەقىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلاي:

«سەپەر خاتىرىلىرى»(旅行纪事汇编)نىڭ تەرجىمانى مۇنداق دەيدۇ: ”كىشلەر كونگو پادىشاھلىقىدا ناھايىتى ئېگىز بىر خىل ھايۋاننى كۆپ ئۇچرىتىپتىمىش؛ ھەم ئادەمگە، ھەم مايمۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇ ھايۋان شەرقىي ھىندىستاندا ’ئورانگۇتان‘(奥朗－乌当) دەپ ئاتىلىدىكەن.“ بۇ تىلىرنىڭ بايان قىلىشىچە، لوئانگو*پادىشاھلىقىدىكى ئورمانلىقتا كىشلەر ئىككى خىل مەخلۇقنى بايقىغانىكەن: ئۇ مەخلۇقلارنىڭ بىر خىلى بەسىلىك، يەنە بىر خىلى ۋىجىك ئىمىش. بەسىلىكرەكىنىڭ بوي-بەستى ئېگىز ھەم تەمبەل، كۆز چانىقى زىيادە چوڭقۇر بولغىنى بىلەن، تەق-تۇرقى، بولۇپمۇ يۈزى ئادەمزاتنىڭكىگە قۇيۇپ-قويغاندەك ئوخشارمىش. قولى، يۈزى ۋە قۇلاقلىرى تۈكسىز، ئەمما كىرپىكلىرى ناھايىتى ئۇزۇنمىش. بەدىنىنىڭ قالغان قىسمىنى قوڭۇر ئەمما شالاڭ تۈك يېپىپ تۇرارمىش. ئۇ مەخلۇقنىڭ ئادەمزاتقا ئوخشاشمايدىغان بىردىنبىر پەرقى — پۇتىدا پاقالچاق سۆڭىكى يوقمىش. ئۆرە ماڭالىغاندىن باشقا، يەنە گەجگىسىدىكى كوكۇلىسىنى

* ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرىكى پادىشاھلىق بولۇپ، پايتەختى ھازىرقى كونگو جۇمھۇرىيىتى چېگراسى ئىچىدە ئىدى. بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

قاماللاپ تۇتالايمىش؛ ئورمانلىقلاردا ياشاپ، يامغۇر - يېشىندىن دالدىلىنىش ئۈچۈن دەرەخ شېخىغا تىكىۋالغان كەپىسىدە ئۇخلايمىش. ئەزەلدىن گۆش يېمەيدىغان بۇ مەخلۇق مېۋە - چېۋە ۋە دان - مېغىزلار بىلەن جان ساقلارمىش. كېچىلىرى ئورمانلىقلاردىن ئۆتكەندە گۈلخان يېقىشقا ئادەتلەنگەن قارا تەنلىكلەرنىڭ بايقىشىچە، ھېلىقى گىگانت مەخلۇق قارا تەنلىكلەر كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ياققان گۈلخاننى چۆرىدەپ تاكى ئوت ئۆچكىچە ئولتۇرارمىش. ئۇ مەخلۇق گەرچە ناھايىتى ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئەمما ئوتقا ئوتۇن سالسا داۋاملىق كۆيىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالمىغاچقا، گۈلخاننىڭ ئوتى ئۆچكەندىن كېيىن كېتىپ قالارمىش.

”ئۇ مەخلۇق گاھىدا توپلىشىپ كېتىۋاتقاندا ئورمانلىقتا ئالدىغا ئۇچراپ قالغان قارا تەنلىكلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمىش. بەزىدە ھەتتا ئۆيچۆرىسىدە ئوتلاپ يۈرگەن پىللارغا توپلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ، پىللارنى مۇشتلاپ ۋە كالتەكلەپ يۈرۈپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئاخىر قاچۇرۇۋېتەرمىش. ئۇ مەخلۇق پەقەتلا تىرىك قولغا چۈشۈپ قالمايمىش. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى يوغان ۋە قاۋۇل بولغاچقا ئۇنىڭغا ھەتتا ئون ئادەممۇ تەڭ كېلەلمەيمىش. ئەمما، ئۇ مەخلۇقنىڭ بالىلىرى ئانىسىنىڭ تېنىگە مەھكەم چاپلىشىپ ياشايدىغان بولغاچقا، ئافرىقىلىقلار ئاشۇ گىگانت مەخلۇقنىڭ چىشىسىدىن بىرەرنى ئوۋلىۋالسا، ئۇنىڭ بالىلىرىدىن بىر مۇنچىنى قولغا چۈشۈرۈۋالالايدىكەن. ئاشۇ مەخلۇقتىن بىرەرسى ئۆلۈپ كەتسە، قالغانلىرى كېلىپ جەسەتنى شاخ - شۇمبىلاردا بېپىپ قويارمىش.“ ساموئېل پۇرچاس* بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ”بۇتلېرنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى گىگانت مەخلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قارا تەنلىك بالىدىن بىرنى تۇتۇۋاپتۇ؛ ئۇ بالا ئاشۇ مەخلۇقلارنىڭ

* ساموئېل پۇرچاس(1577 ~ 1626) ئەنگلىيە ئېپىسكوپلۇقىنىڭ باستىرى،ساياھەت ۋە ئېكسپېدىتسىيەگە ئائىت ئەسەرلەرنى تۈزگۈچى؛ ئۇنىڭ تۆت توملۇق «پۇرچاس ساياھەتنامىلىرى» ناملىق ئەسىرى ئەنگلىيەنىڭ ئەينى زاماندىكى رومانتىك يازغۇچى ۋە شائىرلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. بەيدۇ توربېتىدىن ئېلىندى ـــ تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com





ئارىسىدا تويتوغرا بىر ئاي ياشاپتۇ؛ ئاشۇ بالىنىڭ بايقىشىچە، ئۇ مەخلۇقلار قولىغا چۈشۈپ قالغان ئادەم ئۇلارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىمىسىلا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزمەيدىكەن.“ بۇ تىلىپرىنىڭ يازمىلىرىدا يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان پاكىنەك مەخلۇق ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن.

دابائىل(达拜尔) شۇنداق دېگەنىكەن: ”كونگو پادىشاھلىقىنىڭ ھەممىلا يېرىدە شەرقىي ھىندىستاندا ’ئورمان بەندىلىرى‘ دېگەن مەنىدە ’ئورانگۇتان‘ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ھايۋاننى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇ ھايۋان ئافرىقىدا ’گورگىياس ـ مورروس‘(果加斯 ـ 莫罗斯) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مەخلۇق ئادەمزاتقا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. شۇڭا، بەزى سەيياھلار ئۇنى مايمۇندىن تۆرەلگەن شالغۇت ئادەم، دەپ قارايدىكەن. ئەمما، بۇ بىمەنە گەپكە ھەتتا قارا تەنلىكلەرمۇ قارشى. كىشىلەر ئىلگىرى ئاشۇنداق مەخلۇقتىن بىرنى كونگودىن گوللاندىيەگە ئاپىرىپ، پادىشاھ فرېدېرىك ھېنرىغا تارتۇق قىلغانىكەن. ئۇ مەخلۇقنىڭ بوي ـ بەستى ئۈچ ياشلىق بالىلارنىڭكىدەك كېلىدىكەن؛ دوغىلاق بولمىغىنى بىلەن ھەم تورگۇن، ھەم تۈيغۇنمىش؛ تەن ئەزالىرى يارىشىملىق كەلگەن بۇ مەخلۇقنىڭ پۇت مۇسكۇللىرى تولغان ۋە قاۋۇلمىش؛ مەيدىسى تاقىر، ئەمما دۈمبىسىنى قاپقارا تۈك باسقانمىش. قارىماققا چىراي ـ تۇرقى ئادەمگىلا ئوخشايدىغان بۇ مەخلۇقنىڭ بۇرنى ھەم پاناق ھەم، مايماقمىش؛ چىشلىرىنىڭ كۆكسى ناھايىتى يوغان بولۇپ، كىندىكى چوڭقۇر، مۇرىلىرى پەس، قول بارماقلىرى ئېنىق ئايرىلغانمىش؛ پاقالچىقى بىلەن ئۆكچىسى تولغان ۋە مەزمۇتمىش. ئۇ ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭالىغاندىن باشقا، ناھايىتى ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ توشۇيالايمىش. سۇ ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغاندىن كېيىن، ئەدەپ بىلەن جاۋغىيىنى ئېرتىشنى بىلەرمىش. ئۇخلايدىغان چېغىدا بېشىنى تەكيىگە ئوخشاش ئېگىزرەك نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۈستىگە يېپىنچىسىنى ئاستا يېپىپ، خۇددى كارىۋاتتا





ياتقاندەك ئۇخلارمىش. قارا تەنلىكلەرنىڭ بۇنداق مەخلۇق ھەققىدە ئاجايىپ رىۋايەتلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مەخلۇق ئايال زاتىغا زورلۇق قىلىپلا قالماي، ھەتتا تولۇق قوراللانغان ئەرلەرگىمۇ ئېتىلارمىش. قىسقىسى، ئۇ مەخلۇقنى بۇرۇنقىلار ئېيتقان 'يېرىمى ئادەمگە، يېرىمى ھايۋانغا ئوخشايدىغان ئورمان ئىلاھى' دەپ جەزملەشكە بولىدۇ. مېلورا*نىڭ ئېيتىشىچە، قارا تەنلىك ئوۋچىلار گاھىدا ئەر-ئايال ياۋايى ئادەملەرنى تۇتۇۋالارمىشكەن. ئاشۇ ياۋايى ئادەملەر دەل يۇقىرىقى مەخلۇق بولۇشى مۇمكىن."

«سەپەر خاتىرىلىرى»نىڭ ئۈچىنچى جىلدىدا ئەركىكى "Buger" (贝果)، چىشىسى "Mandlier"(曼德利尔) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئادەمسىياق ھايۋان تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما، ناۋادا ئاشۇنداق يازمىلاردىكى نەقىللەرگە ئىشەنسەك، ئۇ ھالدا ئاشۇ ئادەمسىياق ھايۋانلار غەلىتە مەخلۇق سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بايانلاردىن ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ ئادەمزاتقا قۇيۇپ قويغاندەك، ھەتتا ئايرىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئوخشايدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇ يازمىلاردىن ئاپتورنىڭ ئاشۇ ئادەمسىياق ھايۋاننى نېمە ئۈچۈن "ياۋايى ئادەم"(بەدەۋىلەر) دەپ ئاتىغانلىقىنى ئاڭقىرالمىساقمۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئاشۇ ئادەمسىياق ھايۋاننىڭ نادان ۋە تىلسىزلىقى سەۋەب بولغانلىقىنى جەزم قىلالايمىز. ئەمما، ئۇ مەخلۇقنى تىلسىزلىقى ۋەجىدىنلا ئىنسانلار قاتارىدىن چىقىرىپ تاشلاشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. چۈنكى، ئادەمزاتنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى ئادەم بىلەن تەڭ يارالغان بولسىمۇ، ئەمما سۆزلەش ئىقتىدارى تۇغما ئەمەس. يەنى، مەدەنىيلەرنىڭ ئەسلىيىتى ئاساسىدىكى تاكامۇللۇقى ئۇزاق زامانلار مابەينىدىكى تاۋلىنىش ئارقىلىق روياپقا چىققان. دېمەك، بۇ قىسقىغىنا

* مېلورا (Melora) ئىتالىيەلىك مىسسيونېر، ئۇنىڭ 1682-يىلى يازغان «كونگوغا سەپەر» ناملىق ئەسىرى «سەپەر خاتىرىلىرى»نىڭ 12-جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن. بەيدۇ توربېتىدىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







تەھلىلي بايانلاردىن ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ ئادەمسىياق ھايۋانلارغا كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا نەزەر تاشلاپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئۇلارنى ئىنچىكە كۆزەتمىگەنلىكىنى جەزملىيەلەيمىز. مىسالەن، كىشىلەر ئاشۇ ھايۋانىنىڭ ئەۋلاد قالدۇرالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئەينى چاغدىلا غەلىتە مەخلۇق قاتارىغا ھەيدىۋەتكەندى. يەنە بىر يازمىدا سامۇئېل پۇرچاسنىڭ: ”ئۇ ياۋايىلار قولىغا چۈشۈپ قالغان قارا تەنلىكلەر تىكىلىپ قارىمىسىلا، ئۇلارغا ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزمەيدىكەن“ دېگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان گىگانت مەخلۇقنىڭ قارا تەنلىكلەر ياققان گۈلخاننىڭ قالدۇقىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئوت تامامەن ئۆچكەندىن كېيىن، ئاندىن كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت كۆزەتكۈچىلەرنىڭ يازمىلىرىدا مۇنداق تەھلىل قىلىنىدۇ: ”ئۇ مەخلۇق گەرچە ناھايىتى تۈيغۇن بولسىمۇ، ئەمما ئوتقا ئوتۇن تاشلىسا داۋاملىق كۆيىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم ئىكەن.“ ئىسىت، چۈشەنسەم ئىدىم: بوتىلىر بىلەن سامۇئېل پۇرچاس گىگانت مەخلۇقنىڭ گۈلخان ئۆچكەندىن كېيىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، بەلكى گالۋاڭلىقى ۋەجىدىن كېتىپ قالىدىغانلىقىنى زادى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ لوئانگودىكى جانلىقلار ئۈچۈن ئوتنىڭ دېگەندەك زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. شۇڭا، قارا تەنلىكلەرنىڭ گۈلخان يېقىشى ئىسسىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يىرتقۇچلارنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈن. شۇڭا، گىگانت مەخلۇقنىڭ گۈلخاننىڭ ئوتى ئۆچكەن ھامان كېتىپ قالىدىغانلىقىنى مۇنداق چۈشىنىش مۇمكىن: ئۇلار گۈلخاننىڭ ئوتىنى بىردەم تاماشا قىلغاندىن ياكى ئوتنىڭ تەپتىدە ئىسسىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشتىن زېرىكىپ، ئوزۇق-تۈلۈك ئىزدەش ئۈچۈن باشقا ياققا يول ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار گۆشخور بولمىغاچقا، قارنى تويغۇدەك بىر نەرسە تېپىپ يېيىشكە ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەمزاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جانلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك







تۇغما يالقاۋ كېلىدۇ. شۇڭا، ئــانچە زوررۇرىيــتى بولمىغــان ئىــشلارغا ھەرگىز دىققەت قىلمايدۇ. ئاخىردا شۇنداق سوراپ باققۇلۇق: چېۋەر- چاققانلىقى ۋە كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن شۆھرەتلىك گىگانت مەخلۇقنىڭ ئۆلۈپ كەتــكەن نەسلىداشــلىرىنى كۆمۈشــنى، دەرەخ شــېخىغا كەپە تىكىشنى بىلگەن يەردە، ئوتقا ئوتۇن سېلىشنى بىلمەسلىكى ناھايىتــى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئىلگىرى مايمۇننىڭ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوتۇن تاشلىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. بۇ بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە گىگانت مەخلۇقنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش. دۇرۇس، ئۇ چــاغلاردا بۇ مەسىلىگە بەك دىققەت قىلىپ كېتەلمىگەنلىكىــم ئۈچــۈن، ئــۆزۈم كايىغان سەيياھلارنىڭكىگە ئوخشاش سەۋەنلىكنى سادىر قىلغانىكەنمەن. جۈملىدىن، مايمۇننىڭ كۆيۈۋاتقان ئوتقــا ئوتــۇن تاشلىــشى ئوتنــى ئۆلغايتىش ئۈچۈنمۇ ياكى مەن ئويلىغاندەك ئادەمزاتنى دورىغانلىقمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە راستىنلا سەل قارىغــانىكەنمەن. ئەممــا، قانداقــلا بولمىسۇن، مايمۇننىڭ تىلسىزلىقى ۋەجىدىن ئەمەس، بەلكى ئادەمزاتقا خاس خۇسۇسىيەت ــ ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۇرۇش ئىقتىدارىنــى ھازىرلىيالمىغانلىقى ئۈچــۈن، ئــادەمزات نەســلىگە ياتمايدىغانلىقىنــى تولۇق ئىسپاتلىدۇق. گىگانت مەخلۇق بىلەن ئورانگۇتــان ئۈســتىدە تەپــسىلىي تەجــرىبە ئېلىــپ بارمىغــانلىقىمىز ئۈچــۈن، ئۇلارغــا مۇناسىۋەتلىك پاكىتلاردىن بۇرۇنقىغا ئوخشاشــلا يەكــۈن چىقىرىمــز، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، ئەگەرچەندە ئورانگۇتــان ۋە شــۇنىڭغا ئوخــشاش بەزى ھايۋانلار راستىنلا ئادەمزات نەسلىگە تەۋە بولغان بولسا، ئۇنــى ھەتتــا ئەڭ بــېپەرۋا كۆزەتكۈچىمــۇ دەلىــل- ئىــسپاتلار بىــلەن تەھقىقلىيەلىگەن بولاتتى. گەرچە گىگانت مەخلۇق بىلەن ئورانگۇتــان ئۈستىدىكى تەپسىلىي تەجرىبىگە ئامال تېپىلىدۇ دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئــۇ بىــرەر ئەۋلاد ئادەمنىــڭ تىرىــشچانلىقى بىــلەن تاماملىنىــدىغان تەجــرىبىلەردىن بولمىغــىنى ئۈچــۈن، كىــشىلەر ئۇنــى ”مۇمكىــن بولمايدىغان ئىش“ دەپ ھېسابلاشماقتا. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى قاراشــلار





تەجرىبىلەردە ئىسپاتلىنىشتىن ئىلگىرى، پەقەت پاكىتلىق تەھقىقلەردىن مۇستەسنا قىياسەن پىكىرلەرنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە مەجبۇرمىز. شۇڭىمىسى، بۇ چارە باشقىلارنىڭ دەۋا ـ شىكايەتلىرىدىن ساقلىنىشقا پايدىلىق بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن مۈشكۈل.

يەڭگىلتەكلىك بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈم مەدەنىيەت ۋە ئەقلىيەتنىڭ مەھسۇللىرىدىن بولمىغىنى ئۈچۈن، ئادەمنى ئاسانلا رادىكاللاردىن قىلىپ قويىدۇ. سەيياھلىرىمىز ئوخشاش بىر خىل ھايۋاننى قارىسىغىلا يىرتقۇچلاردىن ھېسابلاپ، ئۇنى قانداقتۇر ”گىگانت مەخلۇق“، ”ماندرىلىر“، ”ئورانگۇتان“ دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاشتى. ئەمما، قەدىمكىلەر ئۇنى ئىلاھ ھېسابلاپ، ”ئادەمسىياق ئىلاھىي ھايۋان“، ”دالا ئىلاھى“، ”ئورمان ئىلاھى“ دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغانىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئىنچىكە تەتقىقاتلار ئارقىلىق بايقاپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. دېمەك، بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشتىن ئىلگىرى، مىنىڭچە مۇناخ مېھروترانىڭ پىكىر ـ قاراشلىرىغا ئىشەنسەك بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئوبدان تەربىيە كۆرگەن شاھىد، خالاس. ئەمما، ئۇ ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىمۇ، پۈتۈن دۇنيانى كېزىپ چىققىنى يوق. شۇڭا، مىنىڭچە يەنە بۇتلېر، دابائىل، پۇرچاس قاتارلىق سودىگەرلەر ۋە بۇ ھەقتە كىتاب يېزىپ باققانلارنىڭ گەپلىرىگىمۇ سەل قارىمىغۇلۇق.

ئويلاپ كۆرەيلى، ئۇنداق كۆزەتكۈچىلەر يۇقىرىقى بايانلىرىمىدىكى 1694 ـ يىلى بايقالغان ھىلىقى بالا ھەققىدە قانداق يەكۈن چىقىرار بولغىيدى؟ چۈنكى، تۆت پۇتلاپ ماڭىدىغان، ئەقىل ـ ئىدراكتىن ئەسەرمۇ يوق ئۇ تىلسىز بالىنىڭ ئۇنى ئادەمزاتنىڭ ئاۋازىغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. ئەمدى پەيلاسوپ كاندىلارك(Candylark)نىڭ تەسۋىرىگە ئاساسلىنىپ تۆۋەندىكىدەك قىياس قىلىمىز: ئۇ بالا ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىغاندىن باشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ تىلى چىققاندا كىشىلەر ئۇنىڭدىن







ئەينى چاغدىكى ئەھۋالاتلارنى سوراپ بېقىۋىدى، ئۇ ھېچنېمىنى ئەسكە ئالالمىدى. بۇ گويا ئادەملەرنىڭ بۆشۈكتىكى چاغلىرىنى ئەسكە ئالالمىغىنىدەك بىر ئىش ئىدى. ناۋادا ئۇ بالا پېشانىسى شور كېلىپ سەيياھلىرىمىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا ئىدى، شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئۇ چاغدا سەيياھلار ئاشۇ ئولجا بالىنىڭ جىمغۇر ۋە نادان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئورمانلىققا ئاپىرىپ قويۇۋەتكەن ياكى ھايۋاناتلار باغچىسىغا سولاپ قويغان بولاتتى. ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق گەپلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بايانلىرىنىڭ قاش-كۆزلىرىنى يەنىمۇ بوياپ، ھېلىقى بالىنى ئادەمگە سەل-پەل ئوخشايدىغان غەلىتە مەخلۇق، دەپ ئاتىغان بولاتتى.

ئىككى يۈز يىلدىن بۇيان، ياۋروپالىقلار دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى كېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوكيان سەپىرى ۋە سەيلە-ساياھەتلىرى ھەققىدە يېڭى-يېڭى كىتاب-ژۇرناللارنى چىقاردى. ئەمما، مېنىڭچە ئۇنداق كىتاب-ژۇرناللارنى ياۋروپالىقلاردىن ئۆزگە ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرغىچە ھەتتا ئوقۇمۇشلۇقلار ئارىسىدىمۇ ئادەمنى كۈلكىگە قىستايدىغان بىر تەرەپلىمە پىكىر-قاراشلار ساقلىنىۋاتقانلىقى سەۋەبلىك، يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ”ئىنسانلار ئۈستىدە تەتقىقات“ دېگەن قالپاق ئاستىدا ئۆز ئېلىنىڭلا ئادەملىرى ھەققىدە گەپ ساتىدىغان بولۇپ كەتتى. كىشىلەر بىھۇدە باردى-كەلدىلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما پەلسەپە ئۇنداق ”سەيياھلىق“تىن مەھرۇم قالغاچقا، ماۋۇ ئەلنىڭ پەلسەپەسى يەنە بىر ئەلدە ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەرقايسى ئەللەر پەلسەپەلىرى ئارىسىدىكى مۇلاقات قەھەتچىلىكىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى روشەن. ئەڭ بولمىغاندا ئارىلىقى يىراق ئەللەر ئارىسىدا شۇنداق. چۈنكى، دېڭىزچى، سودىگەر، لەشكەر ۋە مىسسىيونېرلاردىن باشقىلار ئاساسەن ئۇزاققا سەپەر قىلمايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى ئۈچ خىل كىشىدىن ئۆتكۈر كۆزلۈك كۆزەتكۈچى



چىقارمىكىن دەپ ئۈمىد كۈتكىلىمۇ بولمايدۇ. تۆتىنچى خىلى، يەنى مىسسىيونېرلار گەرچە باشقىلاردەك ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى زىيادە پەش قىلىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن زىممىسىگە ئالغان مۇقەددەس ئىشقا ئۆزىنى ئاتىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتقا پەقەتلا ھېرىسمەنلىك ۋەجىدىن كىرىشىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى جەزملىيەلەيمىز. چۈنكى، ئۇنداق تەتقىقات مىسسىيونېرلارنىڭ زېھىن-زەكىيسىنى ئۆزلىرى ئىخلاسەن تاللىغان ئۇلۇغۋار ئىشتىن باشقا ياققا بۇرىۋېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دىن تارقىتىشتا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن پەرۋەردىگار ھىممەت قىلغان باشقا پەزىللەر بولسىلا كۇپايە. ئەمما، پەرۋەردىگار ھەممىلا ئادەمنى تەتقىقاتچىلارغا خاس ئەقىل-پاراسەتتىن بەھرىمەن قىلغان ئەمەس. يەنە كېلىپ ھەرقانداق ساياھەت خاتىرىسىدىن ئۆرپ-ئادەتكە ئالاقىدار تەسۋىرلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئەمما، ھەيران قالارلىق يېرى، ئۆرپ-ئادەتنى تەسۋىرلىگەن شۇنچىۋالا ئاپتورنىڭ بىزگە دەپ بېرەلىگىنى پەقەت ئۇلار ئىلغا قىلالىغان نەرسىلەر ياكى مەھەللىدىن چىقماي تۇرۇپمۇ كۆزگە چېلىقتۇرالايدىغان نەرسىلەردۇر. مىللەتلەرنىڭ ھەممىگە ئايان ھەقىقىي خاسلىقلىرى ھە دېسىلا ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولۇپ كەتتى. شۇ ۋەجىدىن پەيلاسوپلار ئېتىكىغا ياتىدىغان مۇنداق بىر ھېكمەتلىك باياننى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ: "مەيلى قايەرنىڭ ئادىمى بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش، چۈنكى ئۇلار شەھۋەت ۋە رەزىللىك جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى بىلەن پەرقسىزدۇر؛ شۇڭا، مىللەتلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان خاسلىقنى تاپىمەن دېيىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتۇر!" بۇ گەپنىڭ ئورۇنلۇق تەرىپىمۇ باردەك قىلىدۇ. چۈنكى، پېتېر(Peter) بىلەن يائاك(Yaak) بۇرنى بىر، ئاغزى بىر ۋە كۆزى ئىككى يارىتىلغانلىقى بىلەن پەرقسىز.

ئەجەبا، ئاشۇ بەختىيار زامان قايتا ھازىر بولماسمۇ؟ ھەيھات! ئاشۇ زامانلاردا كىشىلەر پەلسەپەنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە زىغىرلاپ





كەتمىگىنى بىلەن، ئەپلاتون، تالېس* ۋە پىفاگور**دەك زاتلار ئىلىم ئىشقىنىڭ تۈرتكىسىدە تەلىم ئېلىش ۋە مىللىي ئاداۋەتنىڭ چۈشەكلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ئالەمنى كەزگەنىدى؛ ئۇلار ئىنسانىيەتنى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەرنى كۆزىتىش ئارقىلىق چۈشەنگەنىدى؛ ئۇلارنىڭ تەھسىل قىلغىنى دەۋر ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن ھالقىغان، ھەرقانداق دەۋر ۋە ماكانغا باب كېلىدىغان بىلىم ئىدى، شۇنداقلا دانىشلارنىڭ ھەرقاندىقى بىلمىسە بولمايدىغان تەبىئىي پەن بىلىملىرى ئىدى.

ھېرىسمەنلىكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تاغدەك دەپى - دۇنيانىڭ مېھرىدىن كېچىپ، ئالىم ياكى رەسساملارنى مەشرىق سەپىرىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك باشلىغان زاتلارغا ئاپىرىن! ئۇ زاتلارنىڭ نىشانى ئاشۇ يەردىكى خارابىلىكلەرنى تەقلىدەن سىزىۋېلىش ياكى ئابىدىلەردىكى پۈتۈكلەرنى ئوقۇپ پەرقلەندۈرۈش، كۆچۈرۈۋېلىش ئىدى. ئەمما، ئادەملەر بىلىمى بىلەن ماختىنىدىغان بۈگۈنكى دەۋردە مۇنداق ئىككى خىل ئادەمنىڭ بىر - بىرىگە راۋرۇس ماسلىشالمايۋاتقانلىقىدىن ھەيرانمەن. ئۇلارنىڭ بىرى، مال - دۇنيا ساھىبى؛ يەنە بىرى، ئىلىم -

---

* تالېس (مىلادىيەدىن بۇرۇن 624 ~ 547) غەرب پەلسەپە تارىخىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان يۇنان پەيلاسوپى. ئۇ ئاسترونومىيە ئۇستىدىكى تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا مىلادىيەدىن بۇرۇن 585 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى بىر قېتىملىق كۈن تۇتۇلۇشىنى بېشارەت بەرگەنىكەن. قەدىمكى مىسىرنىڭ يەر ئۆلچەش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان تۇنجى يۇنانلىق بولمىش تالېس يۇنان گېئومېترىيەسىگە ئاساس سالغان. بەيدۇ توردىن ئېلىندى ـــ تەرجىماندىن.

** پىفاگور (مىلادىيەدىن بۇرۇن 572 ~ 497) قەدىمكى يۇناندا ئۆتكەن ماتېماتىك ۋە پەيلاسوپ. ئۇ دەسلەپتە تەبىئىي پەن ۋە پەلسەپە ئۆگىنىپ، كېيىن شەرق دۇنياسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن بەھرىلىنىش ئىستىكىدە بابىل، ھىندىستان ۋە مىسىر قاتارلىق ئەللەرنى كەزگەن ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن ھىندى مەدەنىيىتىدىن ئەنداز ئالغان. پىفاگور مۇنداق دەپ قارايدۇ: ”پۈتكۈل ئالەمدىكى بىرىنچى قائىدە بولمىش ‘1’ رەقىمى كۈللى جىسمىيەت ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئانىسىدۇر؛ زىتلىق ۋە ئىنكار پىرىنسىپى بولمىش ‘2’ رەقىمى پىكرىي تىرەنلىكنىڭ بەلگىسىدۇر: ‘3’ رەقىمى كۈللى شەيئىلەرنىڭ جىسمى ۋە شەكلىدىن بېشارەتتۇر: ھەققانىيەتنىڭ بەلگىسى بولمىش ‘4’ رەقىمى ئالەمنى ياراتقۇچىنىڭ سىمۋولىدۇر؛ ‘5’ رەقىمى تاق سان بىلەن جۈپ ساننىڭ ۋە ئەركەك بىلەن چىشىنىڭ بىرىكىشى شۇنداقلا نىكاھتىن بېشارەتتۇر؛ ‘6’ رەقىمى ئىلاھىي ھايات شۇنداقلا روھنىڭ بەلگىسىدۇر؛ ‘7’ رەقىمى پۇرسەتنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ”‘8’ رەقىمى ئىناقلىق، دوستلۇق ۋە سۆيگۈنىڭ سىمۋولىدۇر؛ ‘9’ رەقىمى ئەقلىيەت ۋە قۇدرەتنىڭ بېشارىتىدۇر؛ بارلىق رەقەمنىڭ بىرىكمىسى بولمىش ‘10’ رەقىمى پېتۈكلۈك(完满) ۋە ئەزگۈلۈكنىڭ ئالامىتىدۇر.“ بەيدۇ توردىن ئېلىندى ـــ تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com







ئېرپان ساھىبى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى شان-شەرەپكە ھېرىسمەن، ئۆچمەس نام قالدۇرۇشقا تەشنا بولغاچقا، قۇربان بېرىشتىن ئايانمايدۇ. جۈملىدىن، جاھان كېزىش ئۈچۈن ئۇلاردىن بىرى 20 مىڭ تەڭگە بىساتىنى، يەنە بىرى 10 يىل ۋاقتىنى قۇربان قىلدى. ئۇلارنىڭ سەپەر قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆسۈملۈك ۋە قىيا تاشلار خۇسۇسىدىكى تەتقىقاتىنى تەكرارلاش ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنى كۆزىتىپ ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى بىلىپ بېقىش ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار باشقىلار نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە ئاران ئېنىقلاپ دەڭسىگەن ئۆي-ئىمارەتنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەرگە كۆز تىكتى.

ياۋروپانىڭ شىمالى ۋە لاتىن ئامېرىكىسىنى كېزىپ باققان ئاكادېمىكلەر پەيلاسوپ ئىكەنلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى گېئومېترىك ئىكەنلىكى بىلەن ماختىنىدۇ. ئەمما، ئۇلار ھەم (几何学家) گېئومېترىك ھەم پەيلاسوپ ئىدى. شۇڭا، ر. گوندامون ۋە موبايىردوئىندەك ئالىملار كۆزىتىپ قەدەمگە ئالغان جايلارنى "ناتونۇش ماكان" دەۋەرمىسەكمۇ بولىدۇ. مىسالەن، ئەپلاتوندەك جاھان كەزگەن گۆھەرپۇرۇش چاردىن* پېرسىيە ھەققىدە تەپسىلىي ۋە تولۇق خاتىرە قالدۇرغانىدى. قارىغاندا نىستورىيانلار ھەتتا جۇڭگونىمۇ ئەتراپلىق كۆزىتىپ باققاندەك قىلىدۇ. كامفور**نىڭ ياپونىيە سەپىردە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىزگە بۇ ھەقتە ناھايىتى ئېنىق ئىدىيەۋى قاراشلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ پۈتۈكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز شەرقىي ھىندىستانلىقلار ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيمىز. چۈنكى، شەرقىي ھىندىستانغا بېرىپ تۇرغانلار پەقەت يانچۇقىنى تومىلاشتىن ئۆزگىگە قىزىقمايدىغان ھاماقەت ياۋروپالىقلاردىن ئىدى.

---

* چاردىن (1699 ~ 1779) «سكات بېلىقى» ناملىق بىر پارچە ئەسىرى بىلەن داڭ چىقارغان فىرانسىيەلىك رەسسام. بەيدۇ توربەتتىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

** كامفور(1651 ~ 1712) ئاسىيانى كېزىپ چىققان گېرمانىيەلىك دوختۇر، «ياپونىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تەبىئەت، مەدەنىيەت ۋە دىن تارىخى» ناملىق كىتابى بىلەن داڭ چىقارغان. بەيدۇ توربەتتىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

پۈتكۈل ئافرىقا ۋە ئۇ يەردىكى مەيلى مىجەز-خۇلۇق جەھەتتە بولسۇن، ياكى ئەت-ئۆڭ جەھەتتە بولسۇن روشەن خاسلىققا ئىگە ئاھالىلەر تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە. پۈتكۈل يەر شارىدا بىز ئىسمىدىن باشقىنى بىلىپ بولالمىغان مىللەتلەر سامانەدەك تۇرسىمۇ، ئەمما يەنە ئىنسانىيەت ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتىمىز. مونتېسكيۇ[a]، بوففون[b]، دىدېروت[c]، دۇكلوس[d]، دالېمبېرت[e] ۋە شۇلارغا ئوخشاش مەشھۇر زاتلار بولسا ئىدى، ئۇلار قېرىنداشلىرىنى تېخىمۇ نۇرغۇن ئىلىم-ئېرپاندىن بەھرىلەندۈرۈش ئۈچۈن دۇنيا كەزگەن، شۇنداقلا ئىمكانىيەتلىرىنىڭ بارىچە ئالدى بىلەن تۈركىيە، مىسىر، باربارى، ماراكەش ئىمپېرىيەسى، گۋىنىيە، كافىرى، ئافرىقىنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە شەرقىي قىرغىقى، مارابا، موغۇل ئىمپېرىيەسى، گانگ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى، سىيام پادىشاھلىقى[f]، بېيگۇ پادىشاھلىقى، ئاخۋا پادىشاھلىقى[g]، جۇڭگو ۋە تاتار ئىمپېرىيەسى، بولۇپمۇ ياپونىيە قاتارلىق ئەللەرنى، ئاندىن يەر شارىنىڭ يەنە بىر يۈزىدىكى مېكسىكا، پېرۇ، چىلى، ماگېللان بوغۇزى(پاتاگونىيەلىكلەرنىڭ ماكانى) قاتارلىق جايلارنى كېزىپ قەلەمگە ئالغان، ھەتتا پاراگۋاي، بىرازىلىيە، كىچىك ئانتىللېس تاقىم ئاراللىرى، فلورىدا يېرىم ئارىلى، شۇنىڭدەك بەدەۋى ماكانلارنىڭ ھەممىسىنى قېدىرىپ چىققان بولار ئىدى. مۇھىمى ئۇلار بارلىق سەپىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆرگەنلىرىنى ئىمكانىيەتلىرىنىڭ بارىچە

a مونتېسكيۇ (1689 ~ 1755) فىرانسىيەلىك مەشھۇر مەرىپەتچى مۇتەپەككۇر، قانۇنشۇناس ۋە سوتسىيولوگ. بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

b بوففون — فىرانسىيەلىك دېڭىزچى، 1739-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى بوففون ئارىلىنى تاپقان. بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

c دىدېروت (1713 ~ 1784) 18-ئەسىردە ئۆتكەن فىرانسىيەلىك ماتېرىيالىست پەيلاسوپ، ئېستېتىكشۇناس، ئەدىب شۇنداقلا فىرانسىيەدىكى تۇنجى «ئېنسىكلوپېدىيە»نىڭ تۈزگۈچىسى، بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

d دۇكلوس (1896 ~ 1975) فىرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى، شۇنداقلا سابىق باش سېكرېتارى، خەلقئارا ئىنتېرناتسىيونالنىڭ پائالىيەتچىسى. بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

e دالېمبېرت (1717 ~ 1783) فىرانسىيەلىك. بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

f تايلاندنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى بولۇپ، "تايلاند" دېگەن ئىسىم 1949-يىلى قويۇلغان. بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

g بېرمىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى. بەيدۇ توردىن ئېلىندى — تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





ئىنتايىن تەپسىلىي كۆزەتكەن بولاتتى. مۇبادا ئۇ يېڭى ئەزىمەتلەر ئاشۇ ئۇنتۇلماس سەپىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى كۆرگەن تەبىئەت دۇنياسى، ئېتىكا فورمىسى ۋە سىياسىي تارىخنى خاتىرىلەپ قويغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ قەلىمىدە يارالغان يېپيېڭى بىر دۇنيانى كۆرگەن، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيانى قانداق تونۇشنى ئۆگىنىۋالغان بولاتتۇق. ناۋادا ئۇ كۆزەتكۈچىلەر ئۇچراتقان ھايۋانلىرىنىڭ بىرىنى ئادەم، يەنە بىرىنى يىرتقۇچ، دەپ ئايرىغان بولسا، مېنىڭچە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولاتتۇق. ئەمما، ھېلىقىدەك بىپەرۋا سەيياھلارنىڭ دېگەنلىرىنى قوبۇل كۆرۈش، مېنىڭچە بەكلا گۆدەكلىك بولسا كېرەك. ئۇنداق سەيياھلاردىن گاھىدا ھەتتا: "سىلەر زادى ئادەمزاتمۇ، ئەمەسمۇ؟" دەپ سورىغۇم كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ سەيياھلارمۇ باشقا ھايۋانلاردىن ئاشۇنداق سوئالنى ئۆزىنى چاغلىمايلا سورايدىغانلاردۇر.

(K) مېنىڭچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى روشەن مەسىلە. پەيلاسوپلىرىمىزنىڭ بەدەۋىلەرگە يۈكلىگەن بارلىق شەھۋەتنى زادى نەدىن تاپقانلىقىغا ھەيرانمەن. بىزدىكى تەبىئەت دۇنياسى تەقەززا قىلغان فىزىيولوگىيەلىك تەلەپلەردىن باشقا ھەرقانداق ئېھتىياج ئادەت ياكى ئىستەكنىڭ مەھسۇلى(چۈنكى ھەرقانداق تەلەپنىڭ ئادەت بولۇپ شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى ئېھتىياج ياكى ئىستەككە ئايلىنالىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمگە ناتونۇش نەرسىنىڭ شۇ كىشىدە مەلۇم بىر ئىستەكنى ئويغىتالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس). شۇڭا بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىمىز: بەدەۋىلەر پەقەت ئۆزلىرى بىلىدىغان نەرسىلەرگىلا ئىنتىلىدۇ؛ يەنە كېلىپ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرى ئىگىدارلىق قىلالايدىغان ياكى ئاسان ئېرىشەلەيدىغان نەرسىلەرنىلا بىلىدۇ. دېمەك، بەدەۋىلەرنىڭ روھىدەك ئارامخۇدا، پىكرىدەك تار دۇنيا بولمىسا كېرەك.

(L) جون لوكنىڭ «ھۆكۈمەت نەزەرىيەسى» ناملىق ئەسىرىدە





باشقىچە بىر قاراشنى بايقاپ قالدىم. ئۇ توغرىدەك كۆرۈنىدىغان خاتا قاراش بولغاچقا، ئۇنى يەڭگىلتەكلىك بىلەن "بوپتۇلا" دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە رايىم بارمىدى. ئۇ پەيلاسوپ مۇنداق دەپتۇ: "ئەركەك بىلەن چىشىنىڭ جۈپلىشىشىدىن مەقسەت كۆپىيىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇرۇق ـ جەمەتنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەسلىك. شۇڭا، يات جىنسلىقلارنىڭ بىرگە ياشىشى بالىلىق بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ؛ جۈملىدىن، ئاز دېگەندىمۇ بالىلىرى ئەمچەكتىن ئايرىلىپ، ئۆز جېنىنى جان ئەتكۈدەك بولغۇچە داۋاملىشىدۇ. بۇ پاراستىتى چەكسىز پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى ياراتقان جانلىقلار ئۈچۈن ھىممەت قىلغان ھاياتلىق نىزامىدۇر. ئاددىي ھايۋانلارنىڭ بۇنداق ھاياتلىق نىزامىغا ئەبەدىي ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئوتخور ھايۋانلارنىڭ ئەركەك ـ چىشىلىرى ئارىسىدىكى قوشماقلىق ئۇلار جۈپلىشىپ بولغان ھامان ئاياغلىشىدۇ. چۈنكى، چىشىلىرىنىڭ ئەمچىكى بالىلىرىنى تاكى ئوت يېيەلىگۈدەك بولغۇچە بېقىشقا يايلايدۇ. شۇڭا، ئەركەكلىرى نەسىل قالدۇرۇش بىلەنلا قانائەت تاپىدۇكى، چىشىسى ۋە بالىلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى بىلەن قىلچە كارى بولمايدۇ. ئەمما، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ئەركەك ـ چىشىلىرى ئارىسىدىكى قوشماقلىق خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ چىشىسى ئۆز ئالدىغا تاپقان ئولجىلىرى بىلەن ئۆزى ۋە بالىلىرىنى قامداپ كېتەلمەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆشخور ھايۋانلارنىڭ تىرىكچىلىك يولى ئوتخورلارنىڭكىگە قارىغاندا خەتەرلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئەركەكلىرىنىڭ ياردىمى ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۆز ئالدىغا ئولجا تۇتۇپ يېيەلىگۈدەك بولغۇچە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرلىكتە بېقىشىغا موھتاج بولىدۇ. بۇ ھال بارلىق قۇش تۈرلىرىگىمۇ ئوخشاشلا باب كېلىدۇ(ئوزۇق ـ تۈلۈكى يېتىپ ئاشقۇدەك مۇھىتتا ياشايدىغان ئۆي قۇشلىرى بۇنىڭ سىرتىدا؛ چۈنكى، ئۇلارنىڭ چۈجىلىرىنى بېقىشى ھاجەتسىز). ئادەتتە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





Discourse on Inequality

قۇشلارنىڭ ئەركىكى بىلەن چىشىسى چۈجىلىرى چاڭگىدىن ئايرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا قوشماقلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلايدۇ. بۇ مۇناسىۋەت چۈجىلىرى چاڭگىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئوزۇق تېپىپ يېيەلىگۈدەك بولغاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ

"خوش، ئۇنداق بولسا ئادەمزاتنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى نېمە ئۈچۈن باشقا جانلىقلارنىڭكىگە قارىغاندا ئۇزاق داۋاملىشىدۇ؟ ناۋادا ئۇنىڭ باشقا بىردىنبىر سەۋەبى بولمىسىلا، مېنىڭچە ئۇ ئاياللارنىڭ تۇغۇت ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە باغلىق. مەسىلەن، باللارنىڭ ئالدىنقىسى ئاتا-ئانىسى باقمىسىمۇ مۇستەقىل جان ساقلىغۇدەك بولغۇچە، ئانىسى كېيىنكى بالىسىغا ھامىلىدار بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاتىنىڭ زىممىسىگە باللىرىنىڭ ھالىدىن خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى يۈكلىنىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ۋاقىت باشقا جانلىقلارنىڭ باللىرىنى بېقىش ۋاقتىدىن خېلىلا ئۇزۇن بولىدۇ. شۇڭا، ئەرلەر ئۆزىگە بالا تۇغۇپ بەرگەن ئاشۇ خوتۇنى بىلەن داۋاملىق بىرگە ئۆتۈش يولىنى تاللايدۇ. ھالبۇكى، باشقا جانلىقلارنىڭ باللىرى ئانىسى كېيىنكى بالىسىنى تۇغقۇچە، مۇستەقىل جان ساقلاش ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ بولغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ جانلىقنىڭ ئەركەك-چىشىسى ئارىسىدىكى قوشماقلىقمۇ تەبىئىيلا ئاياغلىشىدۇ-دە، ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئەركىن ھاياتىنى يەنە باشلايدۇ. بۇنداق ئەركىن ھايات ھەر يىللىق جۈپلىشىش پەسلى يېتىپ كېلىپ، ئۆزىگە يېڭى جورا تاپقۇچە داۋاملىشىدۇ. بۇ يەردە ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگارنىڭ يېتۈك پاراسىتىگە تەھسىن-ئاپىرىنلار ئوقۇماي تۇرالمايمىز. چۈنكى، پەرۋەردىگار ئادەمزاتقا نۆۋەتتىكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئىقتىدارىنىلا ئەمەس، يەنە كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى دەڭسەپ، ئۇنىڭغا ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈش پاراسىتىنىمۇ ھىممەت قىلغان. شۇڭا، ئادەمزاتقا خاس ئەر-خوتۇنلۇقنىڭ باشقا جانلىقلارنىڭكىگە قارىغاندا ئۇزاققا بارالىشىمۇ دەل







ياراتقان ئېگىسىنىڭ ھىممەتلىرىدىندۇر. ئاشۇنداق بولغاندا ئەر-خوتۇننى ئېجتىھاتقا دالالەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىر-بىرىگە تېخىمۇ ئوبدان باغلىغىلى بولىدۇ. بۇ ھەم ئۇلارنىڭ باللىرىنى بىللە بېقىپ، ئەۋلاد-ئۇرپاقلىرى ئۈچۈن دەپ-دۇنيا جۇغلىشىغا پايدىلىقتۇر. دېمەك، باللار ئۈچۈن ئائىلىسىنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ قايتا-قايتا ئاجرىشىشىدىن ئېغىر ھايات زەخمىتى بولمىسا كېرەك."

ئەمدى، ھەقىقەتكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق خۇسۇسىدىكى باشقىچە قاراشلىرىمنى ئۆز ئەينى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا بەزىبىر شەرھلەرنى ياندىماقچىمەن. بۇ ئۇسۇل گەرچە مەسىلىنى ھەل قىلالمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا پايدىلىق.

1. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرمىقىم زۆرۈركى، مەنسۇۋى جەھەتتىكى دەلىللەر پەقەت نۆۋەتتىكى پاكىتلارنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقىلا ياراپ، ئاشۇ پاكىتلارنىڭ ئەينىيىتىنى قايتا نامايان قىلىشقا پايدىلىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلىم-پەن ساھەسىدە قايىل قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم. ئەمما، بۇ جون لوك ئەپەندى يۇقىرىدىكى ئۆزۈندىدە قوللانغان ئۇسۇل. چۈنكى، ئەر-ئايالنىڭ ئۆمۈرلۈك بىرگە ئۆتۈشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پايدىلىق تەرەپ ئاشۇ خىل ئادىمىي ئەر-خوتۇنلۇقنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىختىراسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، مەدەنىي جەمئىيەت، سەنئەت، سودا ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق دەپ قارالغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەبىئەتنىڭ ئىختىراسىغا ھەيدىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

2. جون لوك ئەپەندى گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ئەركەك-چىشىسى ئوتخورلارغا قارىغاندا ئۇزاق مۇددەت بىرگە ياشايدۇ؛ گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ئەركىكى چىشىسىنىڭ باللىرىنى بېقىشىغا ھەمكارلىشىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇنى نەدىن بايقىغانلىقى نامەلۇم. ئەمما، مېنىڭچە ئەركەك ئىت، ئەركەك مۈشۈك، ئەركەك ئېيىق، ئەركەك بۆرە قاتارلىقلار ئۆزى جۈپلەشىپ باققان چىشى نەسلىدىشىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئايغىر، قوشقار، بۇقا، بۇغا ۋە شۇنىڭدەك باشقا تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارغا يەتمەيدۇ. ناۋادا، مەلۇم بىر جانلىقنىڭ ئەركىكى چىشىسىنىڭ بالىلىرىنى بېقىشقا زۆرۈرەن يادەم قىلىدۇ، دەپ قارالسا، ئۇ دەل ئوتخۇر ھايۋاندۇر. چۈنكى، ئوتخور ھايۋاننىڭ چىشىسىنىڭ ئوتلاپ قورسىقىنى توقلىشىغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ، شۇڭا بۇ جەرياندا ئۇ بالىسىنى تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھالبۇكى، تۇتقان ئولجىسى بىلەن جان ساقلايدىغان چىشى ئېيىق ياكى بۆرە قانجۇقىنىڭ قورساق توقلىشىغا ئۇنچىۋالا ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار بالىلىرىنى توق قورساق يۇرۇپ بېقىشقا تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت چىقىرالايدۇ. بۇ يەكۈنۈمنى گۆشخور ھايۋانلار بىلەن دانخور ھايۋانلارنىڭ ئەمچىكىنىڭ سانى بىلەن بالىلىرىنىڭ سانى جەھەتتىكى پەرقى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. بۇ ھەم بۇ ئىككى تۈرلۈك ھايۋاننى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمىدۇر. بۇ جەھەتتىكى كۆزىتىشلىرىمنى (H)تىمۇ سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم. ناۋادا بۇ كۆزىتىشلىرىم توغرا ۋە ئومۇمىيۈزلۈك دەپ قارالسا، ئۇنداقتا پەقەت ئىككىلا ئەمچىكى بار ئايال زاتىنىڭ بىر قېتىمدا كۆپىنچە ھاللاردا بىردىنلا تۇغىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت "ئادەمزات يارىلىشىدىنلا گۆشخورمىدۇ؟" دېگەن گۇماننىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، جون لوكنىڭ ھۆكمىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە تامامەن مۇمكىن دېگەن گەپ. جون لوكنىڭ گۆشخور ھايۋانلار بىلەن دانخور ھايۋانلار ئارىسىدىكى پەرقنى قۇشلارغا تەتبىقلىشىنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. چۈنكى، تازقارا بىلەن قاغىلارنىڭ ئەركەك ـ چىشىسىنىڭ بىرگە ياشايدىغان ۋاقتى پاختەكنىڭكىدىن ئۇزۇن بولىدۇ، دېگەن گەپكە كىممۇ ئىشىنەر؟ يەنە كېلىپ، ئۆي قۇشلىرىدىن غاز بىلەن كەپتەرنىڭ



ئەھۋالاتى جون لوكنىڭ پىكرىگە قارشى پاكىت بولالايدۇ. جۈملىدىن، پەقەت دان بىلەنلا ھايات كەچۈرىدىغان كەپتەرنىڭ ئەركەك ـ چىشىسى ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ ياشاپ، باچكىلىرىنى بىرگە باقىدۇ. ئەمما نەپسىبالالىقى بىلەن تونۇلغان غازچۇ؟ ئۆزى جۈپلەشكەن چىشى نەسلىدىشى بىلەن چۆجىسىنى ئەسلا تونۇمايدۇ؛ چۆجىلىرىنى ئەسلا باقمايدۇ. توخۇ گەرچە گۆشخورلاردىن سانالسىمۇ، ئەمما خورازنىڭ مېكىيانغا كۆيۈنگەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغانمىز. ناۋادا تۈزۈت پۈتلۈق ھايۋانلاردىن باشقا جانلىقلار ئارىسىدىكى قۇشلارنىڭ ئەركىكى بىلەن چىشىسى باچكىلىرىنى بىرلىكتە باقىدۇ دەپ قارالسا، ئۇ قۇشلار ھاياتىدىكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال. چۈنكى، تۇخۇمدىن يېڭىلا چىققان قۇش چۆجىلىرى ئۇچالمىغانلىقى ئۈستىگە، ئانا قۇشنىڭ چۆجىلىرىنى ئېمىتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. شۇڭا، قۇش چۆجىلىرى تۆت پۈتلۈق ھايۋانلارنىڭ باللىرىغا قارىغاندا ئاتىسىنىڭ غەمخورلۇقىغا تېخىمۇ موھتاج بولىدۇ. يەنە كېلىپ تۆت پۈتلۈق چىشى ھايۋاننىڭ سۈتى قىسقا مۇددەت بولسىمۇ باللىرىنى بېقىشقا يېتىپ ئاشىدۇ.

3. جون لوك ئەپەندىنىڭ پۈتكۈل يەكۈنىگە دەلىل قىلغان پاكىتلىرى بەكمۇ ئىشەنچسىز. چۈنكى، ئۇنىڭ: "مەزلۇم كىشى ئالدىنقى بالىسى مۇستەقىل جان ساقلىيالىغۇدەك بولۇشتىن ناھايىتى بۇرۇنلا كېيىنكى بالىسىغا قورساق كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇنى تۇغىدۇ" دېگەن گېپىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن بۇنى تەھقىقلەپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇنى جون لوك ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ تەھقىقلەپ باققان ئەمەس، باشقىلارمۇ ھەم شۇنداق. ئەر ـ خوتۇننىڭ ئۇزاق مۇددەت بىر تۆشەكتە يېتىشى خوتۇن كىشىنىڭ قايتا قورساق كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولىدىغان بىۋاسىتە ئامىل. ساپ ئەسلىيەت قوينىدىكى تاسادىپەن ئۇچرىشىش ياكى نوقۇل شەھۋەت تۈيغۇسىنىڭ قېتىم سانى جەھەتتىن نورمال ئەر ـ خوتۇنلارنىڭكىگە ئوخشاش تۇغۇتقا سەۋەب بولىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن. تۇغۇت ئارىلىقىنى ئۇزارتىش



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئارقىلىق، بالىنىڭ تېنىنى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئايال زاتىنىڭ ھامىلدار بولۇش جەھەتتىكى بەزىبىر جىسمىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش مۇمكىن. چۈنكى، بەرنا چاغلىرىدا زىيادە كۆپ ھامىلدار بولمىغان ئايال زاتىنىڭ تۇغۇتىنىڭ توختاش ۋاقتى ئادەتتە كېيىنرەك بولىدۇ. ئەمدى ئەسلىيەت قوينىدىكى بالىلارغا كەلسەك، نۇرغۇن سەۋەب بىزنى شۇنىڭغا ئىشەندۈرىدۈكى، ئۇلار كۈچ-قۇۋۋەت ۋە تەن ئەزالىرى جەھەتتە بىزگە قارىغاندا بۇرۇنراق يېتىلىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ ئورۇق-ئاجىزلىقىمىز باللىرىمىزغا ئۇدۇم قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بوۋاقنى زاكىلاش ئادىتىمىز ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنى بوغۇپ قويۇۋاتىدۇ، بالىلارنى ئەركە ئۆستۈرۈش ياكى ئانا سۈتىنىڭ ئورنىغا كالا سۈتىنى دەسسىتىش دېگەندەك ئادەتلىرىمىز بالىلاردىكى دەسلەپكى تۇغما تەبىئەتنىڭ يېتىلىشىگە كاشىلا قىلىۋاتىدۇ ياكى ئۇنى كىچىكلىتىۋېتىپ بارىدۇ. كىشىلەر بالىلىرىنىڭ نەزەرىنى سان-ساناقسىز ئەمەل-ئەتىمشىلەرگە مەجبۇرەن بۇرايدىغانلىقى ئۈچۈن، بالىلارنىڭ دىققەت-نەزەرىمۇ شۇنىڭغىلا مەركەزلىشىۋاتىدۇ، شۇنىڭدەك بالىلارنىڭ جىسمىيىتىمۇ ھەرقانداق تاۋلىنىشتىن مەھرۇم قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھال بالىلارنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاشىلا قىلماقتا. ناۋادا بالىلار باشتىن تارتىپلا تۈرلۈك-تۈمەن ئىشلار بىلەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زىيادە ھالسىرىتىۋېتىلمەي، تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە ئۈزلۈكسىز چېنىقتۇرۇلغان بولسا، ئۇلارنىڭ بالدۇرراق ئۆز ھاجىتىدىن چىقالىشىدا گەپ يوق ئىدى.

4. جون لوك ئەپەندى ھەرھالدا ”ئايال زاتى باللىق بولغاندىن كېيىنمۇ، ئېرى ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق بىللە تۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ“ دېگەننى ئىسپاتلاپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئايال زاتى بوشىنىشتىن ئىلگىرى، شۇنداقلا ھامىلدارلىق مەزگىلىدە، ئېرىنىڭ زادى نېمە ۋەجىدىن ئۇنىڭ بىلەن مۇقەررەر بىللە ئۆتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شەرھلىيەلمەيتۇ. مۇبادا ئەر كىشى خوتۇنى قورساق كۆتۈرگەن توققۇز

ئاي مابەينىدە ئۇنىڭغا قىلچە كۆيۈنمىگەن، ھەتتا خوتۇنى ئۇنىڭ نەزەرىدە ناتونۇش ئادەمگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، ئۇ يەنە نېمىگە ئاساسەن خوتۇنى بوشانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن خوتۇنىنىڭ ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن بولغان، بولمىغانلىقىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدىغان، شۇنداقلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشنى بەك ئارزۇ قىلىپمۇ كەتمىگەن بالىنى بېقىشىغا ياردەم قىلىدۇ؟ جون لوك ئەپەندىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەقلىي يەكۈنىدە راستىنلا مەسىلە بار. چۈنكى، بۇ يەردە يورۇتۇلۇشقا تېگىشلىك بولغىنى — ئەر كىشى نېمە ئۈچۈن خوتۇنى تۇغقاندىن كېيىنمۇ يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشقا ئىنتىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئەمەس، بەلكى نېمە ئۈچۈن خوتۇنى ھامىلدار تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنىڭ بىلەن يەنە داۋاملىق بىللە بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە. چۈنكى، ئەسلىيەت قوينىدىكى ئەر بىلەن ئايال شەھۋىتىنى قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن قارشى تەرەپكە يەنە ھاجىتى چۈشمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز يولىغا كېتىۋېرىدۇ. ئەرلەر ئۇنداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ؛ ئېھتىمال ئۇ زامان ئادەملىرىدە "نەتىجە"، "ئاقىۋەت" ئۇقۇمى بولمىسا كېرەك. ئەر بىلەن ئايالدىن بىرەرسىنىڭ ئارىدىن توققۇز ئاي ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئىككىسى بىرگە بولغان ئاشۇ دەقىقىلەرنى يادىغا ئالالايدىغانلىقىغا ھەيرانمەن. چۈنكى، بىراۋنىڭ شەھۋەت ئىستىكىدە يەنە بىراۋغا بېقىنلاشقانلىقى ھەققىدىكى ئەسلىمە ئادەمزاتتىكى چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ غايەت زور كامالىتى ياكى دەھشەتلىك ھالاكىتى(بۇ نۇقتىنى ماقالەمنىڭ باش تەرىپىدە ئىسپاتلاپ ئۆتكەنمەن)دۇر. يەنە كېلىپ بۇنداق كامالەت ياكى ھالاكەتنىڭ ھايۋانلار ئارىسىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەپسۇسكى، ماقالىمىزدە تەھلىل قىلىنىۋاتقان ئادەمزات دەل مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، بىرەر ئايال زاتى ئەر كىشىنىڭ شەھۋىتىنى ئۇ ئىلگىرى ئۇچرىشىپ باققان باشقا بىر ئايال زاتىغا

www.uyghurkitap.com







ئوخشاشلا ناھايىتى ئاسان قاندۇرالىشى مۇمكىن؛ باشقا بىر ئەر كىشىمۇ ئاشۇ ئايالنى ھېلىقى ئەرگە ئوخشاشلا قانائەتلەندۇرەلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئايال زاتى ھامىلدار بولۇپ قالغاندىن كېيىن جىنسىي ھەۋەستىن قالىدۇ، دەپ پەرەز قىلىپ تۇرايلى. دۇرۇس، بۇ پەرەزنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىشقا ھەقلىقمىز. ئەسلىيەت قوينىدىكى ئايال زاتى ناۋادا ھامىلدار بولۇپ قالغاندىن كېيىن شەھۋەت تۈيغۇسىدىن قالسا، ئۇنداقتا ئۇ ئايال زاتىنىڭ ئۇنى ھامىلدار قىلىپ قويغان ھېلىقى ئەر كىشى ياكى باشقا ئەر كىشىگە قاراشقا رايى بارمايدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال زاتىنىڭ ئەرلەر بىلەن بىرگە بولۇشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان توسالغۇلار كۆچىيىپ بارىدۇ. نەتىجىدە، مەيلى ئەر كىشى بولسۇن ياكى ئايال زاتى بولسۇن، كونا جۈپتىگە يەنە ئىنتىلىشىنىڭ ئورنى قالمايدۇ. دېمەك، جون لوك ئەپەندىنىڭ ئەقلىي يەكۈنى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، بۇ پەيلاسوپنىڭ دىيالېكتىكىلىرى ئۇنى خوببېس ۋە باشقىلارنىڭ ناتوغرا ھۆكۈملىرى ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىقالمىدى. ئۇلار ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ ئەسلىيەت قوينىدىكى ھالىتىنى ئىزاھلاپ كۆرستەلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇنداق ھالەتتىكى ئىنسانلارنىڭ بىرگە ھايات كەچۈرۈشى قىلچە زۆرۈرىيەتسىز بولغاچقا، شەخسلەر، ھەتتا قوۋملارمۇ يەككە-يېگانە ياشايتتى. ھالبۇكى، يۇقىرىقى پەيلاسوپلار جەمئىيەت مەۋجۇت بولغان بىر نەچچە ئەسىرنى ھالقىپ ئۆتمۈشكە قايتالمىدى، يەنى ئىنسانلار ھاياتىنىڭ جەمئىيەت شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىنى ئىزدەپ تېپىشقا قادىر بولالمىدى. جەمئىيەت شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق ياشاش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. جۈملىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ يەنە بىر ئەر كىشى ياكى ئايال زاتى بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرۈشى زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى.

(M) تىلنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىقمۇ ياكى زىيانلىقمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ھەرقانداق پەلسەپەۋى





پىكىر يۈرگۈزۈپ قىلىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلانسام دەيمەن. چۈنكى، دەھرىي دۇنياغا شىلتىنىڭ ئىتىشقا ئەلۋەتتە يول قويۇلمايدۇ. ئالىملار بىر تەرەپلىمە پىكرىدە جاھىلانە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئاتالمىش ”توغرىدەك كۆرۈنىدىغان خاتا پىكىر“لىرىمگە تاقەت قىلالمىدى. شۇڭا، بۇ يەردە ھەقىقەتنى قوغداش ئۈچۈن كۆپ ساندىكىلەرنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىسمۇ، ئەمما پەۋقۇلئاددە سالاھىيىتىنىڭ شارابىتى بىلەن ئەيىبكە بۇيرۇلمايدىغان بەزىلەرنىڭ گەپلىرىدىن مۇنۇلارنى نەقىل كەلتۈرۈشنى لايىق تاپتىم: ”ئىنسانلار ناۋادا خىلمۇخىل تىللار ئارىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق ۋە ئۇ پەيدا قىلغان قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتەلىگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئادەمزاتنىڭ ھەممىسى بىرلا خىل تىلدا سۆزلەشكەن بولاتتى. ناۋادا ئىنسانلار ھەرقانداق شەيئىنى بەلگە، ھەرىكەت ۋە قول ئىشارىسى بىلەن ئىپادىلىيەلىگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئادەمزاتنىڭ بەخت ـ سائادىتى تېخىمۇ يېتۈك بولغان بولار ئىدى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە كىشىلەر يىرتقۇچ دەپ ئاتايدىغان ھايۋانلار تىل جەھەتتە بىزدىن ياخشى. چۈنكى، ھايۋانلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلەش شەكلى بولۇپمۇ يات تىلدا سۆزلىشىدىغان ئادەملەرنىڭكىگە قارىغاندا بىجىرىم بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار كۆڭلىدىكىنى تېز ھەم ئەينەن ئىپادىلىيەلەيدۇ.“*

(N) ئەپلاتون: ”بىر ’پۈتۈن سان‘ دەپ ئاتايدىغان نەرسىلەر ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇقۇمنىڭ قانداقلارچە سەنئەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىمۇ زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ھەيرانمەن“ دېگەنىكەن. ئۇ يەنە ”سان ـــ تىروي قورشاۋدا قالغان زامانىنىڭ مەھسۇلىدۇر“ دەپ قارايدىغان چاغداشلىرىنى ئىشەنچ بىلەن مەسخىرە قىلىپ: ”ئۇلارنىڭ بۇ گېپى بەئەينى

---

* گوللاندىيەلىك تىلشۇناس ئىساك ۋورتىيۇس(1618 ~ 1689) «نەزمە ۋە ئۇنىڭ ۋەزىن ئالاھىدىلىكى ھەققىدە»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرستېتى، 1673 ـ يىل نەشرى، 65 ـ ، 66 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







ئاگامېمنون*نىڭ ھەتتا تىروي ئۇرۇشى مەزگىلىدىمۇ ئۆزىنىڭ نەچچە پۇتى بارلىقىنى بىلمەي يۈرگىنىدەك بىمەنىلىكتۇر!“ دەپتىكەن. دېمىسىمۇ تىروي قورشاۋدا قالغان زامانلاردا جەمئىيەت ۋە ئىلىم-پەن خېلى گۈللەنگەن تۇرسا، ئادەملەرنىڭ سان ۋە ھېسابنى بىلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ ئەمما، كىشىلەرنىڭ باشقا بىلىملەرگە ئېرىشىشتىن ئىلگىرى، ساننى بىلىش زۆرۈرىيىتى ۋەجىدىن ئۇنى مۇنداقلا تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كىشىلەر بىرەر ساننىڭ نامىنى بىلىۋالغان ھامان، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئاسانلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، شۇنداقلا ئاشۇ نام ۋەكىللىكىدىكى ئۇقۇممۇ ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئاسانلا پەيدا بولىدۇ. لېكىن، كىشىلەر ساننى ئىختىرا قىلىشتا، كاللىسىدا ئاشۇ سانغا ئالاقىدار ئۇقۇم شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى ئادىتى بويىچە پەلسەپەۋى پىكىر يۈرگۈزۈپ، شەيئىنى ھەرقانداق سەزگۈنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ھالدا، ئاشۇ شەيئىنىڭ ئابستراكت ماھىيىتى نۇقتىسىدىن تونۇيدۇ. بۇنداق ئابستراكت ھەرىكەت زىيادە مېتافىزىكىلىقى ۋە ئۆتە ساختىلىقى بىلەن زىيادە قىيىندۇر. ئەمما، ئاشۇنداق زىيادە ئابستراكت ھەرىكەت بولمىسا، مەلۇم ئۇقۇمنى مەلۇم بىر خىل تۈردىكى شەيئىدىن يەنە بىر خىل تۈردىكى شەيئىگە كۆچۈرۈپ يۈكلەش ۋە سان ئۇقۇمىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەبەدىي مۇمكىن ئەمەس. بەدەۋىلەر ئۆزىنىڭ ئوڭ ۋە سول پۇتىنى ئايرىم-ئايرىم تونۇيالايدۇ ياكى ئىككى پۇتىغا ”بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان قوشماق“ ئۇقۇمىنىڭ تۈرتكىسىدە يۈزەكى زەن سالالايدۇ. چۈنكى، شەيئىنى تەسۋىرلەيدىغان مەنا ئۇقۇمى بىلەن ئۇنىڭغا چەك قويىدىغان سان ئۇقۇمى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، شۇنىڭدەك بەدەۋىلەر ھەتتا بەشكىچىمۇ سانىيالمايدۇ؛ ئىككى قولىدىكى بارماقلىرىنىڭ ئوپئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىسىمۇ، ئەمما ئىككى قولىدىكى بارماقلار ساننىڭ تەپمۇتەڭ

* ئاگامېمنون (گرېكچە ”تەۋرەنمەس“ دېگەن مەنىدە)تىروي ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن يۇنانلىق سەركەردە.





ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمايدۇ. ئـۇ قولـىدا زادى قـانچە بارماقنىـڭ بولـىدىغانلىقىنى گويـا بىـشىدىكى چىچىنىـڭ سـانىنى ئۇقمىغاندەك ھەرگىز ئۇقمايدۇ. ناۋادا بىراۋ ئۇنىڭغا سان ئۇقۇمىنـى ئۆگىتىپ، پۇت بارماقلىرىنىڭ سانى بىلەن قول بارمـاقلىرى سـانىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسـە، بـۇ رېئاللىقـا ھەيـران قـالار بولغىيدى.

(O) غۇرۇر بىلەن پەخىر (自爱心) ماھىيەت ۋە ئۇنۇم جەھەتـتە بىر ـ بىرىگە پەقەتلا ئوخشاشـمايدىغانلىقى ئۈچـۈن، ئـۇ ئىككـىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى. مىسالەن، پەخىر بىر تۇرلۇك تۇغما تۇيغۇ بولۇپ، ئۇ ئادەمنى ئۆزىنى قوغداشـقا دالالەت قىلـىدۇ؛ ئەقلىيەتنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ھېسداشلىقنىڭ تۈزەتمىسىگە بويـسۇنۇش داۋامىدا ئىنسانىيلىق بىـلەن ئەزگـۈ پەزىلـىنى روياپقـا چىقىرالايـدۇ. ئالدىنقىلارغا ماسلىشىش ئېھتىياجىدىن كېيىن پەيـدا بولغـان ھېـس ـ تۇيغۇ سانالمىش غۇرۇر جەمئىيەتتە تەدرىجىي شەكىللىنىپ، ھەركىمنـى باشقىلارغا قارىغاندا ئۆزىنى بەكرەك قەدىرلەشكە ۋە شۇ ۋەجىدىن بىـر ـ بىرىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشكە دالالەت قىلىدۇ؛ ئۇ ھەم شۆھرەت تۇيغۇسىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسىدۇر.

ناۋادا كىشىلەر يۇقىرىقى گەپلىرىمنى راۋۇرۇس چۈشىنەلىگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا: ”ئەسلىيەت قوينىدىكى، شۇنداقلا ھەقىقىي ئۆزلـۈك قوينىدىكى ئادەمزاتتا غـۇرۇر ئۇقۇمـى بولمايـدۇ“ دەپ جاكارلىغـان بولاتتىم. چۈنكى، ئەسلىيەت قوينىدىكى ھەرقانـداق ئـادەم ئۆزىنـى بىردىنبىــر كۆزەتكۈچـى ۋە ئـۆز ئەخلاقىنىــڭ يېگــانە ھاكىمــى ھېسابلايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى تەڭداشسىز مەنبەدىن تۇغۇلغان تۇيغۇنىڭ ئۇنىڭ روھىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبتىن ئايانكى، ئەسلىيەت قوينىدىكـى ئادەمزاتتا ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىمۇ، قىساسكارلىق ئىستىكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنداق ھېس ـ تۇيغۇ پەقەت دەخلـى ـ تەرۇزغـا دۇملەنـگەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى







ئۇچۇرلار ئاساسدا بىخلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەخلى ـ تەرۇزغا باشقىلارغا سەل قاراش ھەتتا زەخمەت يەتكۈزۈش غەرىزى سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، بىر ـ بىرىنى باھالاپ، ئۆزئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشنى بىلمەيدىغانلار ئارا مەنپەئەت تالىشىش ۋەجىدىن زوراۋانلىقلار سادىر بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما قىساسكارلىق ئەبەدىي كۆرۈلمەيدۇ. قىسقىسى، ھەرقانداق ئادەم نەسلداشلىرىغا باشقا تائىپىگە تەۋە ھايۋانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئاجىزلارنىڭ قولىدىكى ئولجىنى تارتىپ ئالالايدۇ ـ يۇ، ئەمما گېزى كەلسە ئۇ ئولجىنى ئۆزىدىن كۈچلۈك بىرەرسىگە ئۆتۈنۈۋېتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بۇلاڭچىلىقنى تەبىئىي ھادىسە دەپلا تونۇيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا زەررىچە تەكەببۇرلۇق ياكى ئۆچمەنلىك كۆرۈلمەيدۇ؛ مۇۋەپپەقىيەت شادلىقى بىلەن مەغلۇبىيەت چۈشكۈنلۈكىدىن ئۆزگە ھېچقانداق ھېس ـ تۇيغۇ بىخلانمايدۇ.

(P) دىققەت قىلىشقا بەكمۇ ئەرزىيدىغان مۇنداق بىر ئەھۋال مەۋجۇت: ياۋروپالىقلار ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى بەدەۋىلەرنى يېڭىچە تۇرمۇش ئەندىزىسىگە باشلاش كويىدا جاپالىق ئەجىر قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ، ھەتتا خىرىستىيان دىنىنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشكەن تىرىشچانلىقلىرى بىرەر بەدەۋىنى ھازىرغىچە قايىل قىلالمىدى. چۈنكى، مىسسىيونېرلىرىمىز بەدەۋىلەرنى بەزىدە خىرىستىيان دىنىغا كىرگۈزەلىگىنى بىلەن، ئۇلارنى مەدەنىيلەرگە ئۆزگەرتەلىشى ئەبەدىي مۇمكىن ئەمەس، يەنە كېلىپ بەدەۋىلەر ئەخلاق ئۆلچىمىمىز بىلەن تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزدىن چىش ـ تىرنىقىغىچە نەپرەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنداق نەپرەتنى بويسۇندۇرالايدىغان كۈچ مەۋجۇت ئەمەس. ئاشۇ بەدەۋىلەر ناۋادا راستىنلا ئويلىغىنىمىزدەك بەختسىز بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھۆكۈملەش ئىقتىدارى ئاللىقاچان ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە بەربات بولۇپ كېتەر بولغىيمىدى؟ بىزدەك ئۆزلۈكىدىن





مەدەنىيلىشىپ، ئارىمىزدا بەختىيار ھايات كەچۈرۈش يولىغا يېتەكلەش خۇسۇسىدىكى تىرىشچانلىقلىرىمىزنى ئىنچىل رەت قىلماس بولغىيمىدى؟ ئەكسىچە، سانسىز يازمىلاردىن بەزى فىرانسۇز ۋە باشقا ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ بەدەۋى مىللەتلەر ئارىسىغا ئۆزلۈكىدىن سىڭىشىپ، ئاخىر ئاشۇنداق غەلىتە ھاياتلىق قويىنىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئوقۇغانمىز، شۇنىڭدەك يۇقىرىقىدەك ئاقىل مىسسىيونېرلارنىڭ كىشىلەر نەزەرىدىكى ئاشۇ پەس مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆتكەن ئارامخۇدا ۋە بىغۇبار كۈنلىرىنى سېغىنىپ ئەسلەيدىغانلىقىنىمۇ ئوقۇغانمىز. بەدەۋىلەرنىڭ ھۆكۈملەش ئىقتىدارى توغرىلىق گەپ بولغاندا، بەزىلەر ناۋادا: ”بەدەۋىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ قايسىسىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھۆكۈملەشتە ئەقلىي ناقىس ئىدى“ دېگەن گەپنى قىلسا، ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بېرەر ئىدىم: بەخت ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئەقلىيەتكە ياتىدىغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى ھېس-تۇيغۇغا ياتىدىغان مەسىلە، يەنە كېلىپ بۇ جاۋابىم بىزدەك مەدەنىيلەرنىڭ بەدەۋىلەر تۇرمۇشى ھەققىدىكى پىكىر-قاراشلىرىغا بېرىلگەن كەسكىن رەددىيە. چۈنكى، بەدەۋىلەر نۇقتىئىنەزەر ۋە چوڭ مېڭە ئىقتىدارى جەھەتتە، بىزدەك مەدەنىيلەرنىڭ ھايات لەززىتىنى چۈشىنىشتىن ناھايىتى يىراق؛ ھالبۇكى، بىزدەك مەدەنىيلەر نۇقتىئىنەزەر ۋە چوڭ مېڭە ئىقتىدارى جەھەتتە، بەدەۋىلەرنىڭ ھايات لەززىتىنى چۈشىنىشتىن ئېھتىمال تېخىمۇ يىراق. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر يۇقىرىقىلارنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، بارلىق ئەتىمىش-ئەمەللىرىمىزنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك نىشانغىلا يۈزلىنىدىغانلىقىنى بايقىيالايدۇ. ئۇنىڭ بىرى، شاد-خۇرام ياشاش؛ يەنە بىرى، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش. لېكىن، بەدەۋىلەر ئورمانلىقلاردا يەككە-يېگانە ياشايدۇ؛ ئۇلار يا بېلىق تۇتىدۇ، ياكى قولىدىكى قوپال نەينى چالغىنىچە ئولتۇرىدۇ(ئۇلار قولىدىكى نەيدىن قانداقلارچە ئاشۇ يەككە ئاھاڭنى پۈۋلەپ چىقىرالىغانلىقىنى ۋە ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







قانداق قىلغاندا ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدۇ). خوش، ئاشۇنداق هايات فورمىسىدىكى لەززەتنى چۈشىنىشنىڭ ئامالى بارمىدۇ؟

بەدەۋىلەرنى پارىژ، لوندون ياكى باشقا شەهەرلەرگە نۇرغۇن قېتىم ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئەيش ـ ئىشرەتلىرىمىزنى، باي ـ باياشاتلىقىمىزنى شۇنداقلا كىرەكلىك ۋە ئاجايىپ تېخنىكىلىرىمىزنى هاپىلا ـ شاپىلا نامايان قىلىپ كۆرسەتتۇق. ئەمما، ئۇ نەرسىلەر بەدەۋىلەرنىڭ ئەخمىقانە تەھسىنلىرىنىلا قوزغىدى ـ يۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ هەۋىسىنى بىزەمۇ ئۇرغۇتالمىدى. مۇنداق بىر هېكايە يادىمدا تۇرۇپتۇ: 30 يىل ئىلگىرى كىشىلەر شىمالىي ئامېرىكىدىكى بىر قەبىلە ئاقساقىلىنى ئەنگلىيە خان ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇردا ئەهلى ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىكىدەك بىرەر سوۋغات بېرىش كويىدا، ئۇنىڭ ئالدىغا خىلمۇخىل نەرسىلەرنى هەددى ـ هېسابسىز دۆۋىلىۋېتىپتۇ. ئەمما، ئۇ نەرسىلەرنىڭ هېچقايسىسى هېلىقى بەدەۋىنى قىزىقتۇرالماپتۇ. بىزنىڭ قوراللىرىمىز ئۇنىڭغا هەم ئېغىر، هەم ئەپسىز تۇيۇلۇپتۇ؛ ئۆتۈك ئۇنىڭ پۇتىنى غاجاپتۇ؛ كىيىم ـ كېچەكلەر ئۇستىبېشىنى بىئارام قىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ بىر پارچە يۇڭ ئەدىيالغا دىققەت قىلىپ قاپتۇ، هەتتا ئۇنى ئېلىپلا مۈرىسىگە ئارتىۋالغۇسى كەپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن شۇئان سوراپتۇ:

ــ بۇ نەرسىنى دىتىڭىزغا ياققاندۇ؟

ــ هەئە، ــ دەپتۇ ئۇ جاۋاب بېرىپ، ــ مېنىڭچە ئۇ تېرىگە ئوخشاشلا ئوبدان نەرسىدەك قىلىدۇ.

ئەمما، ناۋادا ئۇ ئاشۇ ئەدىيالنى يامغۇردا يېپىنىپ باققان بولسا ئىدى، هەتتا ئاشۇ گەپنىمۇ قىلالماس بولغىيدى.

بەزىلەر ماڭا: "ئادەت كۆچى ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىچكىتىۋرۇپ قويىدىغان بولغاچقا، بۇ هال ئاخىر بەدەۋىلەرنىڭ مەدەنىيلەر تۇرمۇشىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى تونۇپ يېتىشكە كاشىلا قىلىۋاتىدۇ" دېيىشى مۇمكىن. بۇ پىكىردىن قارىغاندا،





ئادەت كۆچىنىڭ بەدەۋىلەرگە سىڭدۈرگەن ئۆزلىرىنىڭ بەختسىز تۇرمۇشىدىن مېهرىنى ئۈزەلمەسلىك ئېڭى، ياۋروپالىقلارغا سىڭدۈرگەن ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىدىن مېهرىنى ئۈزەلمەسلىك ئېڭىدىن كۈچلۈك، دېگەن گەپ. بۇ ئەلۋەتتە هەيران قالارلىق ئىش. ئەمما، بۇ پىكىرگە كەم-كوتىسىز جاۋاب قايتۇرىمەن دەپ، كىشىلەرنىڭ ئاقارتىش كويىدىكى هەرقانداق جەبىرلىك مېهنەتلىرىنى يوققا چىقارغان قىران بەدەۋىنى، شۇنداقلا كىشىلەر دانىيەدە تەربىيەلەشكە ئۇرۇنۇپ باققان گىرېنلاندلىقلار بىلەن ئىسلاندىيەلىكلەرنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرغۇم يوق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ هەممىسى ئاخىرقى هېسابتا ياقا يۇرتتا قازا قىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى هەسرەت ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، بەزىلىرى يۇرتىغا قېچىش يولىدا سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ياۋروپا مەدەنىيىتىگە تەھسىن ئوقۇيدىغانلارنىڭ راۋرۇس تەتقىق قىلىپ بېقىشى ئۈچۈن، تولۇق ئىسپاتلانغان مۇنداق بىر پاكىتنى نەقىل كەلتۈرمەكچىمەن:

"ئۈمىد تۇمشۇقىدىكى مىسسىيونېرلار هەرقانچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، خوتتېنتوتلاردىن بىرەرسىنىڭمۇ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالماپتۇ. ئۈمىد تۇمشۇقىنىڭ پەرماندارى ئىلگىرى بىر خوتتېنتوت بوۋاقنى زاكىدىكى ۋاقتىدىن باشلاپ بېقىپتۇ. جۈملىدىن ئۇ، ئاشۇ بوۋاقنى خىرىستىيان دىنى يوسۇنلىرى ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە بېقىشقا مەخسۇس ئادەم قويۇپتۇ؛ ئۇنىڭغا يۇرۇر كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، بىر نەچچە دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىتىپتۇ. ئۇ بالىدىكى ئىلگىرىلەشلەرمۇ ئۇنى تەربىيەلەش ئۈچۈن كۆيۈپ-پىشۇاتقانلارنى رازى قىپتۇ. بۇ بەدەۋىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە كاتتا ئۈمىد باغلىغان پەرماندار ئۇنى يەنە بىر ۋالىيغا قوشۇپ هىندىستانغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ۋالىيمۇ شىركەتنىڭ ئىش-ئوقىتىدە ئۇ بەدەۋىگە زور ئىشەنچ بىلەن تايىنىدىكەن. ئۇ ۋالىي قازا قىلغاندىن كېيىن، هېلىقى بەدەۋى ئۈمىد تۇمشۇقىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ قايتىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى





كېلىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خوتىنتوت ئۇرۇق-جەمەتىنى يوقلىماقچى بوپتۇ. ئۇ ھېلىقى پۈزۈر كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇچىسىغا قوي تېرىسىنى ئارتىپتۇ؛ ئاندىن سېلىۋەتكەن كىيىملىرىنى بىر سومكىغا سايتۇ-دە، ئۇدۇل قەلئەگە كىرىپ، ئۇنى پەرماندارغا قايتۇرۇپ بېرىپ شۇنداق دەپتۇ: "ئالىيلىرىغا ئىلتىجاكى، مەن بۇ ئۇستىباشلار بىلەن خرىستىيان دىنىدىن ئەبەدىي ۋاز كېچىپ، ئەمدىكى ئۆمرۈمنى جەددى-جەمەتىمنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئەدەپ-يوسۇنلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزمەكچىمەن. ئۆزلىرىدىن كۈتىدىغان بىردىنبىر ئۈمىدىم شۇكى، بوينۇمدىكى چەمبەر مارجان بىلەن بۇ تۇلۇار(ئەگمە قىلىچ 弯刀)نى ماڭا ئىلتىپات قىلغان بولسىلا! ئاتىدارچىلىقلىرىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەبەدىي يېنىمدىن ئايرىمىغان بولاتتىم! ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم ئۈمىد تۇمشۇقىدا ئۇچرىتىپ باقماپتۇ"*.

(Q) بەزىلەر ئېھتىمال ماڭا شۇنداق رەددىيە بېرەر: ئەڭ كۈچلۈكلەر بىلەن ئالدىن ئىگىلىۋالغۇچىلار ئارىلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا، ناۋادا تەبىئەت دۇنياسى ئىنسانلارنىڭ تارقىلىپ ياشاش ئىمكانلىرىنى چەكلىمىگە ئۇچراتمىغان بولسا، ئادەمزات ھە دېسىلا بىر-بىرىنى قىرغىن قىلماي، ئايرىم-ئايرىم ياشىغان بولار ئىدى. ئەمما، بۇنداق چەكلىمىنى ئەڭ بولمىغاندا يەر ئانا پەيدا قىلىدۇ. ئەسلىيەت قويندىكى ھاياتلىق ئەندىزىسىنىڭ نوپۇسىنى زىيادە كۆپەيتىۋېتىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، شۇنداق يەكۈن چىقىرىمىز: ئەسلىيەت قويندىكى ھاياتلىق ئەندىزىسىدە يەر يۈزى ھەش-پەش دېگۈچە ئادەملەر بىلەن تولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشلەر بىرگە ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ناۋادا بىرەر ئاپەت يۈز بېرىپ، ھەممە نەرسە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزگىرىپ

* «سەپەر خاتىرىلىرى» 5-جىلد 175-بەت.





A DISCOURSE ON INEQUALITY

كەتكەن بولسا، ئۇ چاغدا ئادەملەر ئالللقاچان تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن بولار ئىدى. ھالبۇكى، ئادەملەر بويۇنتۇرۇق بىلەن تونۇشمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاسارىتىنى ھېس قىلىپ يەتكەن چېغىدا، بويۇنتۇرۇقتا ئالللقاچان كۆنۈپ كەتكەن بولىدۇكى، پەقەت پۇرسەتنىڭ ئۆزلۈكىدىن كېلىپ، ئۇلارنى ئاشۇ بويۇنتۇرۇقنىڭ ئاسارەتلىرىدىن قۇتقۇزۇشنى كۈتۈپ بەخارامان يۈرۈۋېرىدۇ. ئاخىردا تويلىشىپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ، بارا ـ بارا ئاشۇنداق ئاممۋى ھاياتنىڭ تۇرلۇك ـ تۈمەن قولايلىقلىرىغا كۆنۈپ، مۇستەقىل ھاياتنىڭ ئەسلىيەت قويىندىكى چاغلارغا قارىغاندا قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەسلىيەت قويىندىكى ياشام فورمىسىدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ؛ شۇڭا، قارار ـ جەزملىرىدە باشقىلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ يۈرمەيدۇ.

(R) ئەمىر لەشكەر D . مارشال مۇنداق بىر ھېكايىنى بايان قىلغانمىش: بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ ئالدامچىلىقلىرى ۋەجىدىن لەشكەرلەر جاپاغا قېلىپ، قوشۇندا نارازىلىق پەيدا بوپتۇ. ئەمىر لەشكەر ھېلىقى كىشىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا: "ھېلى بىكار دارغا ئاستۇرىمەن!" دەپ تەھدىت سالپتۇ. ئەمما، ھېلىقى لۈكچەك مىت قىلىپ قويماي شۇنداق دەپتۇ: "ئۇنداق تەھدىتلىرىڭىزدىن قورقۇپ قالمايمەن؛ خاتىرجەملىك بىلەن شۇنى دەپ قوياي: كىشىلەر ئىلكىدە 100 مىڭ تەڭگىسى بار ئادەمنى ھەرگىز دارغا ئاسمايدۇ!" ساددا ئەمىر لەشكەر: "بۇ ئىشقا ھەيرانمەن؛ ئۇ يۈز قېتىملاپ دارغا ئېسىلىشقا لايىق ئىدى؛ ئەمما، ھازىرغىچە ئەجىلى توشماي يۈرۈۋاتىدۇ!" دەپتۇ.

(S) ئادىل تەقسىمات گەرچە مەدەنىي جەمئىيەتتە ئىمكانىيەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەسلىيەت قويىندىكى ھەقىقىي باراۋەرلىككە زىت. شۇڭىدەك ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئېلىگە قابىلىيىتى ۋە قۇدرىتىگە يارىشا خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر ئاھالىلىرىمۇ





يەتكۈزگەن ئاشۇنداق خىزمىتىگە لايىق ھۆرمەت ۋە ھىممەت تېپىشى لازىم. سوقراتنىڭ دەل مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشىنىشكە ئەرزىيدىغان شۇنداق بىر پارچە ماقالىسى بار، ئۇ ماقالىسىدە قەدىمكى ئافىنالىقلارغا ئىككى تۈرلۈك باراۋەرلىكنىڭ قايسىسىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلىگەنلىكى ئۈچۈن تەھسىنلەر ئوقۇغان. بۇ ئىككى تۈرلۈك باراۋەرلىك تۆۋەندىكىچە: بىرى، بارلىق پۇقرانى ئوخشاش نەپتىن پەرقسىز مەنپەئەتلەندۈرۈش؛ يەنە بىرى، بارلىق پۇقرانى تۆھپىسىگە بىنائەن پەرقلىق مەنپەئەتلەندۈرۈش. داڭدار ناتىق سوقرات شۇنداق دەيدۇ: ”قەدىمكى ئافىنانىڭ قابىل سىياسىيونلىرى ياخشىلار بىلەن يامانلارنى بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان ناخالىس باراۋەرلىكنى چۆرۈپ تاشلاپ، ھەرقانداق ئادەم قىلغان ـ ئەتكىنىگە بىنائەن يا تارتۇقلىنىدىغان، يا جازالىنىدىغان باراۋەرلىكنى قەتئىي قوغداپتۇ!“ ئەمما، بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن: بىرىنچىدىن، كىشىلىك دۇنيا چۈشكۈنلۈكتە خانىۋەيرەن بولۇپ كەتسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ياخشىلار بىلەن يامانلارنى ئايرىمايدىغان جەمئىيەت ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، قانۇن مەنسەپدارلارغا مىزان بولغۇدەك يۈزدە يۈز ئېنىق ئۆلچەمنى تۇرغۇزۇپ بېرەلمىگىنى بىلەن، پۇقرالارنىڭ دەرىجىسى بىلەن تەقدىرىنى مەنسەپدارلارنىڭ خاھىشانە ھاكىملىقىدىن زېرەكلىك بىلەن ساقلاپ، مەنسەپدارلارنى ئادەملەرگە ”ياخشى“ ياكى ”يامان“ دەپ ھۆكۈم قىلىشتىن توسۇپ، ئادەملەر ئەتمىشىنىڭ ھەق ياكى ناھەقلىكىگە ھۆكۈم قىلدۇرىدۇ. پەقەت قەدىمكى رىملىقلارنىڭ سەممىيەتكە تويۇنغان ئەدەپ ـ يوسۇنلا تەپتىشلەرنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە پايلىيالايدۇ. ئاشۇنداق ھۆكۈمچىلەر بۈگۈنمۇ مەۋجۇت بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتەتتى. قىسقىسى، ياخشىلار بىلەن يامانلارنى پەرقلەندۈرىدىغان ئۆلچەمنى قانداق تۇرغۇزۇپ چىقىش مەسىلىسىدە، ئەل ـ ئاۋامنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت



قىلغۇلۇق. چۈنكى، مەنسەپدارلار قانۇن سوتىنىڭ ھۆكۈمچىسى بولسا، ئەل-خالايىق ئەخلاق سوتىنىڭ ھەقىقىي، پازىل ۋە دانا ھۆكۈمچىسىدۇر. چۈنكى، ئۇلار گاھىدا ھوقۇقنى كەلسە-كەلمەس ئىشقا سېلىپ قالغىنى بىلەن، ھەرگىزمۇ چىرىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، پۇقرالارنىڭ دەرىجە-قاتلىمىغا قانداقتۇر شەخسلەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە قاراپلا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق يەڭگىلتەكلىك يەنە كېلىپ مەنسەپدارلارنىڭ قانۇن ۋاستىسىنى خاھىشانە ئىشقا سېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئەل ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە قاراپ بېكىتىش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى

بۇ كىتاب جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2009-يىل 12-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: قاھار پولات
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

# ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى

## تەرجىمە قىلغۇچى: سېيىت تىلىۋالدى



| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2012-يىل 6-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2012-يىل 6-ئايدا 1-قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 6.375 |
| باھاسى | : | 12.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-12125-0/B.530 (维 56)

本书根据中国社会科学出版社 2009 年 12 月第 1 版，第 1 次印刷版本翻译出版。

**图书在版编目(CIP)数据**

论人类不平等的起源：维吾尔文/（法）卢梭（Rousseau, J. J）著；色依提• 铁力瓦地译. — 北京：民族出版社，2012. 4

ISBN 978-7-105-12125-0

Ⅰ. ①论… Ⅱ. ①卢…②色…Ⅲ. ①哲学理论—法国—近代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①B565. 26

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 071175 号

**责任编辑**：卡哈尔•普拉提
**责任校对**：胡达拜的
**出版发行**：民族出版社　　http://www.mzcbs.com.
**社　　址**：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
**电　　话**：010-64290862（维文室）
**印　　刷**：北京市迪鑫印刷厂
**版　　次**：2012 年 6 月 第 1 版　　2012 年 6 月 第 1 次 印 刷
**开　　本**：850×1168 毫米 大 32 开
**印　　张**：6. 375
**定　　价**：12. 00 元

ISBN 978-7-105-12125-0/B. 530 (维 56)